# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学

**1996. 1**



ISSN 1002-9052

**SOCIAL SCIENCE IN XINJIANG**

ОБЩЕСТВЕННЫЕ НАУКИ В СИНЬЦЗЯНЕ

## «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1996-يىللىق 1-سان

(ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەشر ئەپكارى)

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال
مەسئۇلىيەتچى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى
ھەر پەسىلنىڭ 3-ئېيىنىڭ 5-كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ.

(ئومۇمىي 58-سان)
باش مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن
بۇ سانىنىڭ ئىجرائىي تەھرىرى:
دىلارا خەمىت


* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

# مۇندەرىجە

## ئىقتىساد، سىياسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى


شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈنۈمى ئۈستىدە تەھلىل ........ ۋۇيىڭجى، رېن چۇڭگۇاڭ 1

شىنجاڭدا مەبلەغنى قايسى تەرەپلەرگە سېلىش ۋە قانداق جايلاشتۇرۇش كېرەك ........ سۇي گۇاڭلىيەن 4

ھەر مىللەت پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ........ نۇردۇن قۇربان 8

تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش توغرىسىدا ........ ئۆمەر بەكرى 12

شىنجاڭ بىلەن دېڭىز بويى رايونلىرى ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ........ ئىلھام ياسىن 15

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا ........ مۇزەپپەر مۇھەممەت 18


## تارىخ، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى


شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى ........ چېن گې 21

جۇرجان خانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشى ........ شۆز ۋجېڭ 32

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى كانچىلىق سانائىتى ........ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 41

چىلاڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى
................................... نۇرۇللا مۆمىن 50
ئۇيغۇر مىنياتۇر سەنئىتىنىڭ غەربىي ئاسىياغا تارقىلىشى .................. يۈسۈپجان ياسىن 57
قەدىمكى خوتەن بوستانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە .................. نىزامىدىن توختى 61
قاغقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلار ..........
.................................. ئابلەت نۇردۇن تەييارلىغان 64
موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىككى نەپەر غەربىي يۇرتلۇق مۇسۇلمان سىياسىئون - يالۋاچ
ۋە مەسئۇد بەگلەر توغرىسىدا .............................. چېن گوگۇاڭ 67
شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا .............................. مۇھەممەت ئوسمان 71
مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب شاھ مەھمۇد جورراس .............................. تۇرسۇن پىداقۇل 73
غەربىي يۇرت زوروئاستىر دىنى توغرىسىدا بايان .............................. گاۋيۇڭجيۇ 76
تۈرك دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى .............................. يۇنۇسجان ئىبلى 80

## دىن، يازما يادىكارلىق تەتقىقاتى

مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى .................. ئەركىن ئەرشىدىن 90
«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» توغرىسىدا تەتقىقات ...... ئىسمايىل تۆمۈر تەييارلىغان 83
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى روھ قاراشلىرى توغرىسىدا ........ ئىقبال تۇرسۇن 93
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئون تۆتىنچى بابى «چىنتا مانى» ................
..................... مېھرىگۇل ماموت تەييارلىغان 97
«دىنىي قىزغىنلىق» نىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەسىرى .................. ئەخمەتجان ھەسەن 101
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىگە نەزەر ..........
................................ تاھىرجان مۇھەممەت 105
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تاماق تۈرلىرىگە ئائىت سۆزلەملەر توغرىسىدا..........
................................ قەمبەرنىسا مۇھەممەت 109

## تىل تەتقىقاتى ۋە باشقىلار

«ماناس» ئېپوسىنىڭ ئېلىمىزدە بەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى .................. ئابدۇرەئوپ پولات 114
باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈش
قائىدىلىرى توغرىسىدا .............................. كۈرەش تاھىر 119
رېئال گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى .............................. سەنئەت ھوشۇر 123

كوررېكتور: رۇقىيە سىدىق

# شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈنۈمى ئۈستىدە تەھلىل

ۋۇيىڭجى، رېن چۇڭگواڭ

90-يىللاردىن بۇيان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تىكلىنىشى ۋە كەسپ سىياسىتىدىكى غەربكە ئېغىش ستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا تېز ئېشىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. 1990-يىلىدىن 1994-يىلىغىچە، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %11.8 ئاشتى. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى %35.47 ئاشتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى %17.52 ئاشتى. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش خىزمەت كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %21.57 ئاشتى. لېكىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا يەنە بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ماكرو ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا داۋالغۇش بىر قەدەر چوڭ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بولۇپمۇ ئىچكىرىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى پەرق بارغانسېرى چوڭايماقتا. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن ئۈنۈمنىڭ ئېشىشى ماسلىشالمىغاچقا بەزى تەرەپلەردە ئىقتىسادىي ئۈنۈم داۋاملىق تۆۋەنلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە كۆرۈلىدۇ.

1. ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى ئاستىلاپ، ئومۇمىي ئۈنۈم تۆۋەنلەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن بولغان پەرق چوڭايدى.

2. مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلىمەكتە. شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيە، خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسىي بازىسى بولغاچقا 80-يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلەغ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ مەبلەغقە يۆلىنىۋېلىش خاھىشىمۇ كۆپەيدى.

3. قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمىمۇ شىددەت بىلەن تۆۋەنلىمەكتە.

شىنجاڭنىڭ ماكرو ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق، مۇقىم ئاشۇرۇش ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە. نۆۋەتتە ۋە كەلگۈسىدىكى بىر مەزگىل ئىچىدە ھەر خىل ئامىللارنىڭ چەكلىشى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن، بولۇپمۇ شەرقىي دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقى يەنە داۋاملىشىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى پەرقنى تەدرىجىي تارايتىش ئۈچۈن، چوقۇم ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قارىغۇلارچە مەھسۇلات

مىقدارىنى قوغلىشىدىغان كونا كۆز قاراشنى بۇزۇپ تاشلاپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش بىلەن تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ئايلىنىشىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

1) شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ 70 پىرسەنتكە يېقىن كەسپىي يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى شۇ يىلقى ۋە كېيىنكى يىللاردىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشىغا، ئۈنۈمىنىڭ ياخشى-ناچار بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ داۋالغۇشى سانائەت، بولۇپمۇ يېنىك سانائەتنىڭ داۋالغۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق، ساغلام، ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشى خېلى دەرىجىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇقىم ۋە ماسلىقىغا باغلىق. بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېزا ئىگىلىكنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت توپ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ۋە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ يېرىك يېزا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، «ئەلا، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك» يېزا ئىگىلىك نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاشلىق، كېۋەز، ماي، قىزىلچا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەۋزەللىكنى جارىي قىلدۇرۇپ ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تاۋار ئىگىلىككە ئۆتۈش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، قۇم، شورنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، سۇغۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېچىش قابىلىيىتى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. تۆتىنچىدىن، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ۋە يېزا بازار كارخانىلىرىنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنى سەرخىللاشتۇرۇپ، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمىنىڭ يېزا ئىقتىسادىدىكى نىسبىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

2) كارخانا مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كارخانا باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. كارخانا ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى بولسا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىدىكى ئىچكى ئاساس ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىل. شىنجاڭدا ئىقتىسادىي ئايلىنىشنىڭ سۈپىتىنى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كارخانىلار ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار مۈلكىنىڭ ئايلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. بىرىنچى، «مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولۇش، مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق ئېنىق بولۇش، ئىلمىي باشقۇرۇش» تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇھىم كارخانىلارنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش سىناق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى پاي تۈزۈمى ۋە پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىگە پائال ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا قاراپ، ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، تالاشتۇرۇپ سېتىش، قوشۇۋېتىش ۋە ئومۇمنىڭ ئىلكىدە بولۇش خەلق باشقۇرۇش قاتارلىق باشقۇرۇش شەكىللىرىنى يولغا قويۇش لازىم. ئىككىنچى، داڭلىق مەھسۇلات ستراتېگىيىسى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تۈردە ئۇقتىلىق، قەدەممۇ-قەدەم يولغا قويۇپ، بازار ئېھتىياجىنى نىشان قىلغان

ئاساستا، ئىچكى بازار ۋە خەلقئارا بازارنى ئاكتىپ ئېچىش لازىم. ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلار ئارقىلىق بازارنى ئېچىشىنى، داڭلىق مەھسۇلات ئارقىلىق بازارنى ئىگىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش لازىم. ئۈچىنچى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن-تېخنىكا ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتىرىش كېرەك. بىر تەرەپتىن كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تەرەققىيات فوندىنى توپلاش ۋە كېڭەيتىش، مۇھىم نۇقتىنى سەرخىللاشتۇرۇش، مىقدارىنى ئاشۇرۇش، ساقلانغان مىقدارنى قوزغۇتۇش جەھەتكە قويۇپ، بىر تۈركۈم باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، كۆلىمى چوڭ، ئۈنۈمى ياخشى بولغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى ھەقىقىي تۇردە چىڭ تۇتۇپ، سانائەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئىسكىلىتىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى پاي قوشۇشقا، تېخنىكىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلەش ئۈنۈمىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتىرىش لازىم.

3) ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادنى ئۇدا، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنى سوتسىيالىستىك بازارنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىنى قۇرۇش تەلپىگە ۋە ماكرو ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نىشانىغا ئاساسەن، «تەشكىللەش، يېتەكلەش، ماسلاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەشنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، بىرلىككە كەلگەن، ئىلمىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە تەشكىللەش سىستېمىسىنى قۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى ماسلاشتۇرىدىغان باش قوشۇش يىغىنى تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئايلىنىش ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىرىش يۆلىنىشىنى ئۆز ۋاقتىدا نازارەت قىلىپ، مۆلچەرلەپ، مىكرو ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تەرجىمە قىلغۇچى: رەشىدە مامۇت

تەرجىمە تەھرىرى: جۇمەخۇن

# شىنجاڭدا مەبلەغنى قايسى تەرەپلەرگە سېلىش ۋە قانداق جايلاشتۇرۇش كېرەك

سۈي گۇاڭلىيەن

بىز XXI ئەسىرگە قاراپ قەدەم بېسىۋاتقان مەزگىلدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان ئېلىمىزنىڭ تونجى ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانىدا «رايونلار ئىقتىسادىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ ئېلىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي فاكتورلىرىنىڭ بىرى. تارىخىي سەۋەبلەر ۋە تەرەققىيات مۇھىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ رايونلار ئارا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مەلۇم پەرق بار. بۇ پەرق بارغانسېرى چوڭايماقتا. ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى تەخمىنەن 9%، شەرقىي رايونلارنىڭ 11-13% ئارىلىقىدا، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ 6-9% ئارىلىقىدا بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن ئەڭ تۆۋەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئوتتۇرىسىدا 7—8% پەرق بار. شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GNP نىڭ نىسبىتى 1:0.57:0.49، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەتنىڭ نىسبىتى 1:0.60:0.56 بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم سەۋىيىسىنىڭ پەرقى تېخىمۇ چوڭ. رايون ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان ئۆلكە، رايونلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي قىسىمدا، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولغان ئۆلكە، رايونلارنىڭ ھەممىسى غەربىي قىسىمدا. 9-بەش يىللىق پىلاندىن باشلاپ، دۆلەت تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىچكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلەتمەكچى. شىنجاڭ قانداق قىلغاندا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىدىكى پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز رايونىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تاپالايدۇ، ھازىرقى باسقۇچتىن قارىغاندا، مول يېزا ئىگىلىكى، كان بايلىقلىرى ۋە شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئىككىنچى ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىشى كېرەك.

## 1. تەبىئىي بايلىققا، كۆۋرۈككە تايىنىپ مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكى

1) مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات پىلانىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2) شىنجاڭنىڭ رايون ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

3) شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى رولى ۋە ئورنىنى تېزراق تىكلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## 2. بايلىققا، كۆۋرۈككە تايىنىپ مەبلەغ سالىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى

## تاللاش

مەبلەغ سېلىش ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ بىرىنچى تۈرتكىسى. مەبلەغ سېلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشى ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يەنىلا مەبلەغ سېلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مول يېزا ئىگىلىك بايلىقى ۋە كان بايلىقلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈلەش، ئاسىيا-ياۋروپا 2-قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ ئىقتىسادىنى قاناتلاندۇرۇش مەبلەغ سالىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تاللاشتىكى مۇھىم نۇقتا ۋە نىشان.

1) تەبىئىي بايلىققا تايىنىپ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى تاللاش. شىنجاڭنىڭ بايلىقى مول، تۈرى كۆپ، لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، پاختا ۋە نېفىت بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇش، يەنى «بىر قارا، بىر ئاق» تۈۋرۈك كەسىپنى ۋە مەبلەغ سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇش كېرەك. نۇقتىلىق يۆلەش، مەركەزلەشتۈرۈپ بۆسۈش، ئۇنۇمگە ئېتىبار بېرىش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي كۆلەم بەرپا قىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنى ۋە بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

① پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە چوڭ تاۋار پاختا بازىسى قۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، سۇ ئىشلىرى پاختا توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

② نېفىتلىك قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، نېفىت ئېچىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، نېفىت خىمىيە سانائىتى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

2) كۆۋرۈككە تايىنىپ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى تاللاش ئاسىيا-ياۋروپا 2-قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1995-يىل 6-ئايدا لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان قوش رېلىس پۈتۈپ رەسمىي قاتناش باشلىنىپ، شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتىدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرغان، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول قاتناش تورى شەكىللىنىپ، شىنجاڭنىڭ شەرقتىن كىرگۈزۈپ، غەربكە چىقىرىش ستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. تۆمۈر يولنىڭ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇشى شىنجاڭ ئىقتىسادىنى چوڭ كۆلەملىك ئېچىش قۇرۇلۇشنى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. قانداق قىلىپ بۇ خەلقئارا ئىقتىسادىي چوڭ يولغا تايىنىپ ئىچكى-تاشقى مەبلەغلەرنى تېخىمۇ كۆپ ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قوبۇل قىلىپ، ئۆز رايونىمىز ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بازارنى گۈللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكنىڭ قوش رادىئاتسىيىلىك رولىنى جارىي قىلدۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى.

① شىنجاڭ چېگرىسىدىكى قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى بويىدىكى ۋوگزال ۋە چېگرا ئېغىزلىرى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، كۆۋرۈك بويىنىڭ قاتنىش مۇھىتىنى ياخشىلاش كېرەك. قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ترانسپورتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا بولغان رادىئاتسىيە رولى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆۋرۈك بويى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە بازىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ قاتناش ئەۋزەللىكىنى ئوبوروت ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆۋرۈك بويىدىكى ۋوگزاللارغا مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، كۆۋرۈك بويىنىڭ قاتنىش مۇھىتلىرىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلاش قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستە. كۆۋرۈك بويىدىكى ۋوگزاللار، بولۇپمۇ مۇھىم ۋوگزاللار ئاساسىي ئەسلىھەلەرنى داۋاملىق ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى مۇھىت ۋە قۇرۇقلۇق

كۆۋرۈكى ئەسلىھەلىرىگە بولغان تەلەپكە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. چېگرا ئېغىزى قۇرۇلۇشىدا مۇھىمى شارائىتنى ياخشىلاش، ئېكسپورت، ئىمپورت ماللىرى توپلىنىدىغان-تارقىتىلىدىغان ۋە خادىملار كىرىپ، چىقىدىغان ئېغىز بولۇش سۈپىتى بىلەن سودا تورلىرى، پوچتا-تېلېگراف ئالاقىسى، مېھمانخانا مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مەبلەغ سېلىشنى يەنىمۇ چوڭايتىپ شارائىتنى ياخشىلاپ قۇرۇلۇق كۆۋرۈكنى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغان قىلىشىمىز لازىم.

② قۇرۇلۇق كۆۋرۈكى بويىدىكى بازارلارنىڭ كەسىپ پىلانى ۋە قۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇق كۆۋرۈكى ترانسپورتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چوقۇم قۇرۇلۇق كۆۋرۈكى بويىدىكى رايونلاردا مال ئېقىمى، ئادەم ئېقىمى، مەبلەغ ئېقىمى، تېخنىكا ئېقىمى ۋە ئۇچۇر ئېقىمىنىڭ كەڭ دائىرىدە ئالمىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ قۇرۇلۇق كۆۋرۈكى ترانسپورت سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان كەسىپ ھالقىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، قۇرۇلۇق كۆۋرۈكى بويى ئىقتىسادى ۋە رايون ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇق كۆۋرۈكنى ئاساسىي ئوق، كۆۋرۈك بويىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرلەرنى نۇقتا، نۇرغۇنلىغان كىچىك شەھەر-بازارلارنى تور قىلغان، شەرق بىلەن غەربنى بىرلەشتۈرىدىغان، جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە ئىقتىسادىي رادىئاتسىيە كۈچىگە ئىگە قۇرۇلۇق كۆۋرۈكى ئىقتىسادىي كارىدورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شىنجاڭ بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

## 3. تەبىئىي بايلىقتا، كۆۋرۈككە تايىنىپ مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش قىلىشتا سىياسەت جەھەتتىكى يېتەكچىلىك

تەبىئىي بايلىقتا، كۆۋرۈككە تايىنىپ شىنجاڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش مايىل سىياسەتنىڭ يۆلىشىگە مۇھتاج. مايىل سىياسەت نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئوخشاشلا سىياسەت جەھەتتىكى ئېغىشنىڭ يېتەكچىلىكىدە نامرات رايونلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ئۇنۇم نىسبىتىنى ئاشۇرۇش، مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى قاتارلىقلارنى داۋاملىق جەلب قىلىپ، بۇرۇنقىدەك «پايدا شەرقىي جەنۇبقا ئاقىدىغان»، «مەبلەغ شەرققە قاراپ ئاقىدىغان» ئەھۋالنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش كېرەك.

1) ھازىر بار سىياسەتلەرنى تولۇق، ياخشى ئىشلىتىش كېرەك. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايون بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ناھايىتى كۆپ ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن كونكرېت ئەھۋال ۋە تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن شۇ جاينىڭ ئۆزىدە مۇناسىپ كېلىدىغان يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، سىياسەتنىڭ ئۇنىۋېرسال رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش لازىم.

2) جانلىق، ئىشلىتىشكە باپ، يېڭى سىياسەتلەرنى بەلگىلەش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 15 يىللىق كەلگۈسى پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغلەرنىڭ شىنجاڭغا ئېقىشىنى تېخىمۇ ياخشى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكىنى جارىي قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە رايون تەرەققىيات سىياسىتىگە ئاساسەن، ئىككىسى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسەت بەلگىلەپ چىقىش لازىم. يېڭى سىياسەتنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، نەزىرىمىزنى سىرتقا سېلىشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى ئىچكىرىگە سېلىشىمىز كېرەك. شىنجاڭنىڭ

ئاساسي ئەسلەھەلىرى ۋە قۇرۇلۇش شارائىتى دېگەندەك مۇكەممەل بولمىغان شارائىتتا، نەزىرىمىزنى ئاۋۋال ئىچكى رايونلارغا تىكىپ سىياسەتنى ئىچكى رايونلاردىكى مەبلەغ سالغۇچىلارغا پايدىلىق قىلىشىمىز، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ شىنجاڭغا ئېقىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قىلىدىغان رايون ۋە تۈرلەرنى بەلگىلەپ ھەمدە بۇنى تايانچ قىلىپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بولۇپمۇ نېفىتلىك ئېچىش، قاتناش قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىچكى مەبلەغلەرنى جەلب قىلىشنى ئاساس قىلىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش پىلان ۋە سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە رايونلار ئارا كۆپ قاتلام، كۆپ ساھە، كۆپ شەكىللىك توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

3) ماكرو جەھەتتىن تەڭشەشنى كۈچەيتىش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر شاھمات تاختىسى، پۈتۈن مەملىكەت بىر شاھمات تاختىسى دەيدىغان ئىدىيىنى تىكلەپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. رايون ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلارغا ئېغىشىغا، رايون خاراكتېرىدىكى بىرلىككە كەلگەن بازارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. ئۇنۇمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئادىل بولۇشقىمۇ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە، بىر مەزگىل ئىچىدە بايلىقلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ غەربىي قىسىمغا ئېقىشى چوقۇم، بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزدە سەگەك تونۇش بولۇشى كېرەك. رايون ئىچىدە بايلىقلارنىڭ تارقىلىشى، ئىقتىسادىي ئاساس قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىپ، تەرەققىيات پىلانىنىڭ مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشىغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قارىغۇلارچە قۇرۇلۇش قىلىش، قايتا قۇرۇلۇش قىلىش ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولۇشتەك تۆۋەن قاتلاملىق تەكرارلىنىشتىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ يەرلىك، بىڭتۇەن، مەركەزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

4) پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، پەن-تېخنىكا، مائارىپنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. پەن-تېخنىكىغا بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ ھەمدە ئۇنى تېزلىكتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش تەبىئىي بايلىقتا، كۆۋرۈككە تايىنىپ تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاساسى. شىنجاڭدا ئىختىساس ئىگىلىرىمۇ، مەبلەغمۇ كەمچىل، ئىختىساس ئىگىلىرى تېخىمۇ كەمچىل، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش تېخىمۇ مۇھىم. شۇڭا، 1995-يىلى 8-ئايدا ئېچىلغان پەن-تېخنىكا يىغىنىدا پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى قىلىندى. تەرەققىيات ئىختىساس ئىگىلىرىگە باغلىق، ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىنىشكە باغلىق، شىنجاڭ مەبلەغ ئىنتايىن كەمچىل بولغان ئەھۋالدا، ئامالنىڭ بارىچە پەن-تېخنىكا، مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ داۋاملىق ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغاندىلا، ئاندىن بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلىگىلى ۋە ساقلىغىلى بولىدۇ.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى» ژۇرنىلىنىڭ 95-يىللىق 6-سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز مامۇت

تەرجىمە تەھرىرى: جۇمەخۇن

# ھەر مىللەت پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

نۇردۇن قۇربان

پەن-تېخنىكىنىڭ تېز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۆلەتلەر، رايونلار ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىساد، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە باشقا ساھە، كەسىپلەردىكى پەرق ۋە رىقابەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تالىشىش جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. شۇڭا، يېڭى بىر ئەۋلاد ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش — پەن-تېخنىكا تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنى، مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، سوتسىيالىزم ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى پەن-تېخنىكا ساھەسىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا. 90-يىللاردىكى پەن-تېخنىكا خىزمىتىنىڭ كۈرەش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ناھايىتى زۆرۈر.

1. ئىلىمىز پەن-تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا سەۋىيىگە ئىگە ئىلغار پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

2. زور بىر تۈركۈم ھەر مىللەت، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، پەن-تېخنىكا ۋە باشقا خىزمەتلەردىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ياش ئەۋلادلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

3. پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاپ، يېپىق ھالەتتىكى، تارماقلار ئىگىلىكىدىكى «تۆمۈر تاۋاق»، «داشقازان تامىقى» دىن ئىبارەت كونا تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، ئېچىۋېتىلگەن، جانلىق، پۈتۈن مەملىكەتكە، ھەر ساھە، ھەر خىل كەسىپلەرگە يۈزلەنگەن ھاياتىي كۈچكە، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېڭى تۈزۈلمە بەرپا قىلىش لازىم.

بۇ ئۈچ نىشان ئىچىدە، پەن-تېخنىكا قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە — زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش. 90-يىللاردا دۇنيا پەن-تېخنىكىسى تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلماقتا. بۇ تەرەققىيات دەۋرىدە سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ دۇنياۋى رىقابىتى تۈپ ئاساستىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمى جەھەتتىكى رىقابەت، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى رىقابىتى بولىدۇ. شۇڭلاشقا دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش-سۈرەلمەسلىك دۆلەتنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي تېخنىكا قوشۇنى تېز زورايدى. ھازىر تۈرى بىر قەدەر تولۇق، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق، 500 مىڭدىن كۆپرەك ھەر مىللەت كەسپىي پەن-تېخنىكا خادىملىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر قوشۇن بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى 100 مىڭغا يەتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ھازىر دۆلىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بىر ئېغىر مەسىلە تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يولى، فاڭجېنى توغرا بولۇش-بولماسلىقى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ يولنى، فاڭجېنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان زور تۈركۈمدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كەمچىل بولغانلىقى. شۇڭلاشقا، ھازىردىن باشلاپ تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى جىددىي تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز، ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. كىشىلەر شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلغاندىلا، ئاندىن ئىنسانىيەت نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ تېخىمۇ مەدەنىي جەمئىيەتكە ئايلىنالايدۇ. پەقەت بىلىمگە تايانغاندىلا، ئىختىساس ئىگىلىرىگە تايانغاندىلا خەلق بېيىپ دۆلەت قۇدرەت تاپالايدۇ. بۇ - نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.

پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا ئىختىساسلىقلار مەسىلىسى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق مەنبەسى جەھەتتىن قارىغاندا، بىز دۇنيا بويىچە ئەۋزەللىككە ئىگە ئەمەسمىز. بىراق ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىمىز. ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىمۇ دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا رىقابىتىدە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدىكى ئاچقۇچ — زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە كىرگۈزۈش، ئۇلارغا تايىنىش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش. سوتسىيالىزم ئىشلىرى مىليونلىغان ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج. ۋەھالەنكى، نۇرغۇنلىغان پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بەكمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. ھازىر بار ئىختىساس ئىگىلىرىمۇ ناھايىتى ئاز.

يېقىنقى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا 21 ئالىي مەكتەپ، 112 ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەش نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپتە بىر قانچە يىلدىن بۇيان جەمئىي 460 نەپەر ئاسپىرانت تەربىيىلەنگەن. ئازادلىقتىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 78 مىڭ 800، چوڭلار ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەر 60 مىڭ بولۇپ، جەمئىي 138 مىڭ 800 گە يەتكەن. ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 220 مىڭ، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەنلەر 80 مىڭ بولۇپ جەمئىي 300 مىڭغا يەتكەن. يۇقىرىقى ئىككى تۈرنى جەملىگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئازادلىقتىن بۇيان ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر جەمئىي 440 مىڭغا يېقىنلاشقان. پەن-تېخنىكا خادىملىرى 1985-يىلدىكى 138 مىڭ 300 دىن 1990-يىلدىكى 197 مىڭ 300گە، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغان زىيالىيلار 1985-يىلدىكى 1028 دىن 1990-يىلدىكى 16 مىڭ نەپەرگە يېتىپ 15 مىڭ نەپەر كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغانلار ئەسلىدىكى 135 نەپەردىن 2589 غا يېتىپ 2454 نەپەر ئاشقان. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغانلار 1985-يىلدىكى 21 مىڭ 730 نەپەردىن 1990-يىلدىكى 109 مىڭ 730 غا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز

سانلىق مىللەت خادىملىرى ئىسلىدىكى 2817 دىن 24 ھەسسىگە يەتكەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە تۆھپىسى بار 181 نەپەر مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى 32 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ 17.68 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەن ساھەسىدىكىلەر ئاران 12 نەپەرلا بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ ئاران 9.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىلگىرىكى يېپىق تۈزۈلمە ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىرقى پەن-تېخنىكا تايانچ خادىملىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 50 تىن ئېشىپ كەتتى. بۇ خادىملارنىڭ تەجرىبىسى مول، بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا يەنىلا مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، ئەمما بالدۇرراق تۇتۇش قىلىپ يېڭى ئەۋلاد ياش پەن-تېخنىكا باشلامچىلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپلەرنىڭ ئورۇنباسارلىرىنى تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتمىغاندا، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر — 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 21-ئەسىردىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىيات ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئوتتۇرا ياش يولداشلارنىڭ بىر مۇھىم مەسئۇلىيىتى - پەن-تېخنىكا ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشتىن ئىبارەت. ياشلار پەن-تېخنىكا ئىگىلەپ پىشىپ يېتىلگەن خىزمەتچى بولۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت، جاپالىق پەن تەتقىقات ئەمەلىيىتىدە چېنىقىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ھازىردىن باشلاپ ئۇلارغا شارائىت ۋە پۇرسەت يارىتىپ بەرمىسەك، ئېغىر ۋەزىپىنى يۈكلىمىسەك، بىرىنچى سەپتە چېنىقتۇرمىساق، يېڭى ئەۋلاد پەن-تېخنىكا باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرەلمەيمىز.

شۇڭا ئالدى بىلەن ماتارىيىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش، زور كۈچ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرى بىر قەدەر تولۇق، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن، ئاساسىي بىلىم كەسپىي سەۋىيىسى، ئىجادچانلىقى، پەن تەتقىقات ئەخلاقى، ئىدىيىۋى ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلار قوشۇنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش — غايىۋى ئۇلۇغ پىلان، دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، شۇڭلاشقا كۆرۈش نىشانىنى ئېنىق بېكىتىپ، ئەمەلىيەت بىلەن غايىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز، كۆڭلىمىزدە سان بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم:

1. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك كەسپىي تېخنىكا قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، رايون ۋە تارماقلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش پىلانى ۋە كەسپىي تېخنىكا قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىش لازىم. پىلان تۈزگەندە ئوتتۇرا ياش، ياش كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى رەھبەرلىكنى سىناش تۈرى ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىش لازىم.

2. ھەر قايسى جايلار ۋە تارماقلار ئوتتۇرا ياش، ياش تېخنىكا خادىملىرىغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى، ئۇلارنى ئىشچى-دېھقانلار بىلەن، ئەمەلىيەت بىلەن بىرلىشىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىشى، ئۇلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك ھايات قارىشىنى

تىكلىشىگە ياردەم بېرىشى، كەسپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شەخسىيەتسىز تۆھپە يارىتىش روھىغا ئىگە قىلىشى لازىم. ئۇلار بىلەن كەڭ پىكىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپىنى ئاڭلاش، خىزمەت شارائىتى، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىش لازىم.

3. كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىشنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر قايسى جايلار ۋە تارماقلار ئوتتۇرا ياش، ياش كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە زاپاس قوشۇن قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، پىلانلىق ھالدا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، زاپاس ئىلىم-پەن باشلامچىلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، تەربىيىلەش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ تېز ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون ھەر يىلى مەلۇم نىسبەتتە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش، ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاپ تەربىيىلەپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋاپىق ياردەم بېرىپ، ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىت تەربىيىلەشتىن سىرت، ئۇلارنى چەت ئەلدە بىلىم ئاشۇرۇشقا ياكى دۆلەت ئىچى، سىرتىدا مۇھىم مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇن ئايرىلىپ تۇرۇش، ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىشى تەس بولۇشتەك قىيىنچىلىقلىرىنى ئالدى بىلەن ھەل قىلىش لازىم.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، يېڭى ئەۋلاد پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتە يىراقنى كۆزلەش نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش، ئىسلاھات روھى بىلەن ياش ئىختىساس ئىگىلىرىگە يېڭى مۇھىت يارىتىپ بېرىش، يېڭى ئەۋلاد ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى 2000-يىلىدا يېڭى تۈزۈلمە شارائىتىدا خىزمەت قىلالايدىغان قىلىشىمىز لازىم.

كەلگۈسى ئون يىل دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق مەزگىل. بۇ مەزگىلدىكى تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ھەل قىلغۇچ ئامىل — ئوتتۇرا ياش، ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرى. بىز ئوتتۇرا ياش، ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تايانچلىق رولىنى داۋاملىق جارىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەش-ئون يىل تىرىشىپ، كېيىنكى ئەسىر ئۈچۈن خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىش، دۇنياۋى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. ئىشىنىمىزكى، يېڭى ئەۋلاد ياش ئىختىساس ئىگىلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش توغرىسىدا

ئۆمەر بەكرى

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر تايانچ كۈچىگە ئايلاندى. لېكىن ئاپتونوم رايونىمىز يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى چوڭ. جۈملىدىن يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1994-يىلى شەرقىي رايونلارنىڭ 17. 6037 يۈەن بولغان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بولسا 18. 422 يۈەن بولۇپ، شەرقىي رايونلار بىلەن بولغان پەرقى 14 ھەسسىدىن ئارتۇق. پەرقنىڭ بۇنداق چوڭ بولۇپ كېتىشىنى كۆپ خىل سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاساسلىقى — ئاپتونوم رايونىمىز يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى ئاستا، «ئۈچ كۆپ، ئۈچ ئاز» ئەھۋالى ئېغىر، يەنى ئاممىباپ مەھسۇلاتلار كۆپ، داڭلىق، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئاز؛ تۆۋەن دەرىجىلىك، پىششىقلاپ ئىشلىنىشى قوپال مەھسۇلاتلار كۆپ، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ئاز؛ ئادەتتىكىدەك سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلار كۆپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلار ئاز، رىقابەت كۈچى كەمچىل بولۇشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە مەركىزىي كومىتېت رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرقنى ھەل قىلىش، رايونلار ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش - بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە دەپ بەلگىلىدى ھەمدە 9-بەش يىللىق پىلاندىن باشلاپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، رايونلار ئارا پەرقنىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پەرقنى كىچىكلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىياسەت تەدبىرلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى جەزمەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، جۈملىدىن يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا:

بىرىنچى، ئۇل ئەسلىھەلىرىنى، باشلامچى كەسىپلەرنى ۋە تۈرلۈك كەسىپلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرىنى داۋاملىق تۈردە يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنىڭ نۇقتىسى قىلىپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە كەلگۈسى يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۈپ ئاساسى قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس قىلىنغان، يېزا 2.3-كەسىپنى يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق يۈكسىلىش نۇقتىسى قىلىپ، دۆلەت ئاشلىق بازىسى، پاختا بازىسى قۇرۇۋاتقان پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يېزا-ئىگىلىككە ياردەم بېرىدىغان تۈرلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، يېزا-ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن خىمىيىۋى ئوغۇت، يېزا-ئىگىلىك دورىلىرى قاتارلىق يېزا-ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق، يېزا-ئىگىلىكتە ئىشلىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى بولۇش، تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، يېزا-ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنغان ماددىي ئەشيالارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يېزا-ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەمگەك

مۇلازىمىتى ۋە تېخنىكا قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇلازىمەت تىجارەت گەۋدىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. مەسىلەن، يېزا-ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى دوختۇرخانىسى قاتارلىقلار. ئۈچىنچىدىن، مول يېزا-ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە قېزىلما بايلىقلارنى خام ئەشيا بازىسى قىلىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە كانچىلىق كەسىپلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا-ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ، يېزا-ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى كەڭ تەرەققىيات ماكانى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى يېزا-ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە بىر يۈرۈش مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، يېزا-ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى قىيىن، پايدىسى تۆۋەن ۋە تاۋار نىسبىتى يۇقىرى بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، كەسىپلەرنىڭ كېڭىيىش دائىرىسىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ بولغان ئالاقىدار كەسىپلەرنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، شۇ جاينىڭ يېتەكچى كەسىپى ۋە باشلامچى كەسىپكە ئايلاندۇرغىلى، يېزا-ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كەسىپلىشىشى ۋە كۆلەملىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ۋە مالىيە كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرى شەھەرلەردىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىش، ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار بىلەن بىرلىشىش يولىدا مېڭىشنى نىشان قىلسا، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ، بازاردا پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولىدۇ. شۇڭا، بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشى لازىم. بولۇپمۇ يېزا-بازار كارخانىلىرى يېنىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پارچە زاپچاسلىرى بىلەن دېتال زاپچاسلىرىنى ياساش، بايلىقنى دەسلەپكى قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەش ياكى مەخسۇس ھالقىلاردا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، بازار كاپالىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بازار تىجارىتىدە مەيدانغا كېلىدىغان نورمال بولمىغان رىقابەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى چىقىش قىلىپ، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆلەملىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك، جايلىشىشى تارقاق، شۇڭا، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۆلەملەشتۈرۈش، جايلىشىشنى مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. جايلىشىشنى مەركەزلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدا توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتىپ، كەسىپ ھالقىغان، رايون ھالقىغان، مۈلۈكچىلىك ھالقىغان ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى كۆلەملىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك، يۇقىرى قاتلاملىق ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم بىر مەزمۇن قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بىرىنچى، ئىككىنچى كەسىپنى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ۋە غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ھەجمى چوڭ، تۈرلىرى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ساپاسىغا بولغان تەلىپى بەك يۇقىرى ئەمەس. شۇڭا، ئۈچىنچى كەسىپكە نىسبەتەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن يار-يۆلەكتە بولۇپ، مۇۋاپىق يېتەكلەش لازىم. (1) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرى مۇكەممەل بولماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قاتناش-ترانسپورتنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، يولۇچىلارنى توشۇش تاۋار ئوبوروتىنى ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى نۇقتا قىلىپ، كەڭ دېھقانلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش لازىم. (2) پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر مۇلازىمەت

كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تورلۇق پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى كىرگۈزۈشنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. (3) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى قېرىنداش ئۆلكە ۋە دۇنياغا تونۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

تۆتىنچى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى، تېخنىكا قۇرۇلمىسىنى ۋە كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشنى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتىن ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۆز جايىنىڭ بايلىقىنى ئاساس قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ تۈرى ۋە سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش كېرەك، يەرلىك داڭلىق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارنى ئىگىلەپ، چوڭ كارخانىلارنىڭ بىر يۈرۈش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، بازار سودىسىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىدىن ساقلىنىش لازىم. ئىككىنچىدىن، تېخنىكا قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتىن ئېيتقاندا، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ھەمكارلىق ئارقىلىق، چوڭ ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ۋە پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۈنۈمى بولغان تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىدا يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى كارخانىلار ئۆزئارا بىرلەشكەن تېخنىكا قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن، سەرپىياتى يۇقىرى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇلغىشى ئېغىر بولغان يېزا-بازار كارخانىلىرىغا نىسبەتەن تاقاش، قوشۇۋېتىش ياكى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كىچىك تىپتىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنى ئۆزئارا ھەمكارلاشتۇرۇش ئارقىلىق چوڭ گۇرۇھقا ئايلاندۇرۇش، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازاردىكى چوڭ ئوبوروتقا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، بولۇپمۇ ھەسسىدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ مۈلۈك ھوقۇقى راۋانلىشىدىغان، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت ئېنىق بولىدىغان، باشقۇرۇشى ئىلمىي دېموكراتىك بولغان كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

بەشىنچى، ھەر قايسى جايلار ئوتتۇرىسىدا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ زۆرۈر تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تارىم ئەتراپىدىكى رايونلىرى نېفىت، پاختا، ئەلا سۈپەتلىك قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە بايلىقىغا، شىمالىي شىنجاڭ ئاشلىق، قىزىلچا، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، رەڭلىك مېتال بايلىقىغا، شەرقىي شىنجاڭ نېفىت، تۇز ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر بايلىقىغا تايىنىپ، ھەر قايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە رايون ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك①. شۇڭا، يېزا-بازار كارخانىلىرىغا نىسبەتەن تور تەستىقلاش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

ئىزاھ:

---

① ئابلەت ئابدۇرېشىت: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى ھەققىدە ئىزاھات»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، 1995-يىل 11-ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى سانى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ سىفەن داشۆ قانۇن-ئىقتىساد فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

# شىنجاڭ بىلەن دېڭىز بويى رايونلىرى ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

ئىلھام ياسىن

## 1

شىنجاڭ بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقنى پەيدا قىلغان. جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دېڭىز بويى رايونلىرى ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ دەرۋازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئېغىرى ۋە تەجرىبە ئېتىزىغا ئايلاندى. ئارقىدىنلا دۆلەتنىڭ ستراتېگىيىلىك سىياسىتى ۋە خەلقئارا چوڭ مۇھىتنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىنى بىرلەشتۈرۈپ، بازار مۇھىتىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى جانلاندۇرۇپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۈرسەتكۈچلەرنى يىلمۇ-يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئىقتىسادنى ناھايىتى تېز راۋاجلاندۇردى. ۋاھالەنكى بايلىق زىچلىقىنى ئاساس قىلغان، تەرەققىيات جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە دەپ قارىلىپ كەلگەن شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىلگىرىكى ئون نەچچە يىللىق ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇساپىسىدا ئىككىنچى ئورۇندىكى زاپاس كۈچ قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقىم بولغان ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان كونسېرۋاتىپلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويدى. بۇلار شىنجاڭ بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايونلار ئارىسىدىكى پەرقنى شەكىللەندۈردى. بۇ پەرقلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىن قارىغاندا، 1980-يىلى شىنجاڭ شاڭخەيگە قارىغاندا 2333 يۈەن، گۇاڭدۇڭغا قارىغاندا 68 يۈەن ئاز ئىدى. 1992-يىلغا كەلگەندە شاڭخەيگە قارىغاندا 8200 يۈەن، گۇاڭدۇڭغا قارىغاندا 1800 يۈەن ئاز بولدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى سەۋىيىسى جەھەتتە، 1980-يىلى شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 3-ئورۇندا، شاڭخەي 5-ئورۇندا، گۇاڭدۇڭ 11-ئورۇندا تۇراتتى. 1993-يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ 11-ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. شاڭخەي 1-ئورۇنغا، گۇاڭدۇڭ 2-ئورۇنغا ئۆتتى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى جەھەتتە، 1980-يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 201 يۈەن بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 9.7 يۈەن يۇقىرى، شاڭخەيدىن 2009 يۈەن، گۇاڭدۇڭدىن 94 يۈەن تۆۋەن ئىدى. مەملىكەت بويىچە 11-ئورۇندا تۇراتتى. 1992-يىلى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 44 يۈەن، شاڭخەيدىن 1458.9 يۈەن،

گۇاڭدۇڭدىن 7 .567 يۈەن تۆۋەن بولدى. 1993-يىلىغا كەلگەندە مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 78 .143 يۈەن تۆۋەن بولۇپ 19-ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. سانائەتنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىدىن قارىغاندا 1980-يىلدىن 1990-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شاڭخەي بىلەن گۇاڭدۇڭنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى %30 تىن يۇقىرى بولدى. شىنجاڭنىڭ ئارانلا %3 .9 بولدى، 1994-يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %50تىنى ئىگىلىدى. لېكىن، شىنجاڭنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %10 كىمۇ يەتمەيدۇ. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئارانلا 34 .12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. جەمئىيەتتىكى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى جەھەتتە 1990-يىلى شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 20-ئورۇندا، شاڭخەي 22-ئورۇندا، گۇاڭدۇڭ 1-ئورۇندا تۇراتتى. 1993-يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ 8-ئورۇنغا، شاڭخەي 24-ئورۇنغا، گۇاڭدۇڭ 25-ئورۇنغا ئۆتتى.

دېمەك، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر بولۇپمۇ، دېڭىز بويىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇد بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە داۋاملىق كېڭىيىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەرقنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ھەم ئۇنى ئىلمىي تەھلىل قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق پەرقنى ئازايتىشىمىز ھەتتا ئاخىرى يوقىتىشىمىز لازىم.

## 2

ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تارىخنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن تەبىئىي ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شەرت-شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە چوقۇم تارىخىي نۇقتىنەزەر بويىچە، ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن توغرا يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ. شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئارىسىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ياكى سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا ئۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. 1) جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ قوش بېكىنمىچىلىكى. شىنجاڭ ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان، دېڭىز ئوكياندىن ناھايىتى يىراق. ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، مول-يېغىنى ئاز، قۇملۇقنىڭ كۆلىمى چوڭ، قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن، بوستانلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان نىسبىي مۇستەقىل ئىقتىسادىي رايونلارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ رايونلار تاغلار، قۇملار ۋە چۆل-جەزىرىلەر بىلەن ئورىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قاتناش ئالاقىسى شالاڭ، ھەر قايسى رايونلار ئارىسىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش نىسبىتى تۆۋەن، ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ بوستانلىق دائىرىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە بايلىقلارنىڭ ئاز كۆپلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، بۇ، ھەر قايسى چوڭ-كىچىك بوستانلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال پائالىيەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ-كىچىك بوستانلىق دائىرىسى ئىچىدە ئۆز-ئۆزىنى دەۋر قىلىپ ئېلىپ بېرىشتەك مەلۇم بېكىنمە ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. 2) ئىقتىسادىي ئاساسنىڭ بىر قەدەر ناچار، مالىيە كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئىقتىسادىدا تەبىئىي ئىگىلىك مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، سانائەتلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، سانائەت ئۈسكۈنىلىرى كونا، ھۈنەر سەنئىتى قالاق، يېزا ئىگىلىك ئاساسى ئاجىز، ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى يۇرۇۋشلەشمىگەن بولۇپ، سېلىنمىسى يېتەرلىك ئەمەس.

مەبلەغ ناھايىتى كەمچىل، مالىيىنىڭ ئىسلاھاتنى كۆتۈرۈش كۈچى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش كۈچى ئاجىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۆزىمىزدە بار مەبلەغلەرمۇ «يۇقىرى ئۆسۈم» نىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن شەرقىي جەنۇبقا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ. كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش ئەھۋالى ئېغىر، دۆلەت ئۈچۈن مەبلەغ جۇغلاش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى 165 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلار ئىچىدە نۆۋەتتە زىيان تارتىۋاتقىنى 100 گە يېتىدۇ.

3) تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر سەۋەب. بىرىنچى، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، شىنجاڭنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن سالمىقى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، سانائەت ئاساسى ئاجىز. سانائەت جەھەتتە خام ئەشيا سانائىتىنىڭ سانائەتتە ئىگىلىگەن سالمىقى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئارقىدا قالغان. ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى چوڭ-كىچىك رايونلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە سانائەتنىڭ جايلىشىشى ناھايىتى تەكشىسىز بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان مەركىزىي رايون، ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان رايون ۋە تەرەققىي قىلمىغان رايوندىن ئىبارەت 3 بەلباغقا بۆلۈنگەن بولۇپ، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەركىزىي رايون ۋە قىسمەن ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان رايونلارغا جايلاشقان. ئۈچىنچى، مەھسۇلاتلار قۇرۇلمىسى جەھەتتە خام ئەشيا ۋە دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سالمىقى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سالمىقى خېلىلا تۆۋەن. يۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك ئەلا سۈپەتلىك، داڭلىق مەھسۇلاتلار ناھايىتى ئاز. تۆتىنچى، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى تازا مۇۋاپىق ئەمەس. يەنى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ناھايىتى كۆپ. ئەمما يېزا ئىگىلىكى، ئېنېرگىيە، قاتناش ترانسپورت ۋە پوچتا-تېلېگرافقا سېلىنغان مەبلەغ ئاز.

4) ئىدىيىنىڭ ئازاد، تونۇشنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئاساسلىق ئىپادىسى، ئىدىيە ئازاد بولماي كۆز قاراشنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى، ئوبيېكتىپ سەۋەب ۋە تارىخىي سەۋەبلەرنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ «ساقلاش، يۆلىنىۋېلىش، ئېلىش» ئىدىيىسىنىڭ ئېغىر بولۇشى، «بايلىقنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى» دىن ئەندىشە قىلىپ، ئەنئەنىۋىي ئىگىلىكنىڭ بولۇپمۇ پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماسلىق سەۋەبىدىن تاۋار ئىگىلىكى ۋە بازار ئىگىلىكى قارىشىنىڭ كەمچىل بولۇشى، رىقابەتلىشىش پسىخىكىسىنىڭ ئاجىز بولۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆ تەشۋىقات بۆلۈمى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ماموت

# دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا

مۇزەپپەر مۇھەممەت

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيىسى—يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش»، «مىللىي باراۋەرلىك» قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ ئۇل تېشى ۋە ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. نەزەرىيىۋى ئاساسى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تۆۋەندىكى ئىككى قاتلام بويىچە چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرىنچى قاتلامنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى:

(1) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پرىنسىپى. بۇ، ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭمۇ پەلسەپىۋى ئاساسى.

(2) مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، مىللەتنىڭ پەيدابولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. مىللىي مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەم پەيدىنپەي ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىنىشى — بۇمۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيىسى مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى.

(3) مىللىي مەسىلە-ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇمۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدىكى مۇھىم پرىنسىپلاردىن بىرى. بۇ پرىنسىپلارنىڭ مەزمۇنلىرى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىملىقققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت مەزمۇنلىرى ئىنتايىن مول. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسى سوتسىيالىزمنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي مەسىلىسى داۋامىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى، جۈملىدىن مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئەنە شۇ پرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە شەرھلەنگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» نىڭ ئىقتىسادىي ستراتېگىيىلىك نىشانى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ پرىنسىپى.

ئىككىنچى قاتلامنىڭ مەزمۇنى: مىللىي باراۋەرلىكتىن ئىبارەت. مىللىي باراۋەرلىك—ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ تۈپ ماھىيىتى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ ئاساسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە

ۋارسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەردى. مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئالاھىدە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئېتىبار بېرىش جەھەتلەردە بىر مۇنچە سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ ۋە يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت تەرىپىدىن «ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا ياردەم بېرىش تەرەققىيات مەبلىغى»، «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ياردەم پۇلى»، «مالىيىدىن بېرىلىدىغان نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى» دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس تۈردىكى كۆپ خىل مەبلەغ تەسىس قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى. سېلىنما، قەرز پۇل، باج، جۇملىدىن ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، ترانسپورت، سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز جايىدىكى بايلىقلارنى ئېچىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مەدەت بېرىلدى. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا «ئىشلەپچىقىرىشنى يىلدىن-يىلغا راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادنى يىلدىن-يىلغا گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يىلدىن-يىلغا ياخشىلاش» توغرىسىدىكى يوليورۇقى بويىچە، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش روھىنى جارىي قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

جۇڭگو قەدىمدىن بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. تارىختىن بۇيان، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى تەرەققىياتلىرى ئوخشاش بولمىدى. بۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ، مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىكى پەرقىنى شەكىللەندۈردى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تارىخ قالدۇرۇپ كەتكەن مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقلارنى تۈگىتىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى پەرقنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش جەريانى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدۇر. ئىسلاھات يولغا قويۇلغان، سىرتقا قارىتا ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىۋاتقانلىقى جۇڭگودا مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇرەككەپ تارىخىي-جەريان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

### 2. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى — ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە

يەتكەن چاغدىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش تۈۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ ئىقتىسادىي ئەندىزىسى— ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش ھەم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان ئىچكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ سىياسىي ئاساسى.

ئۈچىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى.

تۆتىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى.

3. ئەخلاق، قانۇن ۋە ئىلىم-پەن تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتى، ئورتاق ئارزۇسى ھەم دەۋرنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا بۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كاپالەت سىستېمىسى بولۇپ، بۇ سىستېمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنى شەرەپ دەپ قاراش.

ئىككىنچى، سىياسىي-قانۇنىنىڭ كاپالىتى.

ئۈچىنچى، ئورتاق گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسى ئارقىلىق يۇقىرى پەن-تېخنىكا سىياسىتىنى بەلگىلەش.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مىللەت نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئەھمىيىتى بولسا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ ھازىرقى تارىخىي باسقۇچتىكى ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى پارچە-پۇرات ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق ھالدا، ئۆلۈك ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتكە تەدبىق قىلغان ھالدا ئىگىلەپ، جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى ھەم دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى چىقىش قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ھەم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان مىللىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ۋە مىللىي باراۋەرلىكنى ھەم ئورتاق گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-، 3-توم.

② «تارىخ ئېقىمى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ «يولداش جياڭ زېمىننىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزى»، ئۇيغۇرچە.

④ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كاتتا مەربىكىسى»، ئۇيغۇرچە.

⑤ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، ئۇيغۇرچە.



(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى)


مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى(داۋامى)

## چېن گې

سىداۋگۇ، مورى دەرياسىنىڭ بويى، 61، 63 كىلومېتىر، شىنخۇ، بەنجېگۇ، شۈيموخې دەرياسى بويى، جىشىنلىيالڭ گېدا، بەيياڭخې، غەربىي كارىز ۋە زالۇەنگاڭلاردىكى خارابىلىقلار بىر ئاز ئوخشىشىدۇ، مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشلىق بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىداۋگۇ خارابىلىقى كىچىك دائىرىدە قېزىلىپ، 200 كۋادرات مېتىردەك يەر ئېچىلغان بولۇپ، ئۆي ئىزى، كولۇلڭ ۋە شامگۇر ① ئىزى تېپىلغان، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئېنىق ئەمەس، پەقەت تۈۋرۈك ئىزى ۋە ئوچاقلا ئۇچرىغان، كولۇڭلارنىڭ شەكلى بىر خىل ئەمەس؛ گۆرلەرنىڭ بەزىلىرى تىك ئورا شەكلىدە، بەزىلىرى گەمە شەكلىدە. ھەر بىر گۆرگە بىر ياكى ئۈچ كىشى قويۇلغان. مېيىتلەر پۇتىنى سۇندۇرۇپ ياكى يىغدۇرۇپ، بېشىنى غەربكە ياكى جەنۇبقا قىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. يەر ئاستىدىن ساپال، تاش، سۆڭەك، مىس بۇيۇملار چىققان. ساپال بۇيۇملار قۇم ئارىلاش قىزىل ساپالدىن قول بىلەن ياسالغان، بۇيۇملارنىڭ يۈزى سىدام، بەزىلىرىنىڭ گىرۋىكىدە كىچىك تۈشۈكلەر بار. ساپال بۇيۇملار ئىچىدە ئاپقۇرا، قوش قۇلاقلىق تەشتەك، بىر قۇلاقلىق خۇمرا، بىر قۇلاقلىق پىلچەك، قازان، سوزما، تەخسە قاتارلىقلار بار. مەلۇم مىقداردا رەڭلىك ساپال، سىرتى قىزىل، قارا ياكى قىزىل بوياقتىن گۈل سىزىلغان ساپاللار بار. گۈل—سىزىقلىرى تورسىمان كاتەكچە سىزىق، چۆگۈلمەچ سىزىق، ئەگرى-بۈگرى سىزىق، تىك سىزىق، تول سىزىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاش بۇيۇملاردىن چوقۇپ ياسالغان ئىنچىكە تاش بالىچۇق، تاش ياپراق ۋە سۈركەپ ياسالغان تاش كومزەك، تاش سوقا، يارغۇنچاق، تاش كالتەك، تاش بەلچە، تاش چوت قاتارلىقلار بار. سۆڭەك بۇيۇملاردىن باشاق، بىگىز، يىڭنە، تارغاق قاتارلىقلار، مىس بۇيۇملاردىن پىچاق، ھالقا ۋە بىزەكلەر بار. توققۇزىنىڭ يىل دەۋرى كاربون 14 بىلەن ئۆلچەنگەن، ئۇلاردىن بىرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادى ۷ ئەسىر دەپ خاتا قارالغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000—100-يىللارغا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن. مورى دەرياسىنىڭ بويىدىكى خارابىلىق كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، تاش بالىچۇق، تاش ياپراق، تاش باشاق، تاش قىرغۇچ ۋە چوقۇپ، سۈركەپ ياسالغان تاش چوت، تاش پالتا، يارغۇنچاق، تاش پومزەك قاتارلىقلار يىغىۋېلىنغان. يەنە قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال، جۇملىدىن رەڭدار ساپال، تېگى قىزىل، گۈلى قارا، تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، تورسىمان سىزىق، تىك سىزىق چۈشۈرۈلگەن. بەنجېگۇ خارابىلىقىدىن بىر يەرنى قېزىپ باققاندا، نۇرغۇن ساپال ۋە تاش بۇيۇملار چىققان②. ساپال قاچىلارنىڭ تولىسى قۇم ئارىلاش قىزىل ساپالدىن قول بىلەن ياسالغان، ئاز ساندىكىلىرىدە زىچ سىزىق ۋە باسما سىزىقلار بار. بەزىلىرىنىڭ گىرۋىكىدە تۈشۈكچىلەر بار. ساپال بۇيۇملار ئىككى قۇلاقلىق قازان، ئىككى قۇلاقلىق خۇمرا، تەشتەك، سوزما قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، رەڭدارلىرى كۆپرەك، تېگى قىزىل ياكى سېرىق، گۈلى قىزىل، گۈل-سىزىقلىرى ئاساسەن تەتۈر ئۈچ بۇرجەك ۋە تورسىمان سىزىقلاردۇر. تاش قوراللار ھەممىسى سۈركەپ ياسالغان، ئاساسەن تاش پالتا، تاش سوقا، تاش

پومزەك، تاش ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆگمەنبېشى خارابىلىقى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلدى③، قېزىلدى، لېكىن ماتېرىيالى ئېلان قىلىنمىدى. ئۇ يەردىن ئۆي ئىزى، ئوچاق، كولۇڭ تېپىلدى، ساپال بۇيۇملار ۋە تاش قوراللار قېزىۋېلىندى ۋە يىغىۋېلىندى. ساپال بۇيۇملار ھەممىسى قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال، قول بىلەن ياسالغان، سىدام، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوش قۇلاقلىق خۇمرا، بىر قۇلاقلىق خۇمرا، قازان بار. تېگى قىزىل، ئۈستىگە تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، تورسىمان ۋە رومبا شەكىللىك سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن. تاش قوراللاردىن ئاساسەن پالتا، چوت، يارغۇنچاق، كومزەك، چوماق، قىرغۇچ قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار چوقۇپ ياكى سۈركەپ ياسالغان. باشقا خارابىلىقلاردا پەقەت تېخى تەكشۈرۈشلا ئېلىپ بېرىلدى، رەڭلىك ساپال ۋە تاش قوراللا تېپىلدى، ئالاھىدىلىكى يۇقىرىقى خارابىلىقلاردىكىگە ئوخشايدۇ ياكى ئوخشاپ كېتىدۇ.

قىرىمچى قەبرىستانلىقىدىن 32 گۆر قېزىلدى④، گۆرلەرنىڭ ئۈستىگە تاش، تاشنىڭ ئۈستىگە توپا دۆۋىلەنگەن. بەزىلىرىگە توپا دۆۋىلەنمىگەن، بەزىدە بىر نەچچە قەبرە تاش ياكى توپا بىلەن قوتانلانغان. بەزى تاش، توپا دۆۋىلىرى ئالدىغا ئادەم سۈرىتى ئويۇلغان تاش ياكى ئۇزۇنچاق تاش تىكلەنگەن. گۆرلەر ئىككى خىل بولۇپ، بەزى جەسەتلەر تىك قېزىلغان گۆر ئىچىگە قويۇلغان، بەزى جەسەتلەر تاش تاۋۇتقا سېلىپ، ئاندىن تىك گۆرگە قويۇلغان. بەزى چوڭ تاۋۇت ئىچىگە يەنە كىچىك تاۋۇت قويۇلغان. ھەر بىر گۆردىن ئومۇمەن بىر-ئىككى ئادەمنىڭ ئۈستىخىنى چىققان، جەسەتلەرنىڭ ياتقۇزۇلۇشى بىر خىل ئەمەس. يەنە بىر مۇنچە رەتسىز ئۈستىخان چىققان. ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ساپال بۇيۇملار، تاش بۇيۇملار، سۆڭەك، مىس بۇيۇملار بار. ساپال بۇيۇملارنىڭ تولىسى كۆلرەڭ، قول بىلەن ياسالغان ياكى قېلىپ بىلەن قويۇلغان. ئۈستىدە سوزغۇچ چىشىغا ئوخشاش سىزىق، جىجىلغان سىزىق، دولقۇنسىمان سىزىق بار. تۈر جەھەتتىن خۇمرا، زەيتۇن شەكىللىك قاچا، پۇرچاق شەكىللىك قاچا، چەينەك قاتارلىقلار بار. تاش قوراللاردىن قوتا، پىلىچەك، سوزما، چىراغ قاتارلىقلار بار. يەنە سوقا، باشاق، قوچاقلار بار. سۆڭەك قوراللاردىن باشاق، توقا، بىزەكلەر بار. مىس قوراللاردىن قىلىچ، نەيزە، باشاق، كۆزگۈلەر بار. تۆمۈر قوراللاردىن قىلىچ، توقا، مىخ قاتارلىقلار بار. بۇ قەبرىلەرنىڭ ۋاقتى بېرىلگەن خەۋەردە غەربىي خەن دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسىگىچە بولغان بىرەر مىڭ يىل ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن، بۇ تولىمۇ كېيىن بولۇپ قالغان. ئۇ يەردىن چىققان ھەر خىل بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، خەن دەۋرىدىن كېيىن ئەمەس. چۈنكى بۇ نەرسىلەر خەن دەۋرىدىن بۇرۇنقى تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى برونزا دەۋرىگە تەئەللۇق خارابىلىقلار ۋە قەبرىلەردىنمۇ تېپىلغانىدى. قەبرە بېشىغا تاش ئادەم تىكلەپ قويۇشمۇ سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگىلا خاس ھادىسە بولۇشى ناتايىن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چېچېن-ئىنگۇش رېسپۇبلىكىسىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI — V ئەسىرگە مەنسۇپ تاش ئادەم تېپىلغان⑤.

تىملىق قەبرىستانلىقى، 71-تۈەن 1-لىيەن بېلىق كۆلى خارابىلىقى، نۇراساي تېغى بىلەن پايىنەك تاغ مىس كانىدىكى كىمياگەرلىك خارابىلىقى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بار، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا خېلى كۆپ باغلىنىش بولسا كېرەك. تىملىق قەبرىستانلىقىدىن 15 قەبرە قېزىلدى⑥، ئۈستىدە توپا دۆۋىسى بار ئىكەن. بەزى توپا دۆۋىسى تاش بىلەن يۇمىلاق قوتانلانغان. بەزى توپا دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىدا گۆرنىڭ ئاغزىنى چۆرىدەپ تىزىلغان تاش بار ئىكەن. گۆرلەر ئىككى خىل بولۇپ، بەزىلىرى ئورا شەكلىدە، بەزىلىرى گەمە شەكلىدە قېزىلغان. بەزى گۆرنىڭ ئاستى سۇپا ئىكەن، بەزىلىرى تاش بىلەن تىندۇرۇلغان، بەزى گۆرلەر ئىچكىرى-تاشقىرى ئىكەن. ھەر بىر گۆرگە ئومۇمەن بىر ئادەم قويۇلغان، جەسەت ئوڭدىسىغا، پۇتىنى سوندۇرۇپ، بېشىنى كۈن پېتىشقا قىلىپ ياتقۇزۇلغان. بىر گۆرگە ئىككى

كىشى ۋە ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان ئەھۋالمۇ بار. جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئاساسەن قۇم ئارىلاش قىزىل ساپالدىن قول بىلەن ياكى چاق بىلەن ياسالغان چۆگۈن، خۇمرا، تەشتەك، سوزىملاردىن ئىبارەت. يەنە ساپلىق مىس كۆزگۈ، مىس چاچقىسقۇچ، مىس بىگىز، مىس باشاق، ئالتۇن يالىتىلغان يۆگىمەچ پۇتلۇق تۆمۈر كومزەكلەر بار. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 650-يىلى ۋە 250-يىلىنى كۆرسىتىدىغان ئىككى كاربون 14 لىك مەلۇمات بار⑦. 71-تۈمن 1-لىيەن بىلىق كۆلى خارابىلىقى قېزىلىپ، ئۆي، ئوچاق، كولۇڭ ۋە گۆر تېپىلدى⑧. ئۆي ئورنى يېرىم ئورا شەكلىدە، بەزىلىرى ئۇزۇن چاسا، بەزىلىرى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا ۋە چۆرىسىدە تۈۋرۈك بار. ئادەم ئولتۇرۇپ چىقىدىلىپ كەتكەن يەر، بەزىلىرىدە دۆڭ ئىشىك بار. ئوچاق، كولۇڭلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇن چاسا، بەزىلىرى يۇمىلاق، بەزىلىرى خالتا شەكلىدە. گۆرلەر تىك ئورا ۋە گەمە بولۇپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. بەزى تىك گۆرلەرنىڭ ئاستىدا ئىككى قەۋەت سۇپا بار. ھەر بىر گۆرگە بىر ئادەم ياكى بىر قېتىم دەپنە قىلىنغان، جەسەتلەر پۇتىنى سوزدۇرۇپ، بېشىنى غەربىي شىمالغا قىلىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، ئۇستىخانلار رەتسىز، ساپال، تاش، سۆڭەك، مىس ۋە تۆمۈر بۇيۇملار چىققان. ساپال بۇيۇملارنىڭ تولىسى قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال، قول بىلەن ياسالغان، سىدام، ئاز مىقداردا رەڭدار ساپال بار، گۈللىرى ئېنىق ئەمەس. بۇ بۇيۇملار خۇمرا، پىيالە، ھىجىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاش بۇيۇملاردىن يارغۇنچاق، سوقا، پومزەك ۋە توقماق بار. سۆڭەك بۇيۇملاردىن باشاق، پىچاق بار. مىس بۇيۇمدىن چاچ قىسقۇچ ۋە بىزەكلەر بار. تۆمۈر بۇيۇمدىن قىلىچ ۋە توقا بار. ئۇ يەردىن يەنە يۇكۇنۇپ تۇرغان قوچاق ئەسكەر، ئېگىز پۇتلۇق چاسا تەخسە، ھايۋان پۇتلۇق، تۆت قولاقلىق قازان، جۈپ يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق ھالقا، ئۇچۇۋاتقان ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق ھالقا ۋە قوڭغىراققا ئوخشاش ئالاھىدە چوڭ مىس بۇيۇملار بار⑨. نوراساي تېغى ۋە پايىنەك تاغدىكى مىس كېنى خارابىلىقى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلۈپ⑩، ئون نەچچە ئېغىز كان قۇدۇقى تېپىلدى، قۇدۇق ئىچىدە تومۇ ياغاچتىن قىلىنغان نورغۇن تىرەك بار ئىكەن. قۇدۇقلارنىڭ ئاستى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ، تور شەكلىنى ھاسىل قىلغان. كان قۇدۇقلىرىنىڭ سەل نېرىسىدا ئېرىتىش ئورنىنىڭ خارابىسى بولۇپ، ئۇ يەردىن ئېغىر تاش، ساپال، كاللەك مىس، رودا ۋە شاخار تېپىلغان، كاللەك مىسنىڭ ساپ مىس تەركىبى %60 چامىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 750-يىلى ۋە 500-يىلىنى كۆرسىتىدىغان ئىككى كاربون 14 لىك مەلۇمات بار.

قارا تۆپە، شاتەي، بوما، سارخىپ قەبرىستانلىقلىرىنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئوخشايدۇ، ئۇلار بىر مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ. ئۇلاردىن قارا تۆپىدە ئۈچ قەبرە⑪، سارخىپتىن تۆت قەبرە⑫، شاتەي، بومادىن 17 قەبرە قېزىلدى. لېكىن ماتېرىياللىرى رەسمىي ئېلان قىلىنمىدى، قىسقىچە تونۇشتۇرۇشلا بېرىلدى. بۇ گۆرلەرنىڭ ئۈستىدە چوڭراق ياكى ناھايىتى چوڭ توپا دۆۋىسى بار، گۆرلەر جەنۇبتىن شىمالغا قاتار قىلىپ تىزىلغان، توپا دۆۋىسىنىڭ ئاستىدا بىردىن تۆتكىچە گۆر بار. گۆرلەر تىك ئورا شەكلىدە قېزىلغان، گۆرلەرگە ياغاچ تاۋۇت ياكى ياغاچ ئۇسكەن قويۇلغان. ھەر بىر گۆرگە بىر ياكى ئىككى ئادەم قويۇلغان، بىر قېتىم دەپنە قىلىنغانلار بىلەن ئىككى قېتىم دەپنە قىلىنغانلار ئارىلاش. ئۇستىخانلار بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان، مېيىتلار پۇتىنى سۇنۇپ، بېشىنى كۈن پېتىشقا قىلىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئىچىدە ساپال، مىس، تۆمۈر، ئالتۇن، تاش سۆڭەك بۇيۇملار ۋە يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلار، شۇنىڭدەك سىرلانغان قاچىلارنىڭ پارچىلىرى بار. ساپال قاچىلار قۇم ئارىلاش ساپالدىن قول بىلەن ياكى چاق بىلەن ياسالغان، ساپال بۇيۇملار چۆگۈن، خۇمرا، تەشتەك، سوزما، تەخسە، چىراغپاي، بىر قولاقلىق پىيالىچەك، چەينەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايرىم رەڭلىك ساپاللارمۇ بار. تېگى ئاچ سېرىق، گۈلى قىزىل ۋە كىچماچ، يەنە تەتۈر ئۈچ بۇرجەك سىزىق،

كۆپ قاتلاملىق ئەگمە سىزىق، تور سىزىق، يېرىم يۇمىلاق سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن. مىس بۇيۇملاردىن قاچا، بىگىز، بىزەكلەر بار. تۆمۈر بۇيۇملاردىن پىچاق، بىگىز، مىخ، خەنجەر، چىش (يەر ھەيدەيدىغان) قاتارلىقلار بار. ئالتۇن بۇيۇملاردىن ئۈزۈك، زىرە ۋە قاداقلار بار. تاش، سۆڭەك بۇيۇملاردىن قوتا، باشاق ۋە بىزەكلەر بار. شاتېي، بوما قەبرىستانلىقلىرىدىن توققۇز كاربون 14 لىك تەجرىبە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 450-يىلدىن مىلادى 350-يىلغىچە.

چاۋۇخۇ جىلغىسى قەبرىستانلىقى، چوڭباغ قەبرىستانلىقى ۋە بوزدۆڭ قەبرىستانلىقى بىر خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارغا چاۋۇخۇ جىلغىسى مەدەنىيىتى دەپ نام بېرىلدى. چاۋۇخۇ جىلغىسى قەبرىستانلىقىدا بەش پارچە غۇژمەك قەبرە بايقالدى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر نەچچە يۈز قەبرە قېزىلدى، ئۇنىڭدىن ئۈچ قەبرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغىنى چاۋۇخۇ جىلغىسى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ⑬. گۆرلەرنىڭ ئۈستىدە تاش دۆۋىسى ياكى تاش قوتان بار. ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە كىچىك بالىنىڭ گۆرى ياكى ئات، كالىنىڭ بېشى كۆمۈلگەن ئورا بار. گۆرلەر تىك قېزىلىپ، تاش بىلەن ئېتىپ چىقىلغان. بەزىلىرىنىڭ ئاغزى شىبەن تاش ياكى ياغاچ بىلەن ئېتىلگەن. گۆرلەرنىڭ كۆپىگە كۆپ ئادەم ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان، ھەر بىر گۆرگە ئاز بولغاندا بىر نەچچە كىشى، كۆپ بولغاندا نەچچە ئون كىشى قويۇلغان، ئۇستىخانلار چېچىلاڭغۇ، ئاز ساندىكىلىرىنىڭ ئەسلى پېتى بۇزۇلمىغان، كۆپىنچىسى پۇتىنى يىغىپ، بېشىنى غەربىي شىمالغا قىلىپ، يېنىچە ياتقۇزۇلغان. پۇتىنى سۇنۇپ، بېشىنى باشقا تەرەپكە قىلىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغانلارمۇ بار. بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەردىن ئاساسەن ساپال، مىس، تۆمۈر، ياغاچ، تاش، سۆڭەك بۇيۇملار بار. ساپال بۇيۇملارنىڭ تولىسى قوم ئارىلاش قىزىل ساپال بولۇپ، قول بىلەن ياسالغان. ئاساسەن سىدام، بۇ بۇيۇملار جوغىلىق خۇمرا، بىر قۇلاقلىق، ئىككى قۇلاقلىق خۇمرا، بىر قۇلاقلىق پىيالىچەك، قازان، چۆگۈن، سوزما قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇم مىقداردا رەڭدارلىرى بار. ئاچ سىرىق ياكى قىزىل ساپال ئۈستىگە قىزىل ياكى قارا گۈل ۋە ئۈچ بۇرجەك سىزىق، تورسىزىق، كاتەكچە سىزىق، ئەگرى سىزىق، تىك سىزىق، رومبا شەكىللىك سىزىق، ئايلانما سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن. مىس بۇيۇملار قىلىچ، نەيزە، باشاق، بىگىز، ئۈزۈك، چاچ قىسقۇچ، كۆزگۈ، يۈگەن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆمۈر بۇيۇملار پىچاق، بىگىز، ھالقا، قازانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياغاچ بۇيۇملار تەخسە، قوشۇق، چۆچەك، ئوقيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاش بۇيۇملار يارغۇنچاق، بىگىز، يىپ چاقى قاتارلىقلارنى، سۆڭەك بۇيۇملار باشاق، مۇنچاق، يىپ چاقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاربون 14 بىلەن ئىشلەنگەن سانلىق مەلۇماتتىن 15ى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-500-يىللارغا توغرا كېلىدۇ ⑭.

چوڭباغ قەبرىستانلىقىدا ئۈچ پارچە قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى پارچىسىدىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەللىك نەچچە قەبرە قېزىلدى⑮. گۆرلەرنىڭ ئۈستىگە شېغىل ياكى توپا دۆۋىلەنگەن. ئۇنىڭ ئاستىدا بىردىن بىر نەچچىگىچە گۆر بار، بەزى گۆرلەرنىڭ چۆرىسىدە بالىلارنىڭ گۆرى، ئات، تۆگىنىڭ بېشى ۋە ئىت ئۆۋىسى بار. گۆرلەر تىك ئورا شەكلىدە قېزىلغان، بەزىلىرىنىڭ قىسقا كارىدورى بار. گۆرلەرنىڭ ئىچىگە تۇۋرۇك قويۇلغان، ئاغزى ياغاچ قاپقاق بىلەن ئېتىلگەن، تولىسى كۆيدۈرۈلگەن. ئايرىم قەبرىلەرنىڭ تېگىدە گۆر يوق، ياغاچ بىلەن يەر ئۈستىگە گۆر ياساپ دەپنە قىلىنغان. ئايرىم گۆرلەرگە بىر ئادەم قويۇلغاندىن باشقا، تولىسىغا كۆپ ئادەم، ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان. ئەڭ كۆپ بولغاندا نەچچە ئون ئادەم قويۇلغان، جەسەتلەر يا پۇتىنى يىغىپ، يېنىچە ياتقۇزۇلغان، يا پۇتىنى مۈندۈرۈپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، باش تەرىپى بىر خىل ئەمەس. بىللە كۆمۈلگەن ساپال بۇيۇملار ئاساسەن چاۋۇخۇ جىلغىسىدىكىگە ئوخشايدۇ. بىرلا يېرى، رەڭدار ساپال بۇيۇملارنىڭ گۈلى ئاددىيراق،

ئۇنىڭدىن باشقا مىس باشاق، مىس نەيزە، ساپلىق مىس كۆرگۈ، مىس قالقان، مىس توقا، تۆمۈر قىلىچ، تۆمۈر گۈرجەك، تۆمۈر ساپلىق خەنجەر ۋە بوغداي قاتارلىقلار بار. كاربون 14 لىك تەجرىبىدىن توققۇزى ئىشلەندى، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 950—600 ـ يىللارنى كۆرسىتىدۇ[16]. بوزدۆڭ قەبرىستانلىقىدىن ئىككى قەبرە قېزىلدى، بىرى مۇشۇ خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولسا كېرەك[17]. ئۇنىڭ ئۈستىدە رەتسىز تاش دۆۋىسى بار. گۆر تىك ئورا شەكلىدە قېزىلغان، قىسقا كارىدورى باردەك تۇرىدۇ. كۆپ ئادەم ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان، دەپنە قىلىنغان ئادەم 20. بىللە كۆمۈلگەن ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپى قۇم ئارىلاش قوڭۇر ۋە ساغۇچ ساپال، قول بىلەن ياسالغان، سىدام، جۇغىلىق خۇمرا، جۇغىلىق سوزما، بىر قۇلاقلىق خۇمرا، بىر قۇلاقلىق سوزمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە مىس چاچقىسقۇچ، مىس ئۈزۈك، مىس بىلەيزۈك، مىس توقا ۋە تۆمۈر قىلىچ، تۆمۈر باشاق، تۆمۈر قالقان، تۆمۈر ئىلمەكلەر بار.

زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن تۆت قەبرە قېزىلدى، ماتېرىيالى تولۇق ئېلان قىلىنمىدى، پەقەت قىسقىچە تونۇشتۇرۇشلا بېرىلدى[18]. گۆرلەر تىك ئورا شەكلىدە قېزىلغان، ئاغزى ياغاچ بىلەن ئېتىلگەن. گۆرگە پۈتۈن بىر پارچە ئات تېرىسى، بورا ۋە ئوت سېلىنغان. بىر گۆرگە كۆپ ئادەم قويۇلغان، بىر قېتىم دەپنە قىلىنغان ئەھۋالمۇ، ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان ئەھۋالمۇ بار. كۆپىنچە جەسەتلەر قۇرۇپ، بۇزۇلماي ساقلانغان، پۇتىنى يىغىپ، يېنىچە ياكى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، يۈزىگە سېرىق بوياق بىلەن گىرىم قىلىنغان، بەدىنىگە قارا بوياق بىلەن گۈل سىزىلغان. بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر كىگىز، تېرە كىيىم ۋە يۇڭ توقۇلما، ئوقيا، تەخسە، سوغا، چۆچەك، قوشۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساپال بۇيۇم ناھايىتى ئاز، رەڭگى قارا، سىدام بىر خىل سوزما ۋە خۇمرىلا بار. يەنە تەتۈر ئۈچ بۇرجەك گۈل سىزىلغان ئاز مىقداردىكى رەڭلىك ساپالمۇ بار. قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللارنى كۆرسىتىدىغان كاربون 14 لىك سانلىق مەلۇمات بار ئىكەن.

سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن 19 قەبرە قېزىلغان[19]، ھەممىسى تىك ئورا شەكلىدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭراق ئىككىسى بار، تۆت چاسا، بىر تەرىپىگە يول قالدۇرۇلغان، گۆرنىڭ ئىچىدە جەسەت قويىدىغان تاختىسراۋان بار، 100 دىن ئارتۇق ئادەم بىرگە دەپنە قىلىنغان. قالغانلىرى كىچىكرەك، چاسا، ئىچىدە تاۋۇت، توم ۋە يېرىم توم ياغاچتىن ياسالغان تۇڭ ۋە تەگنە قاتارلىق نەرسىلەر بار. بىر گۆرگە بىر ياكى بىر نەچچە ئادەم قويۇلغان، كۆپى پۇتىنى سوندۇرۇپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، پۇتىنى سوندۇرۇپ، دۈم ۋە يېنىچە ياتقۇزۇلغانلارمۇ، پۇتىنى يىغىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغانلارمۇ بار، باش تەرىپى بىر خىل ئەمەس. بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئاساسەن ساپال، ياغاچ، مىس، تۆمۈر بۇيۇملارنى، يۇڭ، تېرە، كىگىز كىيىملەرنى ۋە يۇڭ، مەشۇت، پاختا توقۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساپال بۇيۇملار قۇم ئارىلاش قىزىل، سېرىق ۋە قارا ساپاللار بولۇپ، ئاساسەن قول بىلەن ياسالغان، كۆپىنچىسى سىدام، ئاز ساندىكىلىرىگە تول سىزىق، ۋە تەتۈر ئۈچ بۇرجەك سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن. ساپال بۇيۇملار قوشماق قوتا، قوش قۇلاقلىق خۇمرا، بىر قۇلاقلىق خۇمرا، قوتا ۋە سوزمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياغاچ بۇيۇملار چۆچەك، ئاياق، كاساڭ، قوتا، تەخسە، تەگنە، تارغاق، بوزگۈچ، يا، ئوقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىس بۇيۇملار كۆرگۈ، بىزەكلەرنى، تۆمۈر بۇيۇملار پىچاق، ئورغاق ۋە يىگنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە تۇماق، چاپان، ئىشتان، ئۆتۈك، كەش، پايپاق، خالتىغا ئوخشاش يۇڭ، تېرە، كىگىز كىيىملەرمۇ بار. يۇڭ، مەشۇت، پاختا توقۇلمىلار ناھايىتى جىق، ماتا، داكا، چەكمەن، پالاز، يۇڭ بەلباغ، يۇڭ ئەلگەك، دۇردۇن، شايا، كىمخاب، تەشكىلىك قاتارلىقلار بار. بۇ توقۇلمىلار رەڭدار، گۈللىرى خىلمۇ خىل، ھەر خىل ھايۋان، گۈل-گىياھلارنىڭ، ئادەمنىڭ

سۈرىتى ۋە گېئومېترىيىلىك سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارپا، ئارپا نېنى، قوناق، قوناق نېنى ۋە قوناق ئۇممىچى ئۇچرىدى. كاربون 14 لىك ئۆلچەنگەن ئالتە سانلىق مەلۇمات بار، ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بىرىنىڭ يىل دەۋرى بالدۇر بولغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 350-يىلدىن مىلادى 250-يىللارغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

شامبابا قەبرىستانلىقىدىن 40 قەبرە قېزىلدى[20]. گۆرلەرنىڭ ئۈستىگە تاش دۆۋىلەنگەن ياكى ئۇلار تاش بىلەن يۇمىلاق، ئۇزۇنچاق، تۆت چاسا ۋە ئۇزۇنچاسا قوتانلانغان. گۆرلەر تىك قېزىلغان. ئايرىملىرى ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككى ئېغىز، بەزىلىرىنىڭ ئاغزى ياغاچ بىلەن بېكىتىلگەن، بەزىلىرىدە جەسەت قويغان ياغاچ ئۇسكەن بار. دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ئىككى خىل، بىر خىلى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان، بىر خىلى يەرگە دەپنە قىلىنغان، كۆيدۈرۈلگەنلەرنىڭ كۈلىلا قالغان، كۆمۈپ دەپنە قىلىنغانلار بىر قېتىم دەپنە قىلىنغان، ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان دەپ ئايرىلىدۇ. كۆپىنچە گۆرلەرگە بىر ئادەم قويۇلغان. تولىسى يېنىچە، پۇتىنى يىغىپ ياتقۇزۇلغان. پۇتىنى سۇندۇرۇپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغانلارمۇ، پۇتىنى يىغىپ، دۈم ياتقۇزۇلغانلارمۇ بار. باش تەرىپى بىر خىل ئەمەس. بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئاساسەن ساپال، مىس ۋە تۆمۈر بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساپال بۇيۇملار ھەممىسى قۇم ئارىلاش قىزىل ياكى كۈلرەڭ ساپال، قول بىلەن ياسالغان، تولىسى سىدام. ئاز ساندىكىلىرىدە ئېلىمەك سىزىق ۋە تىرناق ئىزى بار. ساپال بۇيۇملار قازان، خۇمرا، تاۋاق، سوزمىلارنى، مىس بۇيۇملار باشاق، قالقان، كۆپتۈرمە، بىلەيزۈك، زىرە، ئۈزۈك، قوينىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشايدىغان بىزەك قاتارلىقلارنى، تۆمۈر بۇيۇملار بەكە، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، نەيچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاربون 14 بىلەن ئۆلچەنگەن بەش سانلىق مەلۇمات بار، بىرىنىڭ يىل دەۋرى خېلى بالدۇر بولۇپ قالغاندىن سىرت، قالغانلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 900-500-يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقى خارابىلىقلار بىلەن قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىدە تۆمۈر قۇراللار ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللاردىن مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىگە توغرا كېلىدۇ. بەزى خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىقلاردا تۆمۈر قۇرال ئۇچرىمىغان ياكى ئۇلار كاربون 14 بىلەن ئۆلچەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن گۆرلەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە يادىكارلىقلاردىكى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، ئۇلار تۆمۈر ئۇچرىغان ۋە كاربون 14 بىلەن ئۆلچەنگەن خارابىلىقلار ۋە قەبرىلەرگە ئوخشايدۇ ياكى ئوخشاپ كېتىدۇ. قارىغاندا ئۇلاردىنمۇ تۆمۈر قۇرال تېپىلىشى ياكى ئۇلارنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى تەخمىنەن مۇشۇ دەۋرگە كىرىشى مۇمكىن. بۇ تۆمۈر قۇراللار ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەنلىكتىن، تەھلىل قىلىپ نەتىجە چىقارغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى، تۈرى كۆپ، بەزىلىرىنىڭ شەكلى خېلى مۇرەككەپ، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ مېتېئورىت تۆمۈر ئەمەس، سۈنئىي تۆمۈر، بەزىلىرى تېخى قۇيما تۆمۈر بولۇشى مۇمكىن. دۇنيا دائىرىسىدە مىلادىدىن 1000 يىل ئىلگىرى تۆمۈر ئومۇمىي تۈردە پەيدا بولغان[21]. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللاردىن باشلاپ نۇرغۇن جايلار دەسلەپكى تۆمۈر قۇرال دەۋرىگە كىرگەن[22]. شۇڭا بۇ خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىقلار دەسلەپكى تۆمۈر قۇرال دەۋرىگە كىرگۈزۈلسە بىر قەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ.

يۇقىرىقى تونۇشتۇرۇشلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدا دەسلەپكى تۆمۈر قۇرال دەۋرى باشلانغان ۋاقىت خېلى بۇرۇن، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۆمۈر قۇرال ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرى يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII-VI ئەسىرلەردە پەيدا بولغان[23] دېگەن قاراشتىن 300-400 يىل بۇرۇن. بۇ-شىنجاڭ رايونىدىكى دەسلەپكى تۆمۈر قۇرال دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. بۇ دەۋردە تاش قۇرال ئازايغان، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى كۆپ تۆۋەنلىگەن، مىس ۋە تۆمۈر قۇراللار ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرالى بولۇپ قالغان.

بەزى چوڭراق مىس بۇيۇملار، مەسىلەن، قوچاق گەسكەر، چاساتەخسە، قازان قاتارلىقلاردىن قارىغاندا، قۇيۇش تېخنىكىسى خېلى ياخشى. ئاش-تاماق سايمانلىرى ئاساسەن ساپال ۋە ياغاچ سايمانلار بولۇپ، ساپال سايمانلار ئىچىدە رەڭدار ساپال خېلى ئومۇملاشقان. ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا، برونزا دەۋرىدىن باشلاپ رەڭدار ساپال يوقالغان. شىنجاڭ رايونىدا بولسا رەڭدار ساپال دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگىچە ساقلانغان. بۇ — شىنجاڭدىكى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. بەزى خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىقلاردىن (ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋەجەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن) بۇغداي، ئارپا، تېرىق، كۆممىقوناق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ياكى تۆمۈر گۈرجەككە ئوخشاش ئاساسلىق دېھقانچىلىق قوراللىرى، شۇنىڭدەك ئات، كالا، قوي سۆڭەكلىرى ۋە يۇڭ توقۇلمىلار چىقتى. بۇ ھال دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ ئاساسەن ئوخشاشلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن تېخىمۇ كۆپ خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىقلاردا (كۆپى شىمالىي شىنجاڭدا) دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئاشلىق ئۇچرىماي، ئاساسەن چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئۇششاق سايمانلار ۋە ئات، كالا، قوي سۆڭەكلىرى، يۇڭ توقۇلمىلار ئۇچرىدى. بۇ ھال چارۋىچىلىقنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي فورماتسىيىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇنداق بىر خىل ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرسە كېرەك، يەنى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدە، شىنجاڭدا چارۋىچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، نۇرغۇن جايلاردا چارۋىچىلىق دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئىقتىسادىي فورماتسىيىگە ئايلانغان ياكى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدىن باشلاپ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولغان — دېھقانچىلىقتىن چارۋىچىلىققا كۆچكەن. بۇ ئەھۋال گەنسۇ-چىڭخەي ئېگىزلىكىنىڭ برونزا دەۋرىدە چاناپ تېرىش دېھقانچىلىقىدىن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىغا ئۆتكىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ㉔. نۇرغۇن قەبرىلەرنىڭ بىر قەدەر غۇژمەك بولۇشى ياكى زىنچ جايلىشىشى، بەزى قەبرىلەرگە كۆپ ئادەم قويۇلۇشى، ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنىشى، كۆپرەك قەبرىلەردىن ساپال بۇيۇملارنىڭ چىقىشى مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، يەنى ئىقتىسادىي فورماتسىيە چارۋىچىلىققا مەنسۇپ بولسىمۇ، كىشىلەر نىسبىي ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئادەتتە ئۆز گۇرۇھىنىڭ يايلىقىدىن نېرى كەتمىگەن، ئوت-سۇ قوغلىشىپ كېزىپ تۇرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس.

شىنجاڭدا دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرى خېلى كۆپ. لېكىن بۇ ھەقتە ماتېرىياللار ئاز، بەزى ماتېرىياللار تېخى تولۇق ئېلان قىلىنمىدى، بولۇپمۇ «دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى» دېگەن ئۇقۇم تېخى ئەمدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇڭا ئۇلارنى مۇشۇ دەۋر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ تەھلىل-تەتقىق قىلىش تېخى تولىمۇ يېتەرسىز، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئېنىق ئەمەس ياكى ئۇلارنى يەنە قايتا-قايتا مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەزى خارابە ۋە قەبرىلەرنى برونزا دەۋرىگە سۈرۈشكە بولامدۇ-قانداق؟ شىنجاڭنىڭ تۆمۈر قورال دەۋرىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللارنىڭ ئالدىغا سۈرۈشكە بولامدۇ-يوق؟ بۇ تۆمۈر قوراللار شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغانمۇ، باشقا جايدىن كىرگۈزۈلگەنمۇ؟ ئۇلارنى قانچە خىل ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتكە ياكى مەدەنىيەت تىپىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن؟ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق؟ ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ ھازىر دەرھال ھەل قىلىشقا تېگىشلىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ياكى تىپنى ئايرىش مەسىلىسىدەك تۇرىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، كۆپلىگەن خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىق ئالدىدا كىشىلەرنىڭ كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ، دەرەخنىلا كۆرۈپ ئورماننى كۆرمەيدىغان، مۇھىم يېرىنى تۇتالمايدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. يۇقىرىدا بەزى خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىقلارنى مەقسەتلىك بىر يەرگە تىزىشىمىزمۇ مۇشۇ تەرەپكە تىرىشقانلىقىمىزدۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتى — شىنجاڭ

ئارخېئولوگىيىسىدىكى بىر يېڭى ئاتالما ۋە يېڭى ئۇقۇم. بۇندىن كېيىن خىزمەت ۋە تەتقىقات داۋامىدا تولۇقلىنىپ، چوڭقۇرلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 8 . خاتىمە

كېيىمىزنى يىغساق، شىنجاڭ رايونىنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى توغرىلىق بىر نەچچە خەۋەر بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى تولۇق بېكىتكىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىنمۇ بىر نەچچە ئورۇن شۇنىڭغا كىرىشى مۇمكىن، لېكىن تېخىمۇ كېيىــــن بولۇش ئېھتىمالىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە دائىر بىرنەچچە ئورۇن بار. لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولۇش ئېھتىمالىمۇ مەۋجۇت. يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يىپ ئۇچى بولالايدىغان، ئىنچىكە تاش قورالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان خارابىلىقتىن بىرنەچچىسى بار. بۇلاردىن باشقا تازا تۈتاملىق، دەل يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى تېخى بايقالمىدى. مىس قورال بىلەن تاش قورال تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى تېخى يوق. برونزا دەۋرى مەدەنىيىتى تېخى ئەمدىلا تونۇلماقتا. تېپىلغان ۋە ئېتىراپ قىلىنغان يادىكارلىقلار ئازراق، نۇرغۇن مەسىلىلەردە تونۇش تېخى چوڭقۇرلىشالمايۋاتىدۇ. دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرى خېلى جىق، لېكىن بۇ دەۋر ھەققىدىكى ئۇقۇم تېخى ئەمدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن، ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقات تولىمۇ يېتەرسىز. شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى ئۈستىدە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى مانا شۇ بولسا كېرەك. بۇ تونۇش ئۆزۈندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن يېڭى تاش قورال دەۋرى ياكى مىس قورال بىلەن تاش قورال تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋردە چەكلىنىپ قالغان ئەھۋالدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي رامكىسى ۋە كۆرۈنۈشى سۈرەتلىنىپ، بىزنى ھەر بىر دەۋردىكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە قىلغان، شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ بىر يۈكسىلىش، شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى ئەسلىگەندە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، بىر تەرەپتىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئوخشىمايدىغانلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق مۆلچەرلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ رايونىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ۋە ئومۇمىيلىقىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، شىنجاڭدا رەڭدار ساپال مىس بۇيۇملار بىلەن بىللە مەۋجۇد بولۇپ قالماستىن، تۆمۈر بۇيۇملار بىلەنمۇ بىللە مەۋجۇد بولغان. بۇ ھال شىنجاڭ رايونىدا رەڭلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ خېلى ئۇزاق ساقلانغانلىقىنى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ رايونىدا تۆمۈر قوراللارنىڭ كېيىنرەك پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە ئالايلى، شىنجاڭ رايونىدىكى مىس بۇيۇملار ئومۇمەن كىچىك سايمان ۋە بېزەك بولۇپ، چوڭ ئاش-تاماق سايمانلىرى ۋە سوۋغات بۇيۇملىرى ناھايىتى ئاز. بۇ ئەھۋاللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. لېكىن شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكــى باشقا رايونلار، مەسىلەن، جەنۇبىي سىبىرىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ رايونىغا ئاساسەن

ئوخشايدۇ. بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىلا دىققەت قىلىپ، ھەدىسىلا شىنجاڭ رايونىغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىلەن باھا بەرگەنلىكتىن، رەڭلىك ساپال چىققانلىقىكى نەرسىنى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلغان، ئۇششاق مىس بۇيۇم چىققان نەرسىلەرنى مىس قورال بىلەن تاش قورال تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرنىڭ دەپ ھۆكۈم قىلغان، تۆمۈر قورال چىققان جاينى بولسا ئەمىنىيە دەۋرى ياكى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى ئاساسەن يېڭى تاش قورال دەۋرى ياكى مىس قورال بىلەن تاش قورال تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋر مەدەنىيىتى دېيىلگەن، برونزا دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتى بولمىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىگە بېرىدىغان تەسىرى تۇتۇق. ئەگەر شىنجاڭ رايونىنى بالدۇرراق ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان بولساق، ئەھۋال باشقىچىلا بولاتتى. چۈنكى ئۇ رايونلارنىڭ برونزا دەۋر مەدەنىيىتى بىلەن دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋر مەدەنىيىتىدە رەڭلىك ساپال بار، برونزا دەۋرىدىمۇ ئۇششاق مىس ئەسۋاب ۋە بېزەكلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ، دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ باشلانغان ۋاقتىمۇ بالدۇرراق. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە مۇھىمىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىگە ۋە ئەتراپتىكى جايلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە ئوخشايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىگە كۆپرەك دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ھازىر بار ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىنىڭ ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن مەلۇم باغلىنىشى ۋە ئورتاقلىقى بار، لېكىن يەنە تېخىمۇ كۈچلۈك رايون خاراكتېرىگە ۋە مەھەللىۋىلىككە ئىگە. بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنى ئايرىم ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىمىز.

شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، يىل دەۋرىنى رادىئوئاكتىپلىق كاربون بىلەن ئۆلچەش ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى، مەلۇم مەنىدىن ئۇنى ئىنقىلاب دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنىڭ نىسبىي ۋە مۇتلەق يىل دەۋرى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ قېلىپى بويىچە سۇبيېكتىپ ھالدا قىياس قىلىنىپ ۋە ھۆكۈم قىلىنىپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قاتار كاربون 14 لىك ئۆلچەش نەتىجىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن، بىرمۇ خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىقنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىلنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىگەنلىكىنى، رەڭلىك ساپال چىققان بەزى يادىكارلىقلارنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە ئەسىرگە سۈرۈش مۇمكىنلىكىنى، بەزى تۆمۈر قوراللارنىڭ دەۋرىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللارغا سۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى بەزى قاراشلارغا گۇمان تۇغۇلۇپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى ئەتراپتىكى جايلارغا سېلىشتۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى ئۈستىدە يۇقىرىقىدەك يىل دەۋرى ئەندىزىسى ۋە تەرتىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كەلدى. ئەگەر بىر قاتار كاربون 14 لىك سان ئاساسلىرى بولمىغان بولسا، داۋاملىق كونا مۇقامغا تولاۋەرگەن بولاتتۇق. دەرۋەقە كاربون 14 لىك يىل دەۋرىدىمۇ سەۋەنلىك كېتىشى مۇمكىن. شىنجاڭمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم سانلىق ئاساسلار ئىشەنچلىك. بىز ئىشەنچلىك كاربون 14 لىك ئاساسلاردىن پايدىلىنىپ، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئۈستىدىكى تەھلىللەرگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىنىڭ يىل-دەۋر دائىرىسىدىكى تېخىمۇ ئىنچىكە يىلنامە سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تورغۇزۇشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئايرىم نەرسىلەرنىڭ باشقا جايدىكىگە ئوخشاپ قالغانلىقىغىلا قاراپ ھۆكۈم قىلىدىغان ئىشنى ئەمدى قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلغاندا سەھۋەنلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

ھازىرقى يېڭى تونۇشقا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي

سىماسى شەكىللەندى، لېكىن ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىدا خېلى كۆپ بوشلۇق ۋە ئېنىقسىزلىق بار. بۇندىن كېيىن داۋاملىق تولۇقلاشقا، ئېنىقلاشقا ۋە تەپسىلىلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاھلار:

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى: «شىنجاڭ مورى سىداۋگو خارابىلىقى»، «ئارخېئولوگىيە» 1982-يىل 2-سان.

② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى: «شىنجاڭ گۇچۇڭ ناھىيىسى بەنجىگو جىلغىسىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرى خارابىسى»، «ئارخېئولوگىيە»، 1981-يىل 6-سان.

③ گۇچۇڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى: «شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن تېپىلغان تاش قورال دەۋرى خارابىسى ۋە قەدىمكى قەبرىلەر»، «ئارخېئولوگىيە توپلىمى»، 2-توپلام، 1982-يىلى.

④ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ قىرىمچى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىش خەۋىرى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1981-يىل 1-سان.

⑤ (قىسقارتىلدى)

⑥ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى-ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ كۈنەس ناھىيىسىدىكى تۆمۈلىق قەدىمكى قەبرىستانلىقى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1988-يىل 8-سان.

⑦ بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتى كاربون 14 تەجرىبىخانىسى: «كاربون 14 بىلەن يىل دەۋرىنى ئۆلچەش دوكلاتى(7)»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقى». 1987-يىل 11-سان.

⑧ شىنجاڭ مۇزېيى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەترىتى: «كۈنەس ناھىيىسى 71-تۇەن 1-لىيەندىكى بېلىقكۆل خارابىلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1987-يىل 3-سان.

⑨ باي داۋلەت، گوۋېنجاڭ: «كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قېشىدىن قېزىۋېلىنغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1984-يىل 1-سان.

⑩ ۋاڭ مىڭجېي: «نىلقا ناھىيىسىدىكى قەدىمكى مىس كان خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، «جۇڭگو ئارخېئولوگىيە يىلنامىسى» (1984-يىل)، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1984-يىلى.

⑪ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى: «نىلقا ناھىيىسى قارا تۆپە يېزىسىدىكى ئۇسۇن قەبرىلىرىنىڭ قېزىلىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1988-يىل 2-سان.

⑫ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى: «موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش خەۋىرى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1962-يىل 7-8-قوشما سان.

⑬ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەترىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «شىنجاڭ خېجىڭ ناھىيىسىدىكى چاۋۇخۇ جىلغىسى 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىنى قېزىش خەۋىرى»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى»، 1988-يىل 1-سان.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەترىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «شىنجاڭ خېجىڭ ناھىيىسىدىكى چاۋۇخۇ جىلغىسى 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىنى قېزىش خەۋىرى»، «ئارخېئولوگىيە»، 1990-يىل 6-سان.

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ چاۋۇخۇ جىلغىسىدىكى 4-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ 1986-يىللىق قېزىش خەۋىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1987-يىل 1-سان. شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى-ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، خېجىڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى: «خېجىڭ چاۋۇخۇدىكى 4-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ 1987-يىللىق قېزىش خەۋىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1988-يىل 4-سان.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى-ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، خېجىڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى: «خېجىڭ

ناھىيىسى چاۋخۇ جىلغىسىدىكى 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ قېزىش خەۋىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1989-يىل 4-سان.

⑭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبىخانىسى: «رادىئو ئاكتىپلىق كاربون بىلەن يىل دەۋرىنى ئۆلچەش دوكلاتى (12)» ، «ئارخېئولوگىيە» ، 1985-يىل 7-سان.

⑮ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەترىتى، شىنجاڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدىكى چوڭباغ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ 1-قېتىملىق قېزىش خەۋىرى» ، «ئارخېئولوگىيە» ، 1987-يىل 11-سان. يەنە: «شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدىكى چوڭباغ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ 2-، 3-قېتىم قېزىلىشى» ، «ئارخېئولوگىيە» ، 1991-يىل 8-سان.

⑯ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيەتەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبىخانىسى: «رادىئوئاكتىپلىق كاربون بىلەن يىل دەۋرىنى ئۆلچەپ بېكىتىش توغرىسىدا دوكلات (14)» ، «ئارخېئولوگىيە» ، 1987-يىل 7-سان.

⑰ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، ئاقسۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، ۋېنسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى: «ۋېنسۇدىكى بوزدۆڭ قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1986-يىل 2-سان.

⑱ دولقۇن قەمبىرى: «تارىمنىڭ جەنۇبىي چېتىدىن 3000 يىل بۇرۇنقى جەسەت تېپىلدى» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دىيارى» ، 1987-يىل 2-سان.

⑲ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى: «لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەبرىستانلىقىنى قېزىش دوكلاتى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1989-يىل 2-سان.

⑳ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر» ، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، 1981-يىل 2-سان.

㉑ كوڭ لىڭپىڭ، فېڭ گوجىڭ: «تۆمۈر قوراللارنىڭ پەيدا بولۇشى» ، «ئارخېئولوگىيە» ، 1988-يىل 6-سان.

㉒ چېن گې: «شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن چىققان ئەڭ بۇرۇنقى تۆمۈر قوراللار» ، «سۇ بىڭچىننىڭ ئارخېئولوگىيە بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئىلمىي ماقالىلەر» ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1989-يىلى.

㉓ خۇاڭ جەنيۈ: « جۇڭگودا تۆمۈر ئېرىتىش ۋە تۆمۈر سايمان ئىشلىتىشنىڭ قاچان باشلانغانلىقى توغرىسىدا» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1976-يىل 8-سان.

㉔ يۈي ۋېيچاۋ: «‹كايۈ مەدەنىيىتى› ۋە ‹تاڭ-ۋاڭ مەدەنىيىتى› توغرىسىدا يېڭى تونۇش» ، «ئالدىنقى چىن ۋە ئىككى خەن دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى» ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1985-يىلى.

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇمەخون

# جۇرجان خانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشى

## — دىڭلىڭ، تېلې قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە باش كۆتۈرۈشى

شۈ زۇڭجېڭ

جۇرجان خانلىقى ھۇنلار غەربكە، سىيانپىيلار جەنۇبقا كۆچكەندىن كېيىن روناق تېپىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، قۇملۇقنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە دەۋران سۈرگەن قۇدرەتلىك كۆچمەن چارۋىچى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭدا جەمئىي 19 خان ئۆتكەن بولۇپ، مىلادى 402-يىلىدىن 554-يىلىغىچە جەمئىي 152 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ خانلىق غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا باشتىن ئاخىر ئەھمىيەت بەرگەن، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسلى شىمالىي چۆللۈكتە ياشاپ كەلگەن قاڭقىل — دىڭلىڭ، تېلې قەبىلىلىرىنى كۆپلەپ غەربكە كۆچۈرگەن. ۋەھالەنكى، دەل مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ كەينى-كەينىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشى جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىنىش ۋە ھالاك بولۇشقا ئېلىپ بارغان. ماكرو جەھەتتىن كۆزەتكەندە، جۇرجان خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، ئەمەلىيەتتە دىڭلىڭ، تېلې قەبىلىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىپ ماكانلىشىش ۋە ئۇنىڭغا خوجا بولۇش تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

### 1. سەللانىڭ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىشى ۋە جۇرجانلارنىڭ غەربىي يۇرت زېمىنىنى ئېچىش تارىخىنىڭ باشلىنىشى

جۇرجانلار ئەسلىدە سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى سىيانپىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان شالغۇت قۇللارنى يادرو قىلىپ شەكىللەنگەن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملەر ئىدى. جۇرجان (رۇرەن 柔然) چۇرچان، ئاۋار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە رۇي رۇي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە رۇرۇ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە جۇرجانلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى بىلەن باشقىلارنىڭ ئاتىشى پەرقلىنىدۇ. «ۋېينامە» نىڭ 103-جىلدىدا، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98-جىلدىدا: «ئۇلار ئۆزىنى رۇرەن柔然 دەپ ئاتايدۇ» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. ياپونىيىلىك بەينياۋكۇجى ئۇنى موڭغۇل تىلىدىكى Tsentsen يەنى دانىشمەن دېگەن سۆز، دەپ ئىزاھلىغان①؛ تېڭتىيەنفېڭبا ئۇنى jusun (جۇسۇن) يەنى قانۇن، قائىدە-يوسۇن دېگەن سۆز، دەپ ئىزاھلىغان②؛ بۇ ئىزاھلار دەل جايىدا بولمىغاندەك قىلىدۇ. نېيتيەن يىنفېڭ پ. بورگېبر (كالنوف بېركلېي) دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنى مال يەيدىغان javcan دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوت-چۆپ نامى، ئۇنىڭ لاتىنچە ئىلمىي ئاتالغۇسى darcaniulu – artemisia دەپ ئىزاھلىغان③. بۇ ئىزاھ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچە دەريا-ئېقىن ۋە ئۆز زېمىنىدىكى ئوت-چۆپلەرنىڭ نامىنى قەبىلە، قوۋم نامى قىلىپ قوللىنىدىغان ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. جۇرجانلار دەسلەپ روناق تاپقان زېمىندا كۆپلەپ ئۆسىدىغان ئاشۇ خىل ئوت-چۆپ نامىنى ئۆزىنىڭ قەبىلە نامى قىلىپ قوللانغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. رۇي رۇي (芮芮) دېگەن نام توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 125-جىلدىدا: «رۇي رۇي (芮芮) — رۇرۇ (蠕蠕) دېگەن سۆزدۇر. بۇ جەنۇبلۇقلارنىڭ تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن» دەپ ئىزاھلانغان. «رۇي

رۇي» دېگەن بۇ خەت ئوتتۇرا قەدىم زاماندا raeiraei (راي راي) دەپ ئوقۇلاتتى، بۇ، رۇرەن دېگەن تەلەپپۇزغا يېقىن بولۇپ، جەنۇبلۇقلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى كېرەك. 芮芮 نىڭ 蠕蠕 دەپ ئۆزگەرتىلىشىگە كەلسەك، سىيانپىيلار ئۇلارنى «بىلىمسىز نادان، تۇرقى قۇرتقا ئوخشايدۇ» دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ نامىنى قەستەن رۇرۇ (ئۆمىلىگۈچى قۇرت) دەپ ئۆزگەرتكەن»④، بۇنىڭدا روشەن ھالدا كەمسىتىش مەنىسى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 茹茹 (رۇرۇ) دەپ ئاتاشمۇ بار، بۇ، يۇقىرىقى كەمسىتىش مەنىسىدىكى 蠕蠕 دېگەن خەتنىڭ ئورنىغا كەمسىتىش مەنىسى بولمىغان 茹茹 دېگەن خەنزۇچە خەت قوللىنىلغان، خالاس. بۇ نامنى قوللانغۇچىلارنىڭ كۆپى شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىكىلەر؛ يۇقىرىقى ئىككى خىل نامدىكى ئېغىشلىمنىڭ بارلىققا قاراپلا ئۇنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ⑤. جۇرجانلارنىڭ يادروسى يۈجيۇلۈي ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى سىيانپىيلار بولۇپ كەلگەن قۇللار ئىدى، ئۇلارنى مۇگۇلۈي يەنى چېچى كېسىلگەنلەر (قۇللار) دەپ ئاتىغان. ئۇلار قاچقان قۇللارنى يىغىپ بىر قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشقان. شۇڭا، «جەنۇبىي چىنامە» نىڭ 30-جىلدىدا: «رۇي رۇيلەر سەددىچىن سىرتىدىكى شالغۇت غۇزلاردۇر» دېيىلگەن. «شالغۇت غۇزلار» «شالغۇت قۇللار» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ، قان سىستېمىسى ئېنىق بولمىغان شالغۇت قوۋملەرنى كۆرسىتىدۇ. يۈجيۇلۈي ئۇرۇقىنى يادرو قىلغان جۇرجانلار دەل ئاشۇ سەددىچىن سىرتىدىكى شالغۇت قۇللارنىڭ بىرىدۇر⑥. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى خاتىرىلەر، مەسىلەن، «رۇي رۇي دۆلىتى ھۇنلارنىڭ باشقا بىر تۇرى»⑦، «رۇرۇلار شەرقىي غۇزلارنىڭ مىۋاۋئەۋلادىدۇر»⑧ دېگەنگە ئوخشاش خاتىرىلەرگە كەلسەك، بۇ خاتىرىلەر جۇرجان ئەجدادلىرىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ھۇنلارغا ۋە سىيانپىيلارغا بېقىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

گەرچە بۇ تارىخىي سەرگۈزەشتىنىڭ قانداشلىق مەنبەسى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەزكۇر قوۋم تىلىنىڭ سىيانپىيلىشىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئانا غايىنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋېي پادىشاھىنى ئۆز تۇغقىنى دەپ قاراپ «پېقىرنىڭ ئەجدادى ئۇلۇغ ۋېي خاندانلىقىدىن كېلىپ چىققان»⑨ دېگەنلىكى، ۋېي پادىشاھىنىڭمۇ بۇنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. بىراق بۇ ھەرگىزمۇ جۇرجانلارنىڭ سىيانپىيلار بىلەن ئېتنىكداش ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

جۇرجان خانلىقى دەسلەپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ 5-يىلى (مىلادى 402-يىلى) قۇرۇلغان بولۇپ، سەللان ئۆزىنى چۇر تۇغ قاغان دەپ ئاتىغان. جۇرجانلار «قىشتا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ، يازدا چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇراتتى»⑩، شۇ يىلى شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قوغلانغان بولۇپ، قاغان ئۆز قوۋمىنى باشلاپ «چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يىراق جايغا قېچىپ، قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن ھەم ئەتراپىتىكى قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ كۆچىيىپ، شىمالدىكى توغلا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغان»⑪. قاڭقىل — ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭلارنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلار توغلا دەرياسى (تۇرا دەرياسى) ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى. دىڭلىڭ دېگەن نام ئىككى خەن دەۋرىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان. بىراق ئۇلار بۆلۈنۈپ ياشىغان بولغاچقا، كۈچى ئاجىز ئىدى. جۇرجانلار چۆللۈكنىڭ شىمالىغا دەسلەپ كۆچۈپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان قوغۇرسۇ قەبىلىسى (ئۇلۇغ دېگەن مەنىدە)گە بېقىنغان، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇ قەبىلىنى مەغلۇب قىلىپ، قاڭقىل قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، ئاندىن ئىلگىرىلەپ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ھۇنلارنىڭ قېپقالغان قوۋمى بايگ (拔也稽) لارنى ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا قاتتىق مەغلۇب قىلغان، «ئۇلارنىڭ زېمىنى بولۇق ئوت-چۆپلۈك بولۇپ، ئادەملىرى باياشات ئىدى»⑫. جۇرجانلار توغلا دەرياسىدىن ئورقۇن دەرياسىغىچە بولغان ئوت-چۆپلىرى مول گۈزەل ياقلاقنى ئىشغال قىلىۋالغان بولغاچقا، بارا-بارا كۆچىيىپ چۆللۈكتە

دەۋران سۈرگەن.

جۇرجان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۇنلار ئاچقان يايلاق يىپەك يولىنى بويلاپ دەرھال غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ماناس دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە «ۋېينامە» نىڭ 103-جىلدىدا سەللانىڭ شىمالىي چۆللۈككە كىرگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنغان:

> خانلىق قۇدرەت تېپىپ گۈللەندى. . . ئۇنىڭ زېمىنى غەربتە كىنگىتكىچە، شەرقتە چاۋشيەنگىچە تۇتاشتى؛ شىمالدا قۇملۇقتىن ئۆتۈپ دەشتى ماكانغىچە كېڭەيدى؛ جەنۇبتا چوڭ قۇملۇققا تۇتاشتى؛ ئۇلارنىڭ دائىم يىغىلىپ ئولتۇراقلىشىدىغان بارگاھى دۇنخۇاڭ بىلەن جاڭيېنىڭ شىمالى ئىدى؛ ئۇششاق بەگلىكلەر ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۇلارغا بېقىنىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئۆزىنى چۇرتۇغ قاغان دەپ ئاتىدى. چۇرتۇغ دېگەن سۆز ۋېي (ئۇقبات) تىلىدا ھەيۋەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە بۇ ئىش پادىشاھ جىنئەننىڭ تيەنشىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 402-يىلى) بولغان دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شۇ يىلى چۇرتۇغ قاغان سەللان شىمالىي چۆللۈككە يېتىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى زېمىن دائىرىسىنى غەربىي يۇرتقا كېڭەيتىشكە باشلىغان. بۇ يەنە شۇنى بىلدۈرىدۇكى: (1) جۇرجانلار ئۆز ئوردىسىنى ھۇنلارغا ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى تۈركلەرگە، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش شىمالىي چۆللۈكنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا ئەمەس، غەربكە ــ دۇنخۇاڭ، جاڭيېنىڭ شىمالىغا قۇرغان. بۇ، جۇرجانلارنىڭ خانلىقنى قۇرۇش بىلەنلا ئۆز زېمىن دائىرىسىنى غەربكە قاراپ كېڭەيتىشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (2) دۇيۇ يازغان «قانۇنلار قامۇسى» دا، جۇرجان خانلىقىنىڭ زېمىن چېگرىسى «غەربتە كىنگىتكىچە» ئەمەس، بەلكى غەربتە «كىنگىتنىڭ شىمالىغىچە» دېيىلگەن، بۇ جاي ھازىرقى تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ماناس دەرياسى ۋادىسى بولۇشى كېرەك. جۇرجانلارنىڭ كۆچ تەسىرى كىنگىت (يەنجى ـ ھازىرقى قاراشەھەر) نىڭ شىمالىدىكى ماناس دەرياسى ۋادىسىغىچە يېتىپ بارغانلىقى ئۇلارنىڭ يايلاق يىپەك يولىنى ئېچىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

گەپ شۇ يەردىكى، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ سەرسان بولغان جۇرجانلارنىڭ ئۆز سەردارى باشلامچىلىقىدا شىمالىي چۆللۈككە بارغانلىقى ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربكە يۈرۈش قىلغاندىمۇ، توسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ تاكى كىنگىتنىڭ شىمالىغىچە يېتىپ بارغانلىقى پەقەت ئۆز كۈچىگە تايىنىش بىلەن ئىشقا ئاشقان بولۇشى ناتايىن، بەلكى ئۇلار شىمالىي چۆللۈكتىكى نۇرغۇن بېقىندى قوۋملارنى ئىشقا سالغان بولۇشى چوقۇم. شىمالىي چۆللۈك ئەسلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا تەۋە مىللەتلەرنىڭ شەرقىي تارمىقى، ئوتتۇرا تارمىقى ۋە غەربىي تارمىقىدىكى قەبىلىلەر ئارىلاش جايلاشقان رايون بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي تارماقتىكىلەر، مەسىلەن، بۇرۇن سيانپىيلار قارىمىقىدىكى چۇدۇن ئۇرۇقى، شۇرۇقان ئۇرۇقى؛ ئوتتۇرا تارماقتىكىلەر، مەسىلەن، ھۇنلارنىڭ قېپقالغان قوۋمى بايگ، ئۇرولان قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تىلى جۇرجانلار قوللىنىدىغان سيانپېي تىلىغا يېقىن كېلىدۇ، ئۇلار جۇرجانلارنىڭ شىمالىي چۆللۈكتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى تايانچىسى بولۇپ كەلگەنىدى. غەربكە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ تىل پەرقى زور بولۇپ، غەربىي تارماقتىكى ئالتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئېگىز ھارۋىلىق دىگلىڭلار، تېلې قەبىلىلىرى ئىدى، جۇرجانلار ئۇلارنى ئەۋەتىشتە بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەكنى سوقۇشنى، يەنى غەربكە يۈرۈش قىلىشنى تېزلىتىش، ھەم شىمالىي چۆللۈكنىڭ مەركىزىي رايونىدىكى دۈشمەن كۈچىنى ئازلىتىشنى مەقسەت قىلغان. «ۋېينامە» 103-جىلد «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە ئالتە ئۇرۇق يېزىلغان، يەنە 12 قوۋممۇ يېزىلغان،

بۇنىڭدىكى پەرق قەيەردە؟ مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ، شۇ قېتىمقى غەربكە يۈرۈش قىلىشتىن كېلىپ چىققان بۆلۈنۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قېپقالغان قوۋمى. دەسلەپكى ئاتىلىشى دىلى (狄历) تىلى ... بۇنىڭ ئىچىدە دى، ئوغۇر (ئۇيغۇر)، قوغۇرسۇ، چەبنى (چۆبە، چىبنى، چىبىش)، قىرقىز (قىرغىز)، ئىتىكىن .... قاڭقىللاردا يەنە 12 قوۋم بار: 1) چىيۇلى، تۆرە (ئۇرۇغ)، 3) ئىلجان (يىجان)، 4) تارلان (دالان)، 5) قوغا، 6) دابخان، 7) ئايران (ئارۇن)، 8) بايان (مويۇن)، 9) ئېركىن (ئېفىن)، 10) يۇۋۇرغۇر (بۆركلى، بېكقۇلۇ)، 11) كىيانى (قىئۇي، چىئۇن)، 12) يۇشۇپى (يۇسفى).

باشقا تارىخ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، قوغۇرسۇ، ئوغۇر (ئۇيغۇر) قاتارلىق ئالتە قاڭقىل ئۇرۇقى بۇرۇندىنلا شىمالىي چۆللۈكتە ياشىغان بولۇپ، شەرقىي قاڭقىل دەپمۇ ئاتالغان؛ يۇۋۇرغۇر قاتارلىق 12 قاڭقىل قوۋمى بولسا كېيىنكى چاغلاردا ئالدى قاڭقىل (قوش) نىڭ غەربىي شىمالىدا خانلىق قۇرغان، بۇلارنى غەربىي قاڭقىللار دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ؛ قاڭقىللارنىڭ ئەسلى ماكانى شىمالىي چۆللۈكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ شەرقىي قاڭقىل ۋە غەربىي قاڭقىل دەپ بۆلۈنۈپ كېتىشى، مۇقەررەركى، جۇرجانلارنىڭ شۇ قېتىمقى غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ 12 قوۋمى چاقىرىق بويىچە غەربكە يۈرۈش قىلىشقا قاتناشقان بولۇپ، پۈتۈن قاڭقىل قوۋمىنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىنى تەشكىل قىلغان ئاھالىسى كېيىنكى چاغلاردا غەربىي يۇرتتا ماكانلاشقان.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99-جىلد «تىلې ھەققىدە قىسسە» دىن قارىغاندا، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتا غەربىي تارماق ئالتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان تىلې قەبىلىسى توساتتىنلا كۆپىيىپ كەتكەن، «تىلې» دېگەن نام دىڭلىڭ دېگەن نامنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانى شىمالىي چۆللۈكتە ئىدى، بۇ ئۆزگىرىش روشەن ھالدا شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، غەربكە كۆچكەن بۇ تىلې قوۋملىرىمۇ جۇرجانلارنىڭ كۈچلۈك قوشۇنى سۈپىتىدە يۈرۈش قىلىپ غەربىي يۇرتقا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان.

تىلې ... تۈرى ناھايىتى كۆپ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىن تارتىپ تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ جايلاشقان بولۇپ، بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن. تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بارغۇت (بۆكە)، توگرا، ئوپۇرغۇر (ئۇيغۇر)، بايئىرقۇ قەبىلىلىرى بولۇپ، ئېركىن دەپ ئاتالغان؛ يەنە مىڭچېن، تۇرغىيىش، ئىزگىل، غۇن، قوشۇ قاتارلىق قوۋملار بولۇپ، 20 مىڭ سەرخىل ئەسكىرى بار؛ ئىۋېرغول (قۇمۇل) نىڭ غەربى، كىنگىت (قاراشەھەر) نىڭ شىمالى، تىيانشان (ئاقتاغ) نى بويلاپ چۆبە (چىبى، قىبئار)، بولۇ، چىگىل، جىسۇ، پوناگى، ئوغۇز، خاككاس، يېجى، يغنىقۇ قاتارلىق قوۋملەر بولۇپ، 20 مىڭ سەرخىل ئەسكىرى بار؛ ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىر-تاردۇش، جەرۈق (جىلىر)، زاباندىر، دا قاتارلىق قوۋملار بولۇپ، 10 مىڭ ئەسكىرى بار...

ئۇنىڭدىن باشقا، سوغدىيانانىڭ شىمالى، ئىتىل دەرياسى بويلىرى، كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىن تاكى فەرەڭ (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرى)' نىڭ شەرقىي قىسمىغا قەدەر بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە تىلې قەبىلىلىرىنىڭ ئات ئايىغى ئىزلىرى بار. ئۇلارنىڭ «ئۇرۇق-قوۋمى پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي نامى تىلې دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما بىر تۇتاش سەردارى يوق.» ئەگەر بۇ خاتىرىنى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» ۋە شۇ كىتابنىڭ «جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دېگەن بابى بىلەن ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بىر مۇنچە قەبىلىلەر نامىنىڭ ئاتىلىشى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، يەنى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش نامنىڭ باشقىچە تەرجىمە

قىلىنغانلىقىنى بايقىۋالالايمىز. مەسىلەن، شىمالىي چۆللۈكتە ياشىغان چوبە ئۇرۇقى غەربكە كۆچۈپ ئۈۋېرغولنىڭ غەربى ۋە كىنگىتنىڭ شىمالىغا كېلىپ ماكانلاشقان چىبى (چېبىش) ئۇرۇقى ئوخشاش بىر ئۇرۇق؛ شىمالىي چۆللۈكتە ياشىغان قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ غەربكە كۆچۈپ كەلگەن قىسمى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇلۇگ قەبىلىسى ( 胡禄屋部 ) دەپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتە ماڭغان يولىمۇ دەل يايلاق يىپەك يولى بىلەن بىردەك. دېمەك، تېلې قەبىلىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىغا قاتنىشىشى جۇرجان خانلىقىنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قۇدرەت تېپىشىدا زور رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خانلىقنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن چەكسىز يوشۇرۇن ئاپەت قالدۇرغان.

## 2. قوغۇرسۇ تەختتىكى مەزگىلدە بۇرۇنقى زېمىنىغا، توخرىلارنىڭ شىمالىي چېتىگە سۈرۈلىشى

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ يۇڭشىڭ 2-يىلى (مىلادى 410-يىلى) چۇرتۇغ قاغان سەللان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ياغىياق گاج قاغان قوغۇرسۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ (مىلادى 410—414-يىلغىچە). «(يۇڭشىڭ) 2-يىلى (410-يىلى)... سەللان... ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئوغلى دۇبانىڭ يېشى كىچىك بولۇپ، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، قەبىلە خەلقى سەللاننىڭ ئىنىسى قوغۇرسۇنى تەختكە چىقىرىپ، ياغىياق گاج قاغان دەپ ئاتىدى، بۇنىڭ ۋېي تىلىدىكى مەنىسى قەددى-قامىتى گۈزەل دېگەن بولىدۇ. قوغۇرسۇ شىمال تەرەپتىكى خېجۇيگۇ بەگلىكىنى قوشۇۋالدى، شەرق تەرەپتە پىلىچىن قەبىلىسىنى مەغلۇب قىلدى... قوغۇرسۇ كۆچلۈكلەردىن قورقانلىقتىن ئۆزىنى قوغداپ، جەنۇب تەرەپكە بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمىدى»⑬. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، جۇرجان خانلىقىنىڭ كۈچى قوغۇرسۇ تەختتىكى مەزگىلدە داۋاملىق ئۆرلىگەن. يەنە بەزى ئالامەتلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، جۇرجانلارنىڭ غەربتە ئۇيسۇنلارنى مەغلۇب قىلىش، سوغدىيانادىكى شەھەر دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇرۇش، توخرىلارنى يەنى قەندىھار كۇشانلىرى زېمىنىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى جايلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قاتارلىق غەلىبىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ قوغۇرسۇ قاغان دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى: (1) كۆچمەن چارۋىچىلىق قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جۇرجان خانلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇرۇش — قۇل بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى ئىدى. يازما ھۆججەتلەردە قوغۇرسۇنىڭ شەرققە ۋە شىمالغا يۈرۈش قىلىشتا غەلىبە قىلغانلىقى، پەقەت جەنۇبتىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارىتا مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرغانلىقى ئېنىق يېزىلغان، ئۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر «كۆچلۈكلەردىن قورقانلىقتىن ئۆزىنى قوغدىغان»لىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ قاراش كېرەك. (2) قوغۇرسۇ تەختتىكى مەزگىلدە داتاننى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ مەخسۇس تەيىنلىدى، ئۇ كېيىنكى چاغدا جۇرجان خانلىقىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد خانى بولدى. «داتان سەللاننىڭ تاغىسى بۇقۇننىڭ ئوغلى، ئۇ ئاۋۋال باشقا قەبىلىگە قوماندانلىق قىلىپ، غەربىي چېگرىنى قوغدىغان»⑭. كېلىپ چىقىشىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئادەم خان جەمەتىنىڭ رەسمىي تارمىقىدىن ئەمەس ئىدى، كېيىنكى چاغدا ئۇنى كىشىلەر خان قىلىپ تىكلىدى، بۇ، ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا جەڭدە كۆرسەتكەن ئالاھىدە تۆھپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. بۇمۇ قوغۇرسۇ دەۋرىدە غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ياۋپانلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇيسۇنلارنى مەغلۇب قىلغانلىقى قوغۇرسۇنىڭ تەختتىكى چاغدا غەربكە

يۈرۈش قىلىشتىكى بىرىنچى چوڭ غەلىبىسى ئىدى.

ئۇيسۇنلار ئىلى ۋادىسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەدىمكى ئەل بولۇپ، ئىككى خەن دەۋرىدىلا تارىخ سەھىپىسىدە كۆرۈلگەن. سەللان دەۋرىدە جۇرجان خانلىقىنىڭ چېگرىسى كىنگىتنىڭ شىمالىدىكى ماناس دەرياسى ئەتراپىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇيسۇن زېمىنىغا تۇتاشقان، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن. شۇڭا «ۋېينامە. ئۇيسۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «بۇ ئەل بىر نەچچە قېتىم جۇرجانلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقتىن، غەربتىكى كۆكشارتقا كۆچۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق شەھىرى يوق، سۇ-ئوتلاق قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. تەييەننىڭ 3-يىلى (مىلادى 437-يىلى) دۇڭ ۋەننى ئەلچى قىلىپ ئۇ ئەلگە ئەۋەتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيسۇن ئېلىنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، ئىلگىرى سىيانپىيلارنىڭ سەردارى تانشىغاي (147—167؟)، توغباتلارنىڭ سەردارى يۇلۇي (318-يىل) قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قېتىم ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان چوڭ ئەل بولغاچقا، ئۆز زېمىنىدىن ۋاز كېچىش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالمىغانىدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېچىپ تاغ ئارىسىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى يالغۇز جۇرجانلارنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئەمەس، بەلكى جۇرجانلار ياپپانلار بىلەن بىرلىشىپ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. «ۋېينامە» نىڭ 102-جىلدىدىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، ياپپان دۆلىتى ئەسلى «ئۇيسۇننىڭ غەربىي شىمالىدا» دېيىلگەن بولۇپ، جۇرجانلار بىلەن چېگرىداش ئەمەس ئىدى، ھالبۇكى، ئۇيسۇنلار باشقا جايغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، جۇرجانلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ قالغان. بۇ، ئۇيسۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنى جۇرجانلار بىلەن ياپپانلار تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يازما ھۆججەتلەردە يەنە ياپپانلار ئىلگىرى «جۇرجانلار بىلەن دوست بولۇشقان»، كېيىن قوشنا ئەل بولۇشتىن ئۆچمەن رەقىبكە ئايلانغان. بۇ، دەل ئىككى ئەلنىڭ دەسلەپتە «دوست بولۇشۇپ» بىرلىشىپ ئۇيسۇنغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئۇيسۇنلار مەغلۇب بولۇپ تاغقا قېچىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەپسۇسكى، بۇ بىر زور تارىخىي ۋەقەنى تارىخ كىتابلىرىدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەييەن 3-يىلى (437-يىلى) دۇڭ ۋەن غەربكە ئەلچى بولۇپ بارغاندىن ئىلگىرىكى ئىش دەپلا يازغان، ئەمما كونكرېت يىلىنى ئېنىق يازمىغان، شۇڭا تۈرلۈك پەرەزلەر كېلىپ چىققان، مەسىلەن، يۈي تەيشەن ئەپەندى: ئۇيسۇنلارنىڭ «غەربكە كۆچۈشى ئەڭ بۇرۇن دېگەندە سەللان تەختتىكى چاغدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن»⑮ دەپ قارىغان، بۇ، سەللان دەۋرىدە جۇرجان خانلىقىنىڭ چېگرىسى «كىنگىتنىڭ شىمالىغىچە» ئىدى دېگەن ئېنىق خاتىرىگە زىت كېلىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ كۆچۈش سەللاندىن كېيىنكى قاغان قوغۇرسۇ تەختتىكى چاغدا يۈز بەرگەن بولۇشى كېرەك. «ۋېينامە. ياپپانلار ھەققىدە قىسسە» دە، ياپپانلار «جۇرجانلار بىلەن دوست بولۇشقان» مەزگىلدە، يەنى ئىككى ئەل بىرلىشىپ ئۇيسۇنلارنى مەغلۇب قىلىپ ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالغان دەسلەپكى چاغدا، «ئۇنىڭ پادىشاھى نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ جۇرجان خانلىقىغا كىرىپ، داتان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ چاغدا داتان غەربىي چېگرىنى قوغدىغۇچى جۇرجان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بولۇپ، ئۇ تېخى خانلىق تەختىگە چىقمىغان. روشەنكى، ئۇچراشماقچى بولغان جاي جۇرجان خانلىقىنىڭ چېگرىسىدا ئىدى، ئۇنداق بولمىغاندا، قوشنا دۆلەت پادىشاھىنىڭ نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ توپتوغرا چوڭ ئوردىغا بېرىپ كۆرۈشۈشىگە يول قويۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، داتاننىڭ غەرب تەرەپتىكى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقتى دەل ياغىياق گاج قاغان قوغۇرسۇ دەۋرى (410—414) ئىدى. بۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇكى، جۇرجانلارنىڭ ياپپانلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇيسۇنلارنى مەغلۇب قىلغانلىقى قوغۇرسۇنىڭ تەختتە تۇرغان مەزگىلدە ئورۇندىغان ئۇلۇغۋار ئىشى،

داتان بولسا شۇ قېتىمقى غەربكە يۈرۈش قىلىشنى ئىجرا قىلغان ئىدى.
ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ سۇغدىيانادىكى شەھەر بەگلىكلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچىنى بىر مەھەل جەنۇبتىكى ئوكسۇس (جەيھۇن، ئامۇ) دەرياسى ۋادىسىغا قارىتىشى، توخارىستان يەنى قەندىھار — كۇشانىيەنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى قوغۇرسۇنىڭ تەختتىكى مەزگىلدە غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ شانلىق يۇقىرى پەللىسى ئىدى⑯.
جۇرجان خانلىقى زېمىنىنىڭ بىر مەھەل توخارىستانغا يەنى قەندىھار-كۇشانىيىگە تۇتاشقانلىقى «ۋېينامە. توخارلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق بايان قىلىنغان:
توخار دۆلىتىنىڭ پايتەختى، دولۇجيەنشى شەھىرى بەدەقشاننىڭ غەربىدە، ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقى 14 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدۇ، شىمال تەرىپى جۇرجانلارغا تۇتىشىدۇ، جۇرجانلارنىڭ كۆپ قېتىم پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، غەربكە كۆچۈپ بولور شەھىرىگە كەتكەن.
بۇ خاتىرىدە ئىككى چوڭ سەۋەنلىك بار. يېقىنقى كىشىلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، دولۇجيەنشى شەھىرى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى توخرىلارنىڭ پايتەختىنىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇپ، كېيىنكى تارىخنامىلەردە يېزىلغان بىتىك، فۇچى، فۇدىيە، فۇدىنا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى باكتىرىيە (باھلىكا) دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، ئۇ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھىرىدۇر، بولور شەھىرىمۇ مۇشۇ جاينى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ نامنىڭ يەنە باشقا كېلىش مەنبەسىمۇ بار، يەنى راھىبلارنىڭ پىيادە يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتتە 缚渴罗 ، 薄传罗 ، 喝缚 دېگەنناملار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئوخشاش بىر جاينىڭ (باكترىيە، باھلىكا، بەلخ دېگەن نامنىڭ) باشقىچە يېزىلىشى، خالاس. توخرىلار ئەمەلىيەتتە پايتەختنى كۆچۈرگەن ئەمەس. لېكىن جۇرجانلارنىڭ كۈچى بىر مەھەل ئوكسۇس دەرياسى (ئامۇ دەرياسى) ۋادىسىغا قىستاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە بىر نەچچە قېتىم چېقىلغانلىقى راست. توخرىلار دېگىنىمىز كۇشان خاندانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار راسا قۇدرەت تاپقان دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، كۇجۇلا كادفىسىس، ۋىماكادفىسىس، كانىشكا قاتارلىق مەشھۇر پادىشاھلار مەيدانغا كەلگەن، ئۇلار بۇددا تەلىماتىنىڭ ھامىيلىرى بولۇپ قالغان. ئەمما كۇۋشكا، بودىياۋ( 波调 ) قاتارلىق پادىشاھلار دەۋرىگە كەلگەندە، دۆلەت كۈچى ئاجىزلىشىپ، خاندانلىق ئوكسۇس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى توخارىستانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، جان تالىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. ئەسلىدە توخرىلارغا تەۋە بولغان ئوكسۇس دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانا رايونى بۆرۈنلا بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن، كىدورو(؟) دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئاجىزلاشقانلىقتىن، جۇرجانلار ئۇلارنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا زوراۋانلىق قىلالىغان.
جۇرجانلارنىڭ كۈچى ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغانىكەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا سوغدىيانا يەنى ماۋرائۇننەھر رايونىنى بىر مەھەل ئىشغال قىلغان بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئاندىن توخرىلارنىڭ «شىمالىي چېگرىسى جۇرجانلار بىلەن تۇتاشقان» ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، «ۋېينامە» نىڭ «توخرىلار ھەققىدە قىسسە» دېگەن بابى بىلەن «سوغدىلار ھەققىدە قىسسە» دېگەن بابىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىر ئابزاس سۆزدە چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان روشەن زىددىيەت مەۋجۇتتەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:
«سوغد دۆلىتى كۆكئارت (پامىر) نىڭ غەربىدە. . . ئاۋۋال ھۇنلار ئۇنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان، قۇنى دەۋرىگە كەلگىچە ئۈچ پادىشاھ ئۆتكەن».
سوغدلارنىڭ ماكانى سوغدىيانا. يۇقىرىقى نەقىلدىكى باياندىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىستېلا قىلغۇچى «جۇرجانلار» بولماستىن، «ھۇنلار» ئىكەن، بۇ يەردە ئېيتىلغان «ھۇنلار» «ئاق ھۇن» يەنى ئېفتالىتلاردۇر. ئېلىمىزنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا خۇاگو دۆلىتى ( 滑国 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. « 滑 »

ھەرپى ئەمەلىيەتتە «ھۇن» ( 匈 ) نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدۇر. ۋەھالەنكى، سوغدىيانا جۇرجانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان تۇرسا، يەنە قانداقچە ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان بولىدۇ؟ بۇ زىددىيەتنى ئېفتالىتلار بىلەن جۇرجانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تارىخىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدىنلا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق ئىككى تارىخىي ماتېرىيال بار، ئۇنىڭ بىرى ـــ «ۋېينامە. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئېفتالىت دۆلىتى. . . . ئۇلار ئەسلى سەددىچىنىنىڭ شىمالىدا ئىدى، ئالتاي تېغى ئارقىلىق جەنۇبقا كۆچكەن، ۋېنچىڭ پادىشاھ دەۋرىگىچە ئارىدىن 80ـ90 يىل ئۆتكەن».

ئىككىنچىسى ـ«لياڭنامە. گۇ دۆلىتى ھەققىدە قىسسە»، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، ئۇلار ساڭگەن دەرياسى ۋادىسىدا تۇراتتى. گۇ دۆلىتى كىچىك دۆلەت بولۇپ، جۇرجانلارنىڭ قارىمىقىدا ئىدى».

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، گۇ دۆلىتى (ئېفتالىت يەنى ئاق ھۇن) ئەسلى سەددىچىنىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، تارىختا جۇرجانلارنىڭ قارىمىقىدا بولغان. مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ خىل مۇناسىۋەت قاچان يۈز بەرگەن؟ يۈي تەيشەن ئەپەندى مۇنداق قارايدۇ: «ئەگەر ئېفتالىتلار جۇرجانلارنىڭ قارىمىقىدا بولغان بولسا، بۇ پەقەت ئېفتالىتلار جەنۇبقا كۆچۈپ سوغدىياناغا بارغاندىن كېيىن، توخارىستانغا بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇن بولغان بولىدۇ.» ئۇ چاغدا ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان بولۇپ، يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىيالدا خاتىرىلەنگەن «گۇ دۆلىتى كىچىك دۆلەت بولۇپ، جۇرجانلارنىڭ قارىمىقىدا ئىدى» دېگەن سۆزگە روشەن ھالدا زىت كېلىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئېفتالىتلارنىڭ «كىچىك دۆلەت» دەپ ھېسابلانغانلىقى چوقۇم ئۇلارنىڭ سەددىچىنىنىڭ شىمالىدا تۇرغان ۋاقتى ۋە ئالتاي تېغى ئارقىلىق جەنۇبقا كۆچكەن دەسلەپكى مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان تارىخىي ماتېرىيال بىزنى مۇنداق ئىككى خىل ۋاقىت ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەيدۇ: بىرى ـ «ۋېينامە. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ ئەل شىمالىي ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدىن 80ـ90 يىل بۇرۇن سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىن دەسلەپ قىلىپ «ئالتاي تېغى ئارقىلىق جەنۇبقا كۆچكەن». پادىشاھ ۋېنچېڭنىڭ يىل نامى «تەيئەن» بولۇپ، «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 969ـجىلدىدا: «(تەيئەننىڭ) 2ـيىلى (مىلادى 456) 11ـئايدا، ئېفتالىتلار ۋە پۇلەن دۆلىتى ( 普岚国 ) ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات يوللىدى» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. ئېفتالىتلار ۋېي سۇلالىسى بىلەن دەسلەپ ئالاقە قىلغان 456ـيىلىنى 80ـ90 يىل ئىلگىرىگە سۈرسەك، 366ـ376ـيىلى بولىدۇ. ئەمدى ئېفتالىتلارنىڭ سوغدىياناغا كىرگەن ۋاقتى توغرىسىدا يەنە «ۋېينامە. سوغدىلار ھەققىدە قىسسە» دە، ئۇلارنىڭ پادىشاھى «قۇنى دەۋرىگە كەلگەندە 3ـئەۋلادقا يەتكەن» دېيىلگەن. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، 456ـيىلى شىمالىي ۋېي ئوردىسىغا سوۋغات ئەۋەتكەن قۇنى ئېفتالىتلارنىڭ 3ـئەۋلاد پادىشاھى، ئۇنىڭ پادىشاھ بولغان ۋاقتى بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ سوغدىياناغا كىرگەن ۋاقتى ئارىلىقىدا پەقەت ئىككى ئەۋلاد پادىشاھ ئۆتكەن بولىدۇ، بۇ ئەۋلاد پادىشاھنىڭ تەختتە تۇرغان ۋاقتىنى 20 يىل دەپ ھېسابلىغاندا، ئىككى ئەۋلاد 40 يىل بولىدۇ، ئۇنىڭغا قۇنىنىڭ دەسلەپ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىكى ئارتۇق 12ـ16 يىلنى قوشقاندا، قوغۇرسۇنىڭ تەختتە تۇرغان ۋاقتى (410ـ414ـيىل) بىلەن ئاساسەن ئويغۇن كېلىدۇ. دېمەك، 366ـ376ـيىلدىن 410ـ414ـيىلغىچە بولغان ۋاقىت ئېفتالىتلارنىڭ ئالتاي تېغى ئارقىلىق جەنۇبقا يۈرۈپ سوغدىياناغا بارغان ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. يۈي تەيشەن ئەپەندى ئېيتقان خاتالىق شۇ يەردىكى، بۇ ئىككى خىل ۋاقىت ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قىلىۋېتىلگەن. مېنىڭ قارىشىمچە، ئېفتالىتلارنىڭ جۇرجانلارغا بېقىندى قىلغان ۋاقتى چوقۇم 410ـيىلى سەللان ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ كۈچى دەسلەپكى قەدەمدە ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىغا كېڭىيىپ، ئېفتالىتلار «كىچىك دۆلەت»

بولغان چاغدىن باشلانغان. كېيىن ئۇلار يايلاق يىپەك يولىنى بويلاپ داۋاملىق غەربكە كۆچكەن، قوغۇرسۇ دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ كۆچىيىپ سوغدىلارنى بويسۇندۇرۇپ، سوغدىياناغا يۇرۇش قىلغان ھەمدە جۇرجانلارچېكىنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۇ جاينى ساقلاپ، ئۇ ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، قانات-قۇيرۇقى يېتىلىپ قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، جۇرجانلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايدىغان بولۇۋالغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئېفتالىتلار جۇرجانلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جۇرجانلارنىڭ سوغدىيانانى ئىشغال قىلىشى بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ سوغدىياناغا ھۆكۈمران بولۇشى بىر ئىش. مەسىلىگە مۇشۇنداق قارىغاندىلا بارلىق زىددىيەت يېشىلىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، ياغىياق گاج قاغان قوغۇرسۇ تەختتىكى مەزگىلدە غەربكە قىلغان ئۇزۇن سەپەرلىك يۈرۈشتە بىر قاتار شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن يايلاق يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى. لېكىن بۇ غەلىبىلەر بىر مەيدان بوران-چاپقۇندىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇيسۇنلار مەغلۇب بولۇپ، ياپپانلار باش كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جۇرجانلار بىلەن بولغان شېرىن ئېيى دەرھاللا ئاياقلاشتى، ئىلگىرى جۇرجانلارنىڭ قارىمىقىدا بولغان ئېفتالىتلارمۇ سوغدىياناغا كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا خوجا بولۇۋېلىپ دەۋران سۈردى. شۇنىڭ بىلەن جۇرجانلارنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى تېزلا توزىغان چېچەككە ئايلاندى، قايتا ئېچىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان يايلاق يىپەك يولىمۇ، ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن يەنە توسۇلۇپ قالدى.

ئىزاھلار:

---

① بەينياۋكۇجى: «شەرقىي غۇز مىللەتلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە» 2-قىسىم، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 67_71-بەتلەر.

② ئېگتىيەنفېگبا: «شەرق بىلەن غەربنىڭ ئالاقىلىشىش تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2-قىسىم، 205-بەت.

③ نېيتىيەنجىنفېڭ: «شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، «سىيانپى، جۇرجان، تۈركلەر» قىسمى 275_276-بەتلەر.

④⑧⑨⑩⑪⑫⑬⑭⑰㉒㉕㉖㊳ «ۋېينامە» 103-جىلد «جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە».

⑤ فېڭ جياشېڭ: «جۇرجانلارنىڭ دۆلەت نامى ھەققىدە»، «يۈيگۇڭ» 7-توم، 8، 9-قوش توپلامغا بېسىلغان. جۇۋېيجۇ: «يۈنگاڭ غارىدىكى ‹جۇرجانلارغا دائىر گويىا خەتلەر، توغرىسىدا›، «غەربىي شىمال تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1980-يىل 1-سانىغا بېسىلغان.

⑥ ليۇيۈگېڭ: «جۇرجانلارنىڭ شالغۇت غۇزلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «تارىخ تەتقىقاتى» 1981-يىل 2-سانىغا بېسىلغان.

⑦ «لياڭنامە» 54-جىلد، «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر ھەققىدە، جۇرجانلار».

⑮㉓ يۈي تەيشەن: «جۇرجانلار بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «ئېفتالىتلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، 193_216-بەتلەر.

⑯ نېيتىيەنجىنفېڭ: «شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، 325_340-بەتلەر (داۋامى بار).

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1995-يىل 3-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۈسۈپ

# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى كانچىلىق سانائىتى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

شىنجاڭ ــ ئەسلىدىنلا باي، مۇنبەت، گۈزەل، كۆركەم، خاسىيەتلىك ماكان بولۇپ، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىمكانىيىتىنىڭ كەڭ-كۇشادىلىكى، يەر ئاستى ۋە ئۈستى بايلىقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ھەر خىل كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ موللۇقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. مانا شۇ خاسىيەتلىك زېمىنىمىزدىن چىقىۋاتقان نەچچە يۈز خىل تەبىئىي بايلىقلار دىيارىمىزدا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى بېقىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن مول تەبىئىي شارائىت ھەم مۇھىم ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، تەڭرى تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قۇرۇم تاغلىرى، ئالتۇن تاغلىرى ۋە چۆلتاغ (قۇرۇقتاغ) ئېتەكلىرىدىن جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ نەزەرى ئانچە چۈشمەيدىغان چۆللۈك، ئېدىرلىقلاردىن ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە ئېچىپ پايدىلانغان كان ئىزلىرى تېپىلىپلا قالماي، ئەجدادلىرىمىز پىششىقلاپ ئىشلىگەن كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن، مىس، كۆمۈر، تۆمۈر، چويۇن، يود، تۇز، قاشتېشى، رودا، داشقال قاتارلىق نەچچە ئون خىل مەدەن بايلىقلىرىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن دېگۈدەك تېپىلدى.

مەسىلەن: 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئارخېئولوگلار ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان نۇراساي جىلغىسىدىكى ئون نەچچە ئورۇندىن قەدىمكى مىس كان ئىزلىرىنى تاپقان. بۇ قەدىمكى مىس كان ئىزلىرى مەدەن قېزىش ۋە مەدەن تاۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئەتراپلاردا بۇنىڭدىن 2500-3000 يىل بۇرۇنلا كان قازغان ئەجدادلىرىمىز شۇ زامانلاردا بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كان تاۋلاش، قېزىش، مەدەن تاۋلاش (مىس بۇيۇملارنى ياساش) تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. يەنە ئىلى ۋادىسىدىكى نىلقا، تېكەس، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، توققۇزتارا، چاپچال قاتارلىق جايلاردىن كۆپلىگەن مەدەن كانلىرى تېپىلىپلا قالماي، بەلكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كان مەھسۇلاتلىرىدىن مىس ئوق، مىس ھالقا، مىس ئېگەر-جابدۇق بېزەكلىرى، مىس ھەيكەل، مىس داڭقان، مىس قازان، مىس كۆرگۈ (ئەينەك)، مىس ئىكەك، مىس پالتا، مىس تاۋاق، مىس قوڭغۇراق قاتارلىقلارمۇ كۆپلەپ تېپىلغان. بولۇپمۇ بىر-بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرغان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ۋە بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان قاناتلىق غەلىتە ھايۋاننىڭ سۈرىتى ئالاھىدە نەقىشلەنگەن چوڭ چەمبەر، چاسا چارچاپ (تەگلىك) ئۈستىگە قوندۇرۇپ ياسالغان ھايۋان سۈرىتى نەقىشلەنگەن چوڭ چاسا تاۋاق ۋە سەركەردە ھەيكىلى (بۇنىڭ قەددى-قامىتى كېلىشكەن، بەستلىك، سالماق، يوغان ۋە چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغان، قاڭشارلىق، بېشىغا ئۇچى ئىلمەك كىگىز قالپاق كەيگەن، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرغان، ئىككى قولىدا شەمشەر ياكى قىلىچقا ئوخشاش بىر نەرسە تۇتۇپ تۇرغان بولۇپ، خۇددى خاقان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئىجازەت سوراۋاتقان باتۇر سەركەردىگە ئوخشايدۇ) قاتارلىق مىستىن ياسالغان تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە بەدىئىي سەنئەت بۇيۇملىرى ناھايىتى كۆركەم، نەپىس ھەم نازۇك بولۇپ، بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ 3000 يىللار ئىلگىرىلا كان ئېچىشنى بىلىپلا قالماي، بەلكى كانلاردىن ھەر خىل مەدەنلەرنى ئېلىپ

تاۋلاپ، ناھايىتى نەپىس بۇيۇملارنى بىمالال ياسايدىغان ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق ماددىي پاكىتتۇر.

يۇقىرىدىكى جايلاردىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر، بۈگۈر، كۇچا، باي، ئۇچتۇرپان ۋە قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ بىر قىسىم ناھىيە ۋە رايونلىرىدىنمۇ ئەجدادلىرىمىز ئۆز دەۋرىدە ئېچىپ پايدىلانغان كان خارابىلىرى بىلەن ھەر خىل مېتاللاردىن ياسىغان زور تۈركۈمدىكى ماددىي مەھسۇلاتلار تېپىلدى.

تۆۋەندە مەن پەقەت شىنجاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى (1644-يىلىدىن 1911-يىلىغىچە) دەۋرىدىكى كانچىلىق سانائىتى توغرىسىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. كانچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى

شىنجاڭنىڭ كانچىلىق سانائىتى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى مىللىي قول سانائەت بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىللار خېلى كۆپ بولغان.

بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خالىڭ ئېچىپ كۆمۈر قېزىشقا توغرا كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن شىنجاڭدىكى شەھەر-بوستانلىقلاردا ۋە تاغ-يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان تاغ-ئېدىرلاردىكى كۆمۈرلۈكلەرنى تېپىپ، خالىڭ ئېچىپ كۆمۈر قېزىپ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن. شۇ قاتاردا يەنە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇمى بولغان تۇز كانلىرىنىمۇ (ئەلۋەتتە بەزى جايلاردا تۇز كۆلىدىن تۇز ئېلىپ ئىستېمال قىلغان) ئېچىپ، كۈندىلىك ئىستېمال ۋە سودا ئىشلىرىدا پايدىلانغان. بۇ ھال ئەلۋەتتە كۆمۈرچىلىك ۋە تۇزچىلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولغان.

ئىككىنچىدىن، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆمۈر، مىس، قەلەي كانلىرىنى ئېچىشقا توغرا كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن ھەر قايسى جايلاردا رودا كانلىرى ئېچىلىپ، تۆمۈر، مىس، قەلەي ۋە باشقا مېتاللارنى تېپىش، قېزىش، ئېلىش ۋە تاۋلاپ پىششىقلاپ ئىشلەشتەك بىر قاتار مېتاللچىلىق سانائىتى بارلىققا كەلگەن ھەم پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، سودا ۋە قول-ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلىدىغان مېتاللارنى قېزىش، تاۋلاش ھەم پىششىقلاپ ئىشلەش قول سانائىتى بارلىققا كەلگەن ھەم پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغان. پۇل مۇئامىلە ۋە سودا ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى قېزىش، تاۋلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان.

تۆتىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يۇرت-يۇرتلارغا ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى، تۆمۈر، مىس قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئالۋان-سېلىق سالغان. بۇ، گەرچە ئەينى ۋاقىتتا زورلاش، مەجبۇرلاش تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما مېتاللورگىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىغانىدى.

بەشىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۇرتىمىزدا زور كۆلەملىك بوز يەر ئېچىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغانىدى. مانا شۇ بوز يەر ئاچقۇچىلارنىڭ (مەيلى چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ياكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بولسۇن) قورال-سايمانلىرى (مەسىلەن، كەتمەن، گۈرجەك، پالتا، ئارا، مېتىن، كەكە، ئىسكىنە، ھەرە، ئات-ھارۋا جابدۇقلىرى ... قاتارلىق تۆمۈردىن ياسىلىدىغان سايمان-ئەسۋابلار)غا ئېھتىياجلىق تۆمۈر، مىس مەنبەسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ خېلى كۆپ كانلار ئېچىلغان.

ئالتىنچىدىن، ئىستىبدات چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تۇرىدىغان قىسىملىرىنىڭ ماشاش-تۇرمۇش تەمىناتىنى، قورال-ياراقلىرىنى، ھەربىي سانائەتكە لازىملىق خامئەشيالىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق بۇيۇملىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەسىرلەردىن بۇيان يەرلىكلەر ئېچىپ، پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، كۆمۈر، تۇز ۋە قاشتېشى كانلىرىدىن پايدىلانغان. بەزى كانلارنى يەرلىكلەرگە ئاچقۇزماي تاقىتىۋەتكەن. بىر قىسىم مۇھىم كانلاردا مەخسۇس چېرىك ۋە ئەمەلدار تۇرغۇزۇپ ئاچقان بولسا، يەنە بەزى كانلارنى باي، پومېشچىكلارغا يىللىق ياكى يېرىم يىللىق مۆھلەت بىلەن ئىجارىگە بېرىپ، پايدىسىنى يىغىۋالغان. يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىكتىكى ئامبال (ھاكىم)، دوتەي (ۋالىي) لەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، يۇرت-يۇرتلارغا ھەربىي ئالۋان-سېلىق سالدۇرغان. يۇقىرىلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالۋان-سېلىقىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يېڭىدىن كانلارنى ئاچقان ياكى ئېچىپ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان كانلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىنىم تاپماي خالىغىچە قېزىشقا مەجبۇر بولغان. بۇمۇ كانچىلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قىسمەن بولسىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەينى ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئېھتىياجى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شىنجاڭدا زور تۈركۈم ئەسكەر ۋە ئەمەلدار تۇرغۇزۇشى زۆرۈر ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ كىيىم-كېچەكى، يېمەك-ئىچمىكى، قاتناش قورالى، ھەربىي ئەسلىھەلىرى، قورال-سايمانلىرى، ماشاش ھەم كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زور مىقداردىكى تەبىئىي خامئەشيا بايلىقىغا ۋە ئالتۇن، كۈمۈشكە ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار شىنجاڭدىن ئىبارەت تەبىئىي بايلىقى مول، سۇيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، ئادىمى شالاڭ، شارائىتى ئەۋزەل زېمىننىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. يۇقىرىدىكى جەددىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىك ئەمەلدارلىرى يەرلىك خەلقلەرگە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، كۆمۈر سېلىقى سالغان. بۇ ھەقتە «خان ئوردىسىدا بېكىتىلگەن خانلىق زېمىن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 34-جىلد «باج-سېلىق» قىسمىدا: «چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلار تۆۋەندىكىدەك مىس باج-سېلىقىنى تاپشۇردى: قاراشەھەر 900 جىڭ قىزىل مىس سېلىق تاپشۇردى؛ كۇچا 729 جىڭ ئىككى سەر قىزىل مىس سېلىق تاپشۇردى؛ شايار 358 جىڭ 15 سەر قىزىل مىس سېلىق تاپشۇردى؛ ئۈچتۇرپان چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى 5571 جىڭ بىر سەر قىزىل مىس سېلىق تاپشۇردى؛ ئاقسۇ 4670 جىڭ قىزىل مىس سېلىق تاپشۇردى (چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى 8500 جىڭ سېلىق تاپشۇردى)؛ سايرام 383 جىڭ 8سەر 5 مىسقال قىزىل مىس سېلىق تاپشۇردى؛ باي 370 جىڭ 20 سەر قىزىل مىس سېلىق تاپشۇردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۆز ۋاقتىدىكى ئوردا پۈتۈكچىلىرىنىڭ بۇ تۆۋەن مۆلچەرلىك خاتىرىسىگە ئاساسەن، ئەينى ۋاقىتتىكى 80 ناھىيىنىڭ ھەر بىرى ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر بىلەن يىلىغا 300 جىڭدىن مىس سېلىقى تاپشۇرغان دەپ ھېسابلىساق، بىر يىلدا 24 مىڭ جىڭ، بەش يىلدا 120 مىڭ جىڭ، ئون يىلدا 1 مىليون 200 مىڭ جىڭ مىس سېلىقى تاپشۇرغان بولىدۇ. دېمەك، بۇنچىۋالا زور مىقداردىكى مىس سېلىقىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا نەچچە يۈزلىگەن مىس كانلىرى ئېچىلىشى، كان قېزىش، ئېرىتىپ تاۋلاش ۋە يۆتكەش ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغلار توختىماي ئىشلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئەمما ئورۇنسىز سېلىقلار ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان شۇنچە كۆپ مىس ماتېرىياللىرى يەنىلا ئەينى ۋاقىتتىكى مالىيە ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئېھتىياجنى قامدىيالمىغان، شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مىس كانلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق مىسقا بولغان قىيىنچىلىقىنى

ھەل قىلماقچى بولغان. بۇ ھەقتە «غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئىشلار» 8-جىلد «مىس، قوغۇشۇن كانلىرى» قىسمىدا: «ھۆكۈمەت ‹ھۆكۈمەت باشقۇرۇش چارىسى› دىن پايدىلىنىپ مىس كانلىرىنى ئاچمىسا بولمايتتى، چيەنلۇڭنىڭ 41-يىلى جياڭجۈن يىلبىتۇ پەرمان چۈشۈرۈپ ئىلىنىڭ قاراغايتۇ دېگەن يېرىدە مىس كانى ئاچقۇزدى ھەمدە بۇ كاندىن يىلىغا 2000_3000 جىڭدىن 5000_6000 مىڭ جىڭغىچە مىس ئېلىندى؛ چيەنلۇڭنىڭ 54-يىلى جياڭجۈن باۋنىڭ قاراغايتۇدىكى مىس كانىنىڭ تازا روناق تاپالمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قەشقەردە يەنە يېڭىدىن بىر مىس كانى ئاچقۇزدى. بۇ مىسلار بىر نەچچە يىلدىن كېيىن پۇل قۇيۇشقا لازىملىق مىسنىڭ ئورنىنى تولدۇردى ھەم يەرلىكلەرگىمۇ كۆپ مەنپەئەت تەگدى. چيەنلۇڭنىڭ 57-يىلى جياڭجۈن باۋنىڭ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىلى، قەشقەرلەردە مىس كانلىرى ئېچىپ، ھەر يىلى 7000 جىڭدىن كۆپرەك مىس مەھسۇلاتى ئېلىندى، بۇلاردىن 600 تىزىق پۇل قۇيۇلۇپ، قالغان مىسلار ھەربىي تەمىناتقا ئىشلىتىلدى دېگەن»، دېيىلگەن. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بۇ مىس كانلاردا ئۇستىلار (تېخنىكلار) يەرلىكلەردىن بولغان، ئىشچىلارنىڭ ئاز بىر قىسمى يەرلىكلەردىن، كۆپ قىسمى ھەربىيلەر، گۇناھكارلار، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئىچكىرىدىن قېچىپ چىققانلار، ئېقىپ كەلگەنلەر ۋە ھەربىيلەر بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەنلەر بولغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدا يەنە مۇھىم مەدەن بايلىقلىرىدىن سېلىترا، گۈڭگۈرت، قوغۇشۇن قاتارلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئىشلىرىمۇ خېلى روناق تاپقان ھەم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىدىكى بوستانلىق، شەھەرلەردە جۈملىدىن يايلاقلاردا ياشىغۇچى خەلقلەر تۇرمۇش ۋە سودا ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن خېلى كۆپ كانلارنى قازغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ھەربىي ئېھتىياج تۈپەيلى سېلىترا، گۈڭگۈرت ۋە قوغۇشۇن قاتارلىقلارنى سېلىق تەرىقىسىدە پۇقرالارغا چېچىپ، كۆپ مىقداردىكى مەدەن بايلىقلىرىنى يىغىۋالغان. مەسىلەن، قاراشەھەر ناھىيىسى 482 جىڭ سېلىترا؛ كۇچا ناھىيىسى 600 جىڭ مىلتىق دورىسى، 400 جىڭ گۈڭگۈرت، 200 جىڭ سېلىترا؛ شايار ناھىيىسى 300 جىڭ مىلتىق دورىسى، 100 جىڭ گۈڭگۈرت، 100 جىڭ سېلىترا؛ ئاقسۇ 4200 جىڭ گۈڭگۈرت، 300 جىڭ قوغۇشۇن سېلىق تاپشۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى جياڭجۈن مىڭ رۈي پەرمان چۈشۈرۈپ، قەشقەردە قارا قوغۇشۇن كانى ئاچقۇزۇپ ھەربىي قورال-ياراقلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن يىلىغا 6000_7000 جىڭدىن 10 مىڭ جىڭغىچە قوغۇشۇن مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشنى بۇيرۇغان. بۇ كاننى نازارەت قىلىش، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس چېرىكلەرنى ئەۋەتكەن. ئېلىنغان مىس مەھسۇلاتىنىڭ بىر قىسمىنى تەمىرات جۇجۇقىغا يۆتكىگەندىن باشقا، قالغان قىسمىنى ھەربىي قورال-ياراق ۋە ئوق-دورا ياساشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن كورەدىكى ھەربىي قورال-ياراق ئامبىرىغا يۆتكەپ كەتكەن. چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى جياڭجۈن باۋنىڭ پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەربىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن ساچىر ئامان تېغى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا يەنە سېلىترا كانلىرىنى ئاچقۇزغان. كېيىن سانجىدىكى پوچېڭزى تەبىئىي سېلىترا كانىنى ئاچقۇزغان، ئېلىنغان سېلىترا مەھسۇلاتلىرىنى زاپاس ئوق-دورا ياساشقا ئىشلەتكەن. چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تەبىئىي بايلىقلارنى كۆپلەپ ئېچىپ ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ۋە ئەسكەرلەر تەمىناتىنى ھەل قىلىش پەرمانىغا ئاساسەن، ماناستا سېلىترا تاۋلاش زاۋۇتىنى قۇرۇپ، پىششىقلانغان مەھسۇلاتنى ئىلىغا يۆتكەپ، ھەربىي ئېھتىياجغا ئىشلەتكەن.

شىنجاڭدا كۆمۈر كانلىرىنى قېزىش ۋە كۆمۈردىن پايدىلىنىش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى يېقىلغۇ ھەم تاۋلاش ئىشلىرىدا كۆمۈردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى كەلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى كۆمۈر كانلىرىغا

مەجبۇرىي سېلىق سېلىپ ۋە يېڭىدىن بىر قىسىم كانلارنى ئاچقۇزۇپ، تۇرمۇش ھەم ھەربىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن كۆمۈر قېزىشنى مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتقان. «غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ئىشلار»، «كۆمۈر كانلىرى» بىلەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 32-جىلد «ئوزۇق-تۈلۈك، مال-مۈلۈك تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چيەنلۇڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ كۆمۈرگە بولغان ئېھتىياجى ھەسسىلەپ ئاشقان. گەرچە ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئىلى، كۇرە توققۇز شەھەر ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەردە نەچچە يۈز كۆمۈر كانلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئاھالىنىڭ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كۆمۈر جەمئىيەت ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان. چيەنلۇڭنىڭ 46-يىلى تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى جياڭجۇڭگە: «تۇرۇشلۇق جايىمىزدا ئوتۇن-كۆمۈرلەر قىس، سىرتتىن يۆتكەش قولايسىز، ئەسكەرلەر يېقىلغۇغا تەشنا بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلياستۇ تېغىغا ئادەم ئەۋەتىپ كۆمۈر كانلىرىنى ئاچساق» دەپ ئىلتىماس قىلغان. يەنە شۇ خاتىرىدە: «ئىلى رايونىدىكى كونگۇرا كۇرە شەھىرىنىڭ شىمالىغا 30 لى كېلىدۇ، چيەنلۇڭنىڭ 47-يىلى بۇ جايدا 24 كۆمۈر خېنى ئېچىلدى، كېيىن يەنە ئون خالى ئېچىلدى. بۇ جايلاردىن توشۇپ كېلىنگەن كۆمۈرلەر ھەربىي ئېھتىياجنى ۋە كۇرەدىكى توققۇز شەھەرنى قامدىدى»، دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى يۇرت تەزكىرىلىرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، يۇرتىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆمۈرچىلىك سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. ۋەھالەنكى، ئەينى دەۋردە شەھەر-يېزىلارنىڭ نوپۇسى كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان، شەھەر-بازارلاردىكى قول سانائەت ئىشلىرىنىڭ تۈرى ۋە دائىرىسى كېڭىيىۋاتقان، جەمئىيەت ئۆز دەۋر شارائىتىغا يارىشا تەرەققىي قىلىۋاتقان بولغاچقا، كۆمۈرگە بولغان ئېھتىياجمۇ كۈچىيىۋاتقانىدى. ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا لازىملىق يېقىلغۇ كۆمۈرلەر، شەھەر-بازارلاردىكى قول سانائەتكە لازىملىق كۆمۈرلەر، ھەر خىل مەدەنلەرنى ئېرىتىش-تاۋلاشقا لازىملىق كۆمۈرلەر ۋە ھۆكۈمەتكە (ئاساسەن ئەمەلدارلار بىلەن ھەربىي) لازىملىق كۆمۈرلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆمۈر خاڭلىرىنى ئاچماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىدا نەچچەيۈزلىگەن كۆمۈر خاڭلىرى ئېچىلىپ، جەمئىيەتنىڭ كۆمۈرگە بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن يىلىغا نەچچە مىليون توننىلاپ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن سودا ۋە ھۆكۈمەت ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈنمۇ زور مىقداردا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلغان.

شىنجاڭنىڭ قاشتېشى كانلىرىنى ئېچىش ۋە قاشتېشىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. «تاغ-ئېرىقلار قوللانمىسى» (山海经) دا: «تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ئالتۇن ۋە قاشتېشى ناھايىتى كۆپ» دەپ خاتىرىلەنسە، «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» (水经注) دا: «ئۇدۇننىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا قاشتېشى تاغلىرى، كانلىرى بار، ئۇ جايلاردىن بەك ئېسىل قاشتاشلىرى چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «سۇڭنامە. چەت جايلار تەزكىرىسى» (家更外国传) دە: «خوتەندە قاشتېشى ئىنتايىن مول، بىر تال قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى 270 جىڭ كېلىدۇ» دېيىلگەن. قىسقىسى، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شىنجاڭ قاشتېشى ھەققىدە خېلى مول مەلۇماتلار بار. مىلادىدىن 2500_2000 يىللار ئىلگىرىلا شىنجاڭدا ياسالغان نەپىس قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى، بۇنداق قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ شۇ زامانلاردىمۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇم سانىلىدىغانلىقى، ھەتتا ئوردا زىياپىتىگە قاشتېشى بىزەك قىلىنغان كىيىملەرنى كېيىپ كەلمىگەنلەر كىرگۈزۈلمەيدىغانلىقى... روشەن تارىخىي پاكىت.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ئېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلغان. ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بۇ قەدىمىي كەسىپ سودا-سېتىق ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا، ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىغا، بەدىئىي سەنئەت ئەسەرلىرىگە، چالغۇ ئەسۋابلارغا، تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا، سوۋغا-سالام ۋە باشقىلارغا كەم بولسا بولمايدىغان ئېسىل، قىممەتلىك ماتېرىيال بولغاچقا، ھۆكۈمەت ۋە يۇقىرىلارنىڭ قاشتېشىغا بولغان ئېھتىياجى كۈنسايىن ئېشىپ بارغان.

بۇ ۋاقىتتا خوتەن قاشتېشىنىڭ بازىرى ئىتتىك، سودىسى ياخشى بولغاچقا، خوتەن تەۋەسىدىلا نەچچە ئونلىغان قاشتېشى كانلىرى ئېچىلغان. يەنە كېلىپ يۇرۇڭقاش دەرياسى غايەت زور قاشتېشى كانى بولغاچقا، قاشتېشى ئېلىش ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇش يەنىلا قىزغىن ئېلىپ بېرىلغان. شۇ چاغلاردا خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان ئېسىل، قىممەتلىك مەھسۇلاتلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلارغىمۇ كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىنغان. بۇنداق كانلار يەكەن قاتارلىق جايلاردىمۇ خېلى كۆپ ئېچىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلىدىن 55-يىلىغىچە چىڭ ھۆكۈمىتى يەكەندە مەخسۇس قاشتېشىغا ئائىت ئىشلارنى بېجىرىدىغان ئورگان تەسىس قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يىغىۋېلىنغان قاشتاشلىرىنى شۇ ئورۇنغا توپلىغان ۋە ئۇنى ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىلى ۋە ئىچكىرىگە يۆتكەپ كەتكەن. بۇ جەرياندا ئۇلار يەرلىك فېئودال غالچىلىرى ئارقىلىق يەرلىك خەلقلەرگە قاشتېشى سېلىقى سېلىپ، زور مىقداردىكى قاشتېشىنى يۆتكەپ كەتكەن. جياچىڭنىڭ 4-يىلى قىزغۇچ رەڭدىكى ئېغىرلىقى 10 مىڭ جىڭ كېلىدىغان بىر قاشتېشىنى، ئاق رەڭلىك ئېغىرلىقى 8000 جىڭ كېلىدىغان بىر قاشتېشىنى، ساپ ئاق ھەم سۈزۈك، ئېغىرلىقى 3000 جىڭ كېلىدىغان بىر قاشتېشىنى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قىستىشى بىلەن ئوردىغا ھەدىيە قىلغان. چيەنلۇڭ يىللىرى (مىلادى 1781-يىلى) باش مۇشاۋىر ئاگۇي جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنجىتقاندىن كېيىن، گاۋزۇڭ خاننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن خانغا قاشتېشىدىن بىر ئات ياساتقۇزغان، بۇ ئات ھەم سۈزۈك ھەم پارقىراق قاشتېشىدىن ئالاھىدە ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسى بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 3 چى، ئېگىزلىكى 2 چى بولغان، خان بۇنى يېنىدىن ئايرىمىغان، ھەتتا يۇيۇنغاندىمۇ سەرراپقا بىللە ئېلىپ كىرگەن، 1799-يىلى گاۋزۇڭ خان ئۆلگەندە ۋەسىيىتىگە ئاساسەن بۇ ئاتنى يەرلىكىگە بىللە كۆمگەن. 1860-يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە ئارمىيىسى يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندە بۇ قاشتېشى ئاتنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. دېمەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خان-پادىشاھلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى شىنجاڭنىڭ قاشتېشى بۇيۇملىرىغا ئىنتايىن قىزىققان، ھەتتا كۆپلەپ بەدەل تۆلەپ، نەچچە مىڭ سەرلەپ ئالتۇن-كۈمۈش سەرپ قىلىپ قاشتېشى بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغان.

يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان يىپەك يولى ـ شىمالىي يول، ئوتتۇرا يول ۋە جەنۇبىي يوللار ئارقىلىق تارتىم-تارتىم تۆگە يېتىلەپ ماڭىدىغان سودىگەر-كارۋانلىرىمىزمۇ يىلىغا نەچچە يۈز تونna قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئېلىپ سېتىپ تۇرغان. بازار ئىتتىك، ئىجتىمائىي تەلەپ يۇقىرى بولغاچقا، شىنجاڭدا قاشتېشى ئېلىش ۋە ئۇنى تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش سانائىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۇرتىمىزنىڭ ئالتۇن كانلىرىنى بايقاش، ئېچىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي شىمالىدىكى ئەسلىدىن ئېچىپ، پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان ئالتۇن كانلىرى داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تاشقىرى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، بولۇپمۇ ھەربىي خىراجەتنى يەرلىكتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنە يېڭىدىن بىر مۇنچە ئالتۇن كانلىرىنى ئاچقۇزغان. مەسىلەن، «ئۈچ ئايماق ھەققىدە

تۇرگە ئايرىلغان خاتىرىلەر» نىڭ 9-جىلد 43-بېتىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، چيەنلۇڭنىڭ 36-يىلى كۆيتۇندىكى ئالتۇن كانى يېڭىدىن ئېچىۋېتىلگەن. ئەمما بۇ كاندا ئىشلىگەن ئالتۇنچىلار بىلەن نازارەتچى چېرىكلەر شەخسىي نەپ ئېلىش ئۈچۈن ئالتۇننى قاقتى-سوقتى قىلغان. بۇ ئەھۋال ئوردىغا مەلۇم قىلىنغاندا، ئۇلارنى قاتتىق جازالاش توغرىلىق پەرمان چۈشۈرۈلگەن. كېيىن يەرلىك ئۇستىلار ئىشقا سېلىنىپ قاتتىق نازارەت ئاستىدا چىڭ ئوردىسىغا ناھايىتى كۆپ ئالتۇن كىرىم قىلىنغان. شۇ يىلى ياساۋۇل بېگى بابەينى ئۈرۈمچىگە تەۋە ماناس دېگەن جايدا تاغقا كىرىپ ياغاچ كېزىدىغۇچىلەرنىڭ دائىم دېگۈدەكلا ئالتۇن تېپىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەم شۇ جايدا سىناق تەرىقىسىدە ئالتۇن كانى ئاچقۇزغان. چيەنلۇڭنىڭ 47-يىلى باشبۇغ مىڭ لياڭ قاتارلىقلار مەكتۇپ يوللاپ كورخارائۇسۇ ئەتراپىدا ئالتۇن ئىدارىسى قۇرغان ھەمدە بۇ جايدا ئالتۇن ئىزدىگۈچىلەرگە رۇخسەت قىلىش يول خېتى يېزىپ بېرىپ تاپقان ئالتۇنىدىن زاكات ئالغان. ئومۇمەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مەيلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ياكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئالتۇن كانلىرى بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك روناق تاپقۇزۇلغان. بولۇپمۇ تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى جايلاردا كۆپلەپ ئالتۇن كانلىرى قېزىلىپ، ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە ئاشقان. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەر ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ مائاشى، تۇرمۇش تەمىناتى، تۇرالغۇ جايلىرى، قاتناش قوراللىرى، ھەربىي ئەسلىھەلىرى، قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلىرى ئۈچۈن كېتىدىغان زور مىقداردىكى چىقىملارنى قامداپ كېتەلمەيتتى، شۇڭا ئالتۇن بايلىقىنى قېزىش ئارقىلىق بۇ زور چىقىملارنى ھەل قىلغانىدى. چىڭ ئوردىسى يەرلىك پۇقرالارغا ئالتۇن سېلىقى سېلىشتىن تاشقىرى، ھەربىيلەر، جىنايەتچىلەر ۋە يەرلىك ئالتۇنچى ئۇستىلارنى كۆپلەپ سەپەرۋەر قىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن ئالتۇن كانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن. سېلىقنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالتۇن كانلىرىنى كۆپلەپ ئېچىشقا توغرا كەلگەن، شۇ سەۋەبتىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ئالتۇنچىلىق ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن سودا-ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىمۇ ئالتۇنغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، خەلق ئىچىدە ئالتۇن قېزىش ئىشلىرىمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەر كۆپلەپ كان ئاچقاندىن باشقا، ھۆكۈمەتمۇ مەلۇم ساندا ئادەم كۈچى تەشكىللەپ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، گۈڭگۈرت، سېلىترا، تۇز، كۆمۈر كانلىرىنى ئاچقان. چۈنكى، چېرىك چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ئەمەلدار ۋە چېرىكلىرىنى بېقىش بىلەن ھەربىي ئېھتىياجغا كېتىدىغان غايەت زور ئىقتىساد ۋە ماددىي مەھسۇلاتلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا يەرلىك پۇقرالارنى ئىشلىتىپ، ھەر خىل كانلارنى ئېچىشتەك يوللار بىلەن قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغانىدى.

«ئۈرۈمچى ھەققىدىكى سىياسىي ئىشلار خاتىرىسى» ، «ئۈرۈمچىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە» ، «ئۈچ ئايماق ھەققىدە تۈرگە ئايرىلغان توپلام» قاتارلىقلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، جياچىڭ يىللىرىدىن كېيىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى زور تۈركۈمدىكى جىنايەتچىلەرنى ھەر قايسى كانلارغا يۆتكەپ ئاپىرىپ، جىنايەتچى ئىشچى قىلىپ ئىشلەتكەن. چۈنكى بۇ چارە جىنايەتچىگىمۇ ھەم ھۆكۈمەتكىمۇ پايدىلىق بولغان، يەنى ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىنايەتچىلەرنى قاتتىق بېسىم بىلەن ئىشلىتىش ئارقىلىق زور مىقداردا ئىقتىسادىي ۋە ماددىي ئۈنۈم ئالالىغان؛ جىنايەتچىلەر قاتتىق ئىشلەپ جىنايىتىنى يۇيۇش، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغان. شۇ سەۋەبتىن جىنايەتچىلەر ئىشلەيدىغان كانلارنىڭ مەھسۇلاتى ھەر يىلى مۇقىم بولغان ھەم ئېشىپ بارغان.

ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى كان مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سېلىترا،

كۆڭگۈرت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئادەتتە بازار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى بولمىغان، بەلكى كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت ئارقىلىق بىۋاسىتە پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كېرەكلىك جايلارغا تەڭشەپ تەقسىم قىلىنغان.

قىسقىسى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ھەربىي چىقىملارنى يەرلىكتىن ھەل قىلىش پەرمانىغا ئاساسەن، ئىلى جياڭجۈنى بىر قىسىم جايلاردا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى كانلارنى ئاچقۇزغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى كانلار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاقىلىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاي-جايلاردا خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ، بەزى جايلاردا ئۇرۇش ۋە ھەربىي توقۇنۇشلار دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، كانلاردا ئىش توختاپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئىلى جياڭجۈنى ھۆكۈمەت ۋە ھەربىيگە لازىملىق بارلىق ماددىي ۋە ئىقتىسادىي چىقىملارنى يەرلىك پۇقرالارغا سېلىق سېلىش يولى بىلەن ھەل قىلغان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ كانچىلىق سانائىتى ئاساسلىقى يەرلىك پۇقرالار ئارقىلىق روناق تاپقان، دېيىشكە بولىدۇ.

## 2. كانچىلىق سانائىتىنىڭ خارابلىشىشى

ھەر قانداق ئىشنىڭ باشلىنىش، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشى بولغىنىدەك، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ كانچىلىق سانائىتىمۇ بۇ باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇڭا بۇ توغرىلىقمۇ ئاز-تولا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچىدىن، شىنجاڭ-روسىيە سودىسىنىڭ تەسىرىدىن خارابلاشقان. بۇ ھال ئالدى بىلەن تۆمۈر سانائىتى ۋە سودىسى جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. روسىيە ماللىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ يىللىرىدىن كېيىن تۈركۈملەپ شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو-روسىيە ئارقا-ئارقىدىن 1851-يىلى «جۇڭگو-روسىيە ئىلى-تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى»، 1860-يىلى «جۇڭگو-روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى»، 1864-يىلى «جۇڭگو-روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش توختام خاتىرىسى» گە ئوخشاش تەڭسىز شەرتنامىلارنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، روسىيە تەرەپ شىنجاڭدا تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان سودا ۋە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر، سارسۈمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) قاتارلىق شەھەرلەردە روسىيىنىڭ كونسۇلخانىسى تەسىس قىلىندى. كونسۇلنىڭ ھوقۇقى زور بولۇپ، ئاساسلىقى سودا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، مەكتەپ، چېركاۋلارنى قوشۇمچە باشقۇراتتى. شۇنىڭدەك روسىيە-شىنجاڭ سودىگەرلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى، پوچتا-تېلېگراف، بانكا قاتارلىقلارنى قوشۇمچە باشقۇراتتى. روسىيە سودىگەرلىرى كونسۇلنىڭ ھامىيلىقىدا جاي-جايلاردا باجسىز ئەركىن سودا قىلىپ، روسىيە ماللىرىنى كۆپلەپ ئېلىپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك سانائەت ۋە سودا خارابلىشىپ، ھەممە جاينى روسىيە ماللىرى قاپلاپ كەتكەن. روسىيە شىنجاڭ سودىسىنى مونوپول قىلىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مونوپول كاپىتالغا خىزمەت قىلىدىغان دەللال كارخانىلار- «ياڭخاڭ» (چەت ئەل سودا فېرمىسى) دېگەن نام بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، تيەنشىڭ سودا فېرمىسى (1851-يىلى)، جۇڭشىن سودا فېرمىسى (1852-يىلى)، دېخې سودا فېرمىسى (1881-يىل)، دېشىڭ سودا فېرمىسى (1883-يىل)، ماۋشىڭ سودا فېرمىسى (1883-يىل)، جىلى سودا فېرمىسى (1886-يىل)، دالى سودا فېرمىسى (1911-يىل) ۋەھاكازالار.

سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «روسىيىنىڭ 1893-يىلى شىنجاڭدا قىلغان سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 828 مىڭ 600 رۇبلىغا يېتىپ، 1884-يىلىدىكى 2مىليون 100 مىڭ رۇبلىدىن ئىككى ھەسسە، 1850-يىلىدىكى 742 مىڭ رۇبلىدىن سەككىز ھەسسىگە يېقىن ئاشقان»

(سىلادكوۋسكى: «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدىن ئومۇمىي مەلۇمات»، 121-، 163-، 166-بەتلەر)، قىسقىسى شىنجاڭ روسىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ سېتىش بازىرىغا ۋە خامئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان بازىغا ئايلىنىپ قالغان. روسىيە شىنجاڭنىڭ بەزى مۇھىم سودا شەھەرلىرى، مەسىلەن، ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، مال ساقلاش ئۈچۈن ئاتالمىش «فاكتورىيە» تەسىس قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ جايلار كونسىسىيەگە ئايلىنىپ قېلىپ، روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت بازىسى بولۇپ قالغان. روسىيە تۆمۈر ۋە تۆمۈر سايمانلارنى ئاساس قىلغان مېتال بۇيۇملارنى شىنجاڭغا ناھايىتى زور مىقداردا كىرگۈزگەن. مەسىلەن، 1842-يىلى روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كىرگۈزگەن مېتال بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 41 مىڭ 400 رۇبلىغا يېتىپ، پۈتۈن روسىيە ماللىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 28.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. پەقەت مېتال بۇيۇم سودىسىلا 1850-يىلى 21 مىڭ 600 رۇبلى، 1851-يىلى 30 مىڭ 800 رۇبلى، 1853-يىلى 44 مىڭ 200 رۇبلى، 1893-يىلى 97 مىڭ 500 رۇبلى بولغان. مۇشۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا ئىشلىتىلىدىغان روسىيە ماللىرى رۇس ئاتالمىسى بىلەن، ئۇرۇس مىقى، ئۇرۇس گۈڭگۈرتى، ئۇرۇس قۇلۇپى. . . دېگەندەك ئوخشاش ئاتالغان. يۇقىرىقى ئامىللار شىنجاڭنىڭ كانچىلىق سانائىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپلا قالماي، بەلكى يەرلىك سانائەتنى ۋەيران قىلىپ، خارابلىشىشقا بىۋاسىتە سەۋەب بولغان.

ئىككىنچىدىن، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبىدىن خارابلاشقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ ئەمىن تاپالماي، جاي-جايلاردا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ئاپىتىنىڭ كاساپىتىدىن جەمئىيەت تىنچسىز، خەلق خاتىرجەمسىز، باج-سېلىق ئېغىر بولۇپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە باشقا ناشايان ئىشلار ئەۋج ئالغاچقا، بۇ خىل ئەھۋاللار شىنجاڭنىڭ كانچىلىق سانائىتىگە ئەكس تەسىر كۆرسەتكەن. يەنە بىر جەھەتتىن چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ، زۇلۇمغا قارشى ھاراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئۈچۈن جاي-جايلاردا ئىنقىلاب ئوتلىرى يالقۇنجىغان. ھەر قايسى زاۋۇت، كان-كارخانىلاردىكى ھۈنەرۋەن ئۇستىلارمۇ زۇلۇمغا قارشى ئاتلانغاچقا، كانلار ئاساسەن ئىشتىن توختىغان.

ئۈچىنچىدىن، سىياسەت مۇقىم بولمىغان، باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇپ، چىرىكلىك، پارىخورلۇق ئەۋج ئالغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ، تاكى دوتەي، ئامبال، يېزا-يۇرت بەگلىرىگىچە ھەممىسى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، يانچۇقىنى تولدۇرۇشنىڭ ئېپىنى قىلغان. ناھەقچىلىك، چىرىكلىك، پارىخورلۇق، تەخسىكەشلىك ئاشكارا يامراپ كەتكەن. كانغا مەسئۇل ئەمەلدارلار ھەم بەگلەر تۆۋەننى بېسىپ، يۇقىرىغا خوشامەت قىلىپ، يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىشنىڭ كويىدا بولغان. كان ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ناچار، ئىشى ئېغىر، تەمىناتى تۆۋەن، قامچا، تاياق-توقماق—دىكتاتۇرا كۈچلۈك بولغاچقا قېچىپ كېتىپ، كانلاردا ئادەم تۇرماس بولۇپ كەتكەن.

تۆتىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەرلىك كىشىلەرنىڭ بەزى مۇھىم كانلارنى ئېچىشىغا يول قويمىغان، ئۇلار قارغۇلارچە كان ئېچىشنى يولغا قويغاچقا، نۇرغۇن كانلار بىرنەچچە يىل بولا-بولمايلا خارابلاشقان. يەنە تېخنىكىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قالاق، ئىپتىدائىي ئۇسۇلنىڭ قوللىنىلىشىمۇ بىر قىسىم كانلارنىڭ خارابلىشىشىغا سەۋەب بولغان.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

# چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلاردىكى فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى

نۇرۇللا مۆمىن

يانچىلىق تۈزۈمى — فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ يەرگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى شەكلى بولۇپ، بۇ خىل تۈزۈم ئەڭ بۇرۇن ياۋروپادىكى رىم ئىمپېرىيىسى ۋە ئېلىمىزدىكى جۇ سۇلالىسىدە پەيدا بولغان①. تارىختا ئۇيغۇرلارمۇ بۇ خىل تۈزۈمنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. نۆۋەتتىكى بەزى ئىلمىي ئەمگەكلەرگە، شۇنداقلا شىنجاڭدىن تېپىلغان قارۇشتى ھەم ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالاقىدار ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا شىنجاڭدا بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2300 يىللار ئىلگىرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى II ، IV ئەسىرلەردە) لا فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى شەكىللەنگەن② بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئۇزاق مۇددەت بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدە تۇرغان. تۆۋەندە مەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا يولغا قويۇلغان ھەر خىل يەر مۈلۈكچىلىك شەكىللىرىگە ئاساسەن، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلاردىكى فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىر قاتار چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىكى سېلىقلارنى يەڭگىللەتكەن؛ ئۇيغۇرلاردىكى بۇرۇنقى بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئىللەتلىرىنى تۈگەتكەن؛ دىنىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى چەكلەپ، يېڭى سىياسەت تۈزۈپ چىققان ھەمدە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىگە ئاساسىي جەھەتتىن تەگمەي، نەسەبىي بەگلىك تۈزۈمىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتكەن.

چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى مەمۇرىي ئىشلارنى بىر قۇر تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى جەمئىيەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەي، فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنى يەنىلا ساقلاپ قالغان ھەمدە بۇ خىل تۈزۈمنى قانۇن جەھەتتىن قوغدىغان. چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە، شىنجاڭدا يانچىدارلار (يانچى ئىگىلىرى) ئىگىلىكىدىن سىرت يەنە فېئودال پومېشچىكلار ئىگىلىكىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. شۇ ۋەجىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى يەر مۈلۈكچىلىك شەكىللىرى بۇرۇنقى دەۋرلەردىكىدىن خېلىلا پەرقلەنگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى يەر مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىدە ئاساسەن دۆلەت مەنپەئىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان، ھەمدە پۈتۈن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى بارلىق تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۆۋەندىكىدەك فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك شەكىللىرىنى يولغا قويغان:

## بىرىنچى، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر

بۇ خىل يەرلەر جۇڭغارلاردىن، چوڭ-كىچىك خوجىلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن، جىنايەتچىلەردىن، چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغانلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەر؛ تېخى ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن بوز يەرلەر؛ شەخسىيلەرگە بۆلۈپ بېرىلمىگەن تاغ-دەريا، ئوتلاقلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە ئىگىدارچىلىقىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنداق يەرلەر دۆلەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەخسۇس خادىملار ئارقىلىق باشقۇرۇلغان. بۇ خادىملار دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ئۆزلىرى تېرىماي، بەلكى يانچىلارنى ياللاش؛ دېھقانلار، كۆچمەنلەر، سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بېرىش؛ ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بېرىش قاتارلىق ئۈچ خىل ئۇسۇلدا تېرىغان③، ھەمدە يىللىق ھوسۇلنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرغان.

دۆلەت يانچىلىرى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىشتىن سىرت، يەنە دۆلەت ئۈچۈن بوز يەر ئاچقان. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، چىڭ ھۆكۈمىتى شىمالىي شىنجاڭ بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى تۇركۈم-تۇركۈملەپ ئىلى رايونىغا كۆچۈرگەن. مەسىلەن، 1767-يىلى ئاقسۇنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى ئاگۇي ئىلى جياڭجۇنى بولۇپ يۆتكەلگەندە، ئاقسۇدىن 300 تۈتۈن ئۇيغۇرنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ، ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە ئەمگەك قوراللىرى، ئۇرۇقلۇق، ئاشلىق تارقىتىپ بېرىپ، بوز يەر ئېچىشقا ۋە ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىشقا سالغان. كېيىنكى مەزگىللەردە يەكەن، ئۇچتۇرپان، خوتەن، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېخىمۇ كۆپ ئادەم كۆچۈرۈپ، ھەر 100 تۈتۈننى بىر تەشكىلىي بىرلىك قىلغان ھالدا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا بوز يەر ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. 1768-يىلغا كەلگەندە، ئىلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئۇيغۇر دۆلەت يانچىلىرىنىڭ ئومۇمىي تۈتۈن سانى 6383 (بەزى ماتېرىياللاردا 8000 تۈتۈنمۇ دېيىلىدۇ) كە يەتكەن④. يانچىلار چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىمبەگ ئارقىلىق باشقۇرۇلغان. ئۇلار ھەر يىلى چىڭ سۇلالىسى يەرلىك ھۆكۈمىتىگە 96 مىڭ دادەن (ھەر بىر تۈتۈنگە تەخمىنەن 16 دادەندىن توغرا كېلىدۇ)⑤ غەللە پاراق ئاشلىق تاپشۇرغان. 1794-يىلى دۆلەت يانچىلىرى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرمۇ سانىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە كۆپىيىشى بىلەن، تاپشۇرۇلىدىغان ئومۇمىي غەللە-پاراق 100 مىڭ دادەنگە يەتكەن⑥.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا، چىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى دېھقانلارغا، كۆچمەنلەرگە ۋە سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بەرگەن. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يانچىلاردىن سىرت، يەنە ئەركىن دېھقانلارمۇ خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى يەر ئىجارىگە ئېلىش بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىغان. دۆلەت ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ئەركىن دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، يىل ئاخىرىدا ھوسۇلنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئىجارە ھەققى ئۈچۈن يىغىۋالغان، يېرىمىنى بولسا ئىجارە ئالغۇچىغا قالدۇرغان⑦. ئىجارىكەش دېھقانلار ھۆكۈمەت يېرىنى ئىجارىگە ئالغاندا، كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق قوراللىرى، ئۇرۇق، ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى شەخسىي ھەل قىلىپ، دۆلەتتىن پەقەت تېرىلغۇ يەرلا ئالغان، ھەمدە ئىجارە ھەققى تاپشۇرۇش بىلەن بىللە دۆلەتكە ھەر خىل قوشۇمچە باج-سېلىقلارنىمۇ تاپشۇرغان.

چىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ ئايرىم قىسمىنى يەنە كۆچمەنلەرگە ئىجارىگە بېرىش

شەكلى بىلەن تېرىغان. ئەينى چاغدىكى كۆچمەنلەر ئاساسلىقى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇ دېھقانلىرى بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە دۆلەتتىن تۇتۇن بىرلىكى بويىچە 30 مودىن يەر ئالغان ھەمدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا دېھقانچىلىق سايمىنى، تېرىقچىلىق ئۇلاغلىرى، ئۇرۇقلۇق، ئۆي سېلىش خىراجىتى ۋە ئاشلىق قەرز ئېلىپ، قەرزنى ئۈچ مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرغان. ئىجارە ھەققى ئۈچۈن يىلىغا ھۆكۈمەتكە 9.8 كۈرەدىن ئاشلىق (بۇ مو بېشى مەھسۇلاتىنىڭ $\frac{1}{10}$ گە توغرا كېلىدۇ) [8] تۆلىگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە قەرزنىڭ قايتۇرۇلۇشى بىلەن، ئۇلار پەيدىنپەي ئەركىن دېھقانلارغا ئايلىنىپ، ھۆكۈمەتتىن مەخسۇس يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان بولغان ھەمدە ئادەتتىكى دېھقانلارغا ئوخشاشلا ھۆكۈمەتكە قارام ئىجارىكەشلەرگە ئايلانغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، سودىگەرلەرنىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ئىجارىگە ئېلىشىمۇ ئومۇمىي ئەھۋال بولغان. بۇ خىل ئەھۋال 1763-يىلدىن 1808-يىلغىچە داۋاملاشقان.

ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلدا، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ مەلۇم ئۈلۈشىنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ھەمدە ئەسكەرلەرنى پىلانلىق ئاساستا قوشۇمچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئەسكەرلەر يېشىل تۇغلۇق قوشۇن (خەنزۇ ئەسكەرلەر) ۋە سەككىز تۇغلۇق قوشۇن (مانجۇ، شىبە، سولۇنلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئەسكەرلەر) پەرقى بويىچە تېرىقچىلىققا سېلىنغان. دەسلەپتە چىڭ ھۆكۈمىتى سەككىز تۇغلۇق قوشۇننى ھەربىي مەشىقىلا سېلىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا سالمىغان. يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلار بولسا باشتىن-ئاخىرى تېرىقچىلىق ۋە بوز يەر ئېچىشقا سېلىنغان. دۆلەت يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى ھەر بىر ئەسكەرگە 20 مودىن يەر تەقسىم قىلىپ بەرگەن ھەمدە مۇۋاپىق ئاساستا دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇقلۇق، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە تەمىنات تارقىتىپ بەرگەن. ئەسكەرلەر ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە 12 دادەندىن 28 دادەنگىچە ئاشلىق تاپشۇرغان[9]. كېيىنكى كۈنلەردە سەككىز تۇغلۇق ئەسكەرلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، تەمىناتنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن، چىڭ ھۆكۈمىتى بىر قىسىم مانجۇ ئەسكەرلىرىنىمۇ تېرىقچىلىق قىلىشقا بۇيرىغان ھەم قوشۇمچە بوز يەر ئېچىشقا سالغان. نەتىجىدە شىنجاڭدىكى (جۈملىدىن شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى) ئارمىيە تېرىقچىلىقى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتى مۇناسىپ ھالدا ئېشىپ بارغان.

## ئىككىنچى، بەگلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر

بۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ-كىچىك ئۇيغۇر بەگلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن يەرلىرى بولۇپ، بۇنداق يەرلەر بەگلەرنىڭ شەخسىي باشقۇرۇشىدا بولغان. بەگلەر ھەر يىلى دۆلەتكە ئۆز دائىرىسىدىكى يەرلەردىن بەلگىلەنگەن مىقداردا باج-سېلىق تاپشۇرغان. بەگلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭرى بولغان. شۇڭا دۆلەت بەگلىك تۈزۈمىنى رەسمىي بىر خىل قانۇنىي تۈزۈم شەكلىگە كىرگۈزۈپ، بەگلىكنى ئىلگىرىكى نەسەبىيلىكتىن ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئەسلىدىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر بەگلىرىنى بەش دەرىجىگە ئايرىپ، 3-دەرىجىلىك ھەر بىر بەگكە 200 پاتمانلىق يەر، 200 يانچى؛ 4-دەرىجىلىك ھەر بىر بەگكە 150 پاتمانلىق يەر، 50 يانچى؛ 5-دەرىجىلىك ھەر بىر بەگكە 100 پاتمانلىق يەر، 15 يانچى؛ 6-دەرىجىلىك ھەر بىر بەگكە 50 پاتمانلىق يەر (يانچى سانى نامەلۇم)؛ 7-دەرىجىلىك ھەر بىر بەگكە 30 پاتمانلىق يەر 8 يانچى بېرىشنى بەلگىلىگەن[10].

مىراپ بەگلەر مەخسۇس سۇ باشقۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا يەر ئاجرىتىپ بەرمەي، ھەر بىرىگە بەش نەپەردىن يانچى بەرگەن. بەگلەر يانچىلارنىڭ تىرىشىغا ئۆز دائىرىسىدىكى يەرلەردىن ئۆلۈشلۈك يەر بۆلۈپ بەرگەن ھەمدە ئۆزلىرىگە قاراشلىق «شەخسىي يەرلەر»نى يانچىلاردىن ئۆلۈشلۈك يەر ئىجارىسى ئالماسلىق ھېسابىغا ھەقسىز تېرىتقۇزغان. يانچىلار بەگلەرنىڭ شەخسىي يەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاغ ۋە ئەمگەك قوراللىرى بىلەن تېرىغان ھەم بۇ خىل يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تولۇقى بىلەن بەگلەرگە تاپشۇرغان. يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان بۇ خىل تۈزۈم ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئىنتايىن ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان. يانچىلاردا ئادەتتە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، ئازراق يەر ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن باشقا ھېچقانداق مۈلۈك بولمىغان. بەگلەرمۇ يانچىلارغا بېرىلىدىغان ئۆلۈشلۈك يەرلەرنى كۆپ ھاللاردا ناچار يەرلەردىن ئايرىپ بەرگەن[11]. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى سۇڭ يۈننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، يەكەننىڭ شەرقىدە 12 ئورۇندا ھەربىي رابات بولغان ھەر بىر راباتتا 30 دىن كىشى ئىشلىگەن. ئۇلارغا ئايلىق بېرىلمىگەن[12]. بەگلەر يانچىلارنى تېرىقچىلىق ۋە ھەر خىل ھاشارلارغا سېلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنى يەنە دۆلەت تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئەركىن دېھقانلار (ئورتاقچىلار)نى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا قول-چوماق قىلغان ھەمدە يانچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان مەخسۇس ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنى تەشكىللەپ، پۇقرالارنى خالىغانچە قاقتى-سوقتى قىلغان. بەگلەر ئۆزلىرى ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق باج-سېلىق تاپشۇرمايى[13]، پەقەت ئۆزلىرىگە قارام يانچى ۋە ئەركىن دېھقانلارنىلا باج-سېلىق تاپشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەگلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ كۆلىمى نىسبەتەن كەڭرى، بۇ يەرلەر ئۈچۈن ئېلىنىدىغان باج مىقدارىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. بەگلەر ئۆزلىرى باجدىن خالاس قىلىنىش بەدىلىگە، ئۆزلىرىگە تەۋە يانچى ۋە ئورتاقچىلارنى ھۆكۈمەت مەنپەئەتى ئۈچۈن تىنىمسىز ئەمگەك ۋە ھاشارغا سالغان. شۇ سەۋەبتىن ئەينى دەۋردىكى بەگلەر ئەمەلىيەتتىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق فېئودال يانچىدارلارغا ھەم پومېشچىكلارغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى يانچىلىق تۈزۈمى مىسلىسىز دەرىجىدە چوڭقۇرلىشىپ كەتكەن.

## ئۈچىنچى، ۋاڭلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر

بۇ خىل يەرلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭلىرى ئەبەيدۇللا ۋە ئىمىن خوجىغا ئۆمۈرلۈك بەخشەندە قىلىپ بەرگەن يەرلىرى بولۇپ، بۇنداق يەرلەر ئاتىدىن-بالىغا مىراس قالغان. بۇ خىل يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقلىرى تامامەن يۇقىرىقى ئىككى ۋاڭ جەمەتىنىڭ قولىدا بولغان. بۇنداق يەرلەردىن ھۆكۈمەتكە ئاز مىقداردا باج-سېلىق تاپشۇرۇلغان. ئەمما باج-مىقدارى باشقا رايونلارنىڭكىگە قارىغاندا خېلىلا تۆۋەن ئىدى. ئۇلارنىڭ يەرلىرى ئەدەتتە ئىجارىگە بېرىلىش شەكلى بىلەن تېرىلغان. ئىجارىگە بېرىش تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۇسۇلدا بولغان: بىرى ۋاڭ ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئورتاقچى دېھقانلارغا ئىجارىگە بەرگەن. ئورتاقچى دېھقانلار ئىجارە ھەققى ئۈچۈن بەلگىلىك مىقداردا ماددىي بۇيۇم تاپشۇرغان ھەمدە قوشۇمچە ۋاڭغا قاراشلىق «مىراسلىق زېمىن» (ۋاڭ تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان خۇسۇسىي يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ) لاردا ھەقسىز ئەمگەك قىلغان. ئورتاقچىلاردا ئازراق يەر ۋە ئۇششاق ئەمگەك قوراللىرى بولغان. لېكىن قوش كالىسى، تۆمۈر ساپان، ھارۋىغا ئوخشاش ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىنتايىن كەمچىل بولغان. ئورتاقچىلارنىڭ ۋاڭغا

تاپشۇرىدىغان ئىجارە ھەققىنىڭ نىسبىتى ئادەتتە يەرنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ بېكىتىلگەن. ۋاڭمۇ ئاساسەن مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ئىجارە ھەققى يىغقان. ئىككىنچىسى، ۋاڭ يەرلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمىنى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئەركىن دېھقانلارغا ئىجارىگە بەرگەن. ئەركىن دېھقانلار ئورتاقچىلارغا قارىغاندا خېلىلا ھاللىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەخمىنەن بىر مودىن 20 موغىچە يېرى بولغان[14]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىگە تايىنىپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلىگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش قۇمۇل، تۇرپاندىكى ۋاڭ جەمەتىگە قاراشلىق بارلىق ئاھالىلەر ئاساسەن ئىجارىكەشلەر بولغان. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاش زۆرۈركى، ئەينى دەۋردە قۇمۇل، تۇرپاندىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن ئالاھىدە پەرق قىلغان. شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا يەنىلا يانچىدارلار ئىگىلىكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، فېئودال يانچىدار بەگلەر بىلەن يانچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى شەكلى ئىدى. لېكىن بۇ دەۋردىكى قۇمۇل، تۇرپان رايونىدا بولسا بەزى ئىلمىي ئەمگەكلەردە تىلغا ئېلىنىنىۋاتقىنىغا ئوخشاش فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان[15] بولماستىن، بەلكى بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ئانچە-مۇنچە قالدۇقلىرى ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچى بولغان پومېشچىكلار ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. چۈنكى يۇقىرىقى ئىككى رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە قانداقتۇر بېقىنىش ياكى ياللىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولمىغان ھەمدە ۋاڭلارنىڭ يانچىدارلارغا ئوخشاش يانچىلارنىڭ يەرلىرىنى خالىغانچە قېتىۋېلىش، يانچىلارنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكىگە چېقىلىش، ئورتاقچىلارنى ئۆز بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش، يانچىلارنى خالىغانچە ھەر خىل ھەقسىز ئەمگەك ۋە ھاشارلارغا سېلىشتەك ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىگەن. يۇقىرىقى ئىككى رايوندا دېھقانلار خالىغانچە ئەمەس، بەلكى قەرەلىك يوسۇندا ۋاڭنىڭ شەخسىي يەرلىرىدە ھەقسىز ئەمگەككە سېلىنغان ۋە قوشۇمچە ۋاڭنىڭ جەمائەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۇتۇلغان. بىز بۇ نۇقتىغا ئاساسەن يۇقىرىقى ئىككى رايون جەمئىيىتىنى فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى جەمئىيىتى دېيەلمەيمىز. بەلكى فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان، پومېشچىكلار ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەت دەپ ئېيتالايمىز، خالاس. ئەمدى شەخسىي مۈلۈك جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلساق، يانچىلاردا ساتقۇدەك زېمىن ۋە مال-مۈلۈك مەۋجۇت بولمىغان. ئۇلار پەقەت يانچىدارلارغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىش ھېسابىغىلا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ يەرلىرىگە مەڭگۈ بېقىنىپ قالغان. لېكىن قۇمۇل ۋە تۇرپاندا بولسا «يانچى» دېگەن ئاتالغۇ ئاساسەن مەۋجۇت بولمىغان. ۋاڭلار ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا «دېھقان» ، «ئارباتو» (تېرىقچى) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا شەخسىي زېمىنلىرى ۋە مال-مۈلكى بولغان. دېھقانلار قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ ياكى مەلۇم ئېھتىياجغا دۇچ كېلىپ پۇلغا مۇھتاج بولۇپ قالغاندا، بەلگىلىمە بويىچە ئۆز يەرلىرىنى ۋاڭغا سېتىپ بەرگەن. ۋاڭ سېتىۋالغان يەرلەرنىڭ ھېسابىغا ساتقۇچى كىشىگە مۇۋاپىق ھەق بەرگەن.

## تۆتىنچى، پومېشچىكلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر

بۇ چېلىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ-كىچىك فېئودال پومېشچىكلارغا بۆلۈپ بەرگەن يەرلىرى بولۇپ، بۇنداق يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى دۆلەتتە، باشقۇرۇش ھوقۇقى پومېشچىكلاردا ئىدى. پومېشچىكلار بۇ خىل يەرلەر ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا باج-سېلىق تاپشۇرغان.

لېكىن پومېشچىكلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ئىنتايىن ئاز بولغان. پومېشچىكلار يەرلىرىنى ئۆزلىرى تېرىماي، دېھقانلارغا ئىجارىگە بەرگەن ھەمدە ئىجارىكەشلەر بىلەن كېلىشىپ، ئالغان ھوسۇلنى ھەر خىل شەكىلدە بۆلۈشىۋالغان. پومېشچىكلارنىڭ يەر ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلى مۇنداق ئىككى خىل⑯ بولغان: بىرى، پومېشچىكلار ئىجارىكەشلەرگە يەر، سۇ، تېرىلغۇ ئۇلاغلارنى بەرگەن. ئىجارىكەشلەر پەقەت ئەمگەك كۈچىلا چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن يىل ئاخىرىدىكى مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى پومېشچىكقا، ئۈچتىن بىر قىسمى ئىجارىكەش دېھقانغا تەۋە بولغان. ئىككىنچى خىلى، پومېشچىكلار ئىجارىكەش دېھقانلارغا پەقەت يەر ۋە سۇلا بەرگەن. قالغان بارلىق ئەمگەك قوراللىرىنى ئىجارىكەشلەر ئۆزلىرى ھەل قىلغان. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىجارىكەشلەر ئىجارىگە ئالغان يېرىنىڭ ياخشى-ناچارلىقىغا ئاساسەن يىل ئاخىرىغا پومېشچىكقا يۇقىرى ھوسۇللۇق يەر ئۈچۈن بىر دادەن بۇغداي، ئوتتۇرا ھال يەر ئۈچۈن 5 كۈرە، ناچار يەر ئۈچۈن ئۈچ كۈرە ئاشلىق تاپشۇرغان.

## بەشىنچى، ۋەخپە يەرلەر

بۇ خىل يەرلەر پومېشچىكلارنىڭ، فېئودال يانچىدارلارنىڭ، سودىگەرلەر ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ مەسچىت، مەدرىس، مازارلارغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن يەرلىرى بولۇپ، بۇنداق يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھەم باشقۇرۇش ھوقۇقى نامدا مەسچىت، مەدرىسلەردە، ئەمەلىيەتتە بولسا خوجا، ئاخۇنغا ئوخشاش دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدە ئىدى. ۋەقپىلىكلەر بولسا نامدا «كوللېكتىپ» يېرى دەپ ئاتىلىپ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۇلارنىڭ شەخسىي باشقۇرۇشىدا بولغان. ۋەقپىلىكلەر تېرىلغۇ يەر، ئورمانلىق، ئۆي-جاي ۋە چارۋىلاردىن تەركىب تاپقان. ۋەقپە يەرلەردە ئاساسەن يانچىلار ئىشلىگەن. دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى نورغۇنلىغان ۋەقپىلىكلەرگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، يەنە ئۆز ئالدىغا كۆپلەپ يانچىلارغىمۇ ئىگە بولغان. يانچىلار ۋەقپە يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى تورمۇشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى بەدىلىگە، يىللاپ ھەقسىز ئەمگەك قىلغان ھەمدە خوجا، ئاخۇنلارنىڭ قورۇقلىرىدىمۇ ھەقسىز ئەمگىكى بىلەن ئىجارە ھەققى قايتۇرۇش ھېسابىغا بىر پارچىدىن يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن يۇقىرىدىكى بەش خىل يەر مۈلۈكچىلىك شەكلىنى يولغا قويغان ھەمدە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى تارىخىي ئىزچىللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇرلاردىكى فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىگۈچىسى بولغان فېئوداللىق بەگلىك تۈزۈمىنى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن زور دەرىجىدە تولۇقلىنىپ بېرىپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئىلگىرىكى يانچىدارلارغا ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىرىگە بېقىنىشنى ئاساس قىلىشتىن، تەدرىجىي يوسۇندا پەقەت يانچىدارلارنىڭ يەرلىرىگىلا بېقىنىشنى ئاساس قىلىدىغان بولغان ھەمدە ئەينى دەۋردىكى يانچىلارنىڭ مەلۇم يەر ۋە مال-مۈلۈككە ئىگە بولۇش ئەھۋالىنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم مەزمۇن تەكىبىگە كىرگۈزگەن. شەكىل جەھەتتىن بولسا بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى يانچىدارلارنىڭ يانچىلارنى ھەر خىل ۋاسىتىلار بىلەن تامغىلىق (تولۇق) يانچىلارغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئەھۋالى ئاساسەن ئۆزگىرىپ، يانچىدارلار يانچىلارغا بىر ئۈلۈشتىن يەر ئىجارە بېرىدىغان بولغان. يانچىلار ئىجارە ھەققى ئۈچۈن يانچىدارلارنىڭ شەخسىي

يەرلىرىدە ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بەرگەن. نەتىجىدە جەمئىيەتتىكى يانچىلار بىلەن ئىجارىكەش دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەيدىنپەي كىچىكلەپ، ئۇيغۇرلاردىكى يانچىلىق تۈزۈمى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشكە باشلىغان. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدەيەنە بىر قەدەر ئىلغار بولغان پومېشچىكلار ئىگىلىكىمۇ مەۋجۇت بولغان. لېكىن بەگلىك تۈزۈمىنىڭ كۈچەيپ بولغا قويۇلۇشى ھەمدە ئەركىن دېھقانلارنىڭ قاتمۇ-قات ئىجارە ھەققىگە بوغۇلۇپ قېلىشىغا ئوخشاش كۆپ خىل رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ۋاقىتلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان قۇمۇل، تۇرپاندىن باشقا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بۇ خىل ئىگىلىك بوسۇش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلمىگەن. بۇ رايونلاردا فېئوداللىق يانچىدارلار ئىگىلىكى يەنىلا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئىگىلىك شەكلىنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان يانچىلىق تۈزۈمىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، بۇ خىل تۈزۈمنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن.

ئىزاھلار:

---

① چۈەن جۈفۇ: «جۇڭگونىڭ فېئودالىق جەمئىيەت ئىقتىساد تارىخى» (1-قىسىم) خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل 12-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى، 1-باب.

② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1-قىسىم)، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 35-، 36-، 108-، 109-بەتلەر؛ دىمىترىي ئىۋانوۋىچ تىخونوۋ: «X-XVI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» (رۇسچە)، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1966-يىل موسكۋا-لېنىنگراد نەشرى، 121-، 127-بەتلەر؛ چىڭ سۇلۇ: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى 1994-يىل 3-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى، 245-بەت؛ «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1992-يىللىق مەخسۇس تەرجىمە سانى (خەنزۇچە)

③⑤⑥⑨ لى. ى. دۇمان: «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى شىنجاڭدا يۈزگۈزگەن يەر سىياسىتى» (رۇسچە)، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1936-يىلى موسكۋا-لېنىنگراد نەشرى، 4-باب.

④ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئالىي مەكتەپ تارىخ دەرسلىكىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (1-قىسىم)، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1992-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، (ئۇيغۇرچە) 382-، 383-بەتلەر.

⑦⑬ زوكوتو: «XIX-XVII ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (1-قىسىم) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 179-، 232-بەتلەر.

⑩⑪⑮ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 364-، 365-، 368-، 372-بەتلەر.

⑫ «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، 3-جىلد («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 372-بېتىدىن نەقىل ئېلىندى).

⑭ سۇبېيخەي، خۇاڭ جىيەنخۇا: «قۇمۇل، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى 1993-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 41-بەت.

⑯ گوينگدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شەرق كىتابخانىسى نەشرىياتى 1952-يىل 1-ئاي نەشرى، 87-بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

# ئۇيغۇر مىنياتۇر سەنئىتىنىڭ غەربىي ئاسىياغا تارقىلىشى

يۇسۇپجان ياسىن

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار رەسسامچىلىقتا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە (مىلادى 850—1335-يىللار) ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى تېخىمۇ يۈكسەلگەن بولۇپ، بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن تام رەسىملىرى ئاساسەن بۇددا ۋە مانى دىنى، قىسمەن خرىستىئان دىنى تەسىرى ئاستىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان مىلادى VII - IX ئەسىرلەرگە تەۋە بۇددا ۋە مانى دىنى مەزمۇنىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن مىنىياتۇرلىرى (قىستۇرما رەسىم) ئۇيغۇر رەسسامچىلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان خېلى قەدىمكى ئۈرنەكلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رەسىملەردە دىندارلار (بۇددىست راھىبلار)، باي-غوجىدارلار، ئۇسسۇلچىلار، چالغۇچىلار (مۇزىكانتلار) ۋە ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئۇچار قۇشلار تەسۋىرلەنگەنىدى. بۇ خىل سەنئەت بۇيۇملىرى تىپىك ئۇيغۇر ئۇسلۇبىنى ئىپادىلىگەنىدى. رەسىملەر قاتار سىممېترىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. رەڭ تەڭشەشتە قويۇق كۆك رەڭ بىلەن قىزىل رەڭ ئاساس قىلىنغان. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ سىزغان ۋە ئىشلىگەن رەسىم، نەقىش ۋە ھەيكەللەردە ئۇيغۇر ئۇسلۇبى بىلەن ھىندى ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن. مىلادى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەتئەل ئارخېئولوگلىرى تۇرپان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن ئىران ئۇسلۇبىدا سىزىلغان بەزى رەسىم ۋە نەقىشلەرنى تاپقان. شۇنداقلا قەدىمكى ئىران، يۇنان، ھىندىستان، غەربىي ئاسىيادىكى (ئاساسەن مېسوپوتامىيە ۋە بابىل، ئاسۇرىيە قاتارلىقلار) قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى ھەم قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىدا سىزىلغان ئادەملەرنىڭ ھەر خىل رەڭلىك رەسىملىرىنى تاپقان. بۇ رەسىملەرنىڭ ئەتراپىغا ئەنەتكەكچە، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان. بۇ رەسىملەرنىڭ ئىچىدە خەنزۇ، ھىندى، ئۇيغۇر، يۇنان ۋە پارسلارنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىللىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ ①.

پورترېت سەنئىتى— كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، خاسلاشتۇرۇپ سىزىش سەنئىتى، ئۇ ئەڭ دەسلەپ مىلادى 750-يىلى بارلىققا كەلگەن تۈرك (ئۇيغۇر) تام رەسىملىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىنسانلار ۋۇجۇدىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ يۈز قىسمىمۇ سىزىق-ئىسخېما ئارقىلىق سىزىلىپ، رەسىمنىڭ ئاستىغا نام-شەرىپى يېزىپ قويۇلاتتى. تام رەسىملىرىدە كۆپىنچە ئۆزىنى سىزدۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان كىشىلەر تەسۋىرلەنگەچكە، ھەر خىل كىشىلەر يەنى ھىندى، خەنزۇ، توخار، پارسلارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىدىن پەرقلىق بولغان باشقا مىللەت كىشىلىرىنى ئېنىق تىپىكلەشتۈرۈپ سىزىش بىلەن بىرگە، تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىنى ئۇلاردىنمۇ بەكرەك تىپىكلەشتۈرۈپ سىزغان. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر پورترېت سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. پورترېت سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە قەدىمكى ئەنئەنىلەرنىڭ تەسىرىمۇ ئالاھىدە رول ئوينىغانىدى. كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە

«بەنگۇ» ياكى «مەڭگۈ» دەپ ئاتالغان خاتىرە تاشلارغا ئويۇلغان قەھرىمانلار ياكى قاغانلارنىڭ نام-شەرىپى، ئۇنۋانى، مەمۇرىيىتى (خىزمەت ئورنى)، ئىش-ئىزلىرى ۋە يېشى خاتىرىلىنىپ ئۇلار ئەبەدىيلەشتۈرۈلەتتى. ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل چۈشەنچە كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېخىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتتى. بېزەكلىك تام رەسىملىرىدە ئۇيغۇر خاقانلىرى ناھايىتى رېئالىست ھالدا سىزىلغان. ئەر-ئايال، باي-غوجىدارلار تەسۋىرلەنگەن تام رەسىملىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ بەدەن ۋە چىراي قۇرۇلۇشىنىڭ پورترېت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىلگەن②.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن ساقلىنىپ قالغان مىنىاتۇر ئەسەرلىرى ئاساسەن مانى دىنى كىتابلىرىدىن ئورۇن ئالغانىدى. مىنىاتۇر سەنئىتى قەدىمكى دەۋر كىتابلىرىغا سىزىلغان ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ. مانى دىنى كىتابلىرىغا سىزىلغان مىنىاتۇر ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە دىنىي مەزمۇنلار، بەزىلىرىدە تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولغان مىنىاتۇر سەنئىتى—غەربىي ئاسىيا ئىسلام مىنىاتۇر سەنئىتى ۋە ئومۇمىي رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مەنبەسىگە ئايلانغانىدى. ئۇيغۇر مىنىاتۇر سەنئىتى مىڭ يىلدىن ئۇشۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا مىلادى VIII ئەسىردىلا مىنىاتۇر سەنئىتىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقى دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ساناقلىق ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا. تۇرپاندىن تېپىلغان تام رەسىملىرى بىلەن مىنىاتۇرلاردا خەنزۇ رەسساملىق سەنئىتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە ئۇيغۇر ئۇسلۇبى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇيغۇر مىنىاتۇر سەنئىتى غەربىي ئاسىياغىمۇ كەڭ تارقالغان، بۇنىڭدا ئاساسلىقى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ باغداد ۋە غەزنە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ، غەزنە شەھىرىدە كېيىنكى كۈنلەردە بايقالغان سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ئۇسلۇب ئوخشاشلىقىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا③. ئەبۇئەل مائالىنىڭ مانى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئارژاڭ» ناملىق رەسىملىك كىتابىنىڭ مىلادى 1056-يىللاردا غەزنە شەھىرىدە بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى بايانى بۇ ئۇسلۇب ئوخشاشلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ④. ئۇيغۇر رەسساملىق ئۇسلۇبى مىلادى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەئەللۇق غەزنەۋىلەرنىڭ لەشكىرىي بازار سارىيىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن سالجۇقىيلار مەركىزى—رەي شەھىرىدىكى تام رەسىملىرىدە، بولۇپمۇ رەي ۋە كاشاندا ئىشلەنگەن پارقىراق كاھىش ۋە چىنىلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. غەربىي ئاسىيادا ئۇيغۇر رەسساملىقى ۋە مىنىاتۇرى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ توپ ئاساسى ۋە ئۇسلۇبىنى يوقاتماستىن، تاكى مىلادى XV ئەسىرگىچە داۋام قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇيغۇر رەسساملىق ئۇسلۇبىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربىي ئاسىياغا ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى بۇ ئۇسلۇبنى ھىرات، غەزنە، باغداد، رەي، كاشان، مۇسۇل ۋە ئاناتولىيىلەرگە كەڭ تارقاتتى. نەتىجىدە غەربىي ئاسىيادا «ئۇيغۇر ئۇسلۇبى» بويىچە رەسىم سىزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ دولقۇن سەنئەت ساھەسىدە «ئۇيغۇر ئۇسلۇبى» دېگەن ئىبارەت يېڭى بىر دەۋرنى ئاچقانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى مىنىاتۇر سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قەدىمكى ئەسەر — مىلادى XI ئەسىرگە مەنسۇپ «كىتابى—تىرياك» نىڭ بىر قانچە كۆچۈرمە نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ كىتابنىڭ مىلادى 1199-يىلى كۆچۈرۈلگەن، ھازىر پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىدا ئەمىرنىڭ سارىيى ۋە باغچىسى بىر پەردە قىلىپ كۆرسىتىلگەن. قىزىل رەڭدە سىزىلغان بىر مىنىاتۇردا ھەرەمخانا ئەركانىنىڭ قولىدا قەدەھ تۇتقان ھالدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھالىتى ئىپادىلەنگەن، ئەتراپ مەنزىرىسى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا سىزىلغان⑤.

بۇ كىتابنىڭ مىلادى XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇسۇلدا كۆچۈرۈلگەن ھازىر ۋېنا مۇزېيىدا

ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر نۇسخىسىدا هاياتنى تەسۋىرلەيدىغان قىزىل ساراي، ئۇنىڭ ئۈستىدە گۈۋ هاياتى؛ ئاستىدا بولسا ئاتلىق كېتىپ بارغان ئەر-ئايال يولۇچىلار سىزىلغان بولۇپ، ئۈچ قاتار هالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ مىنياتۇر ئەسىردە ئۇيغۇر ئۇسلۇبى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىستامبۇلدىكى توپ كاپى سارىيى غەزنە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مىلادى XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ «ۋارقا ۋە گۈلشاھ» دېگەن ئەسەرنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىدىكى 71-مىنياتۇرمۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى خانلىقى دەۋرىدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن مىنياتۇر ئۇسلۇبىنىڭ ئاناتولىيىدىكى داۋامى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ⑥. مىلادى XIII ئەسىردە ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى مىنياتۇر ئەسەرلىرى يالغۇز باغداد، مۇسۇل، سۈرىيە ۋە ئاناتولىيە قاتارلىق جايلاردا كەڭ ئومۇملىشىپلا قالماستىن؛ بەلكى يەنە شىمالىي ئافرىقىغىمۇ كېڭەيگەنىدى. مىلادى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەملۇكلەر سۇلالىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىسىردا ئۇيغۇر مىنياتۇر ئۇسلۇبىنىڭ داۋاملاشقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. هازىر ۋېنا مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مىلادى 1334-يىلى يېزىلغان «ماقامەت» دېگەن ئەسەرنىڭ مۇقاۋىسىغا چالغۇچىلار، سېرىكچىلار ۋە خانىشلار بىلەن بىرگە قولىدا قەدەھ تۇتقان هالدا تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەمىرنىڭ كۆرۈنىشى ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا سىزىلغان ⑦.

مىلادى XIII ئەسىردە موڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرىدە ئۇيغۇرلار ناهايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ھەتتا تۇرپان، كۇچا، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ھۇلاكۇخان بىلەن بىرلىكتە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ باردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىياسىئونلار، قوماندانلار، ئالىم-سەنئەتكارلار، كاتىپ ۋە شائىرلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىلخانىيلار خانلىقى (1258—1381-يىلغىچە) نىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرى، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى: ئۇيغۇر تىل-يېزىقىمۇ ناهايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولدى.

مىلادى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلخانىيلار خانلىقىدىكى ئۇيغۇر رەسساملىرى مىنياتۇر سەنئىتىدە يېڭى بىر پارلاق دەۋرنى ياراتتى. ئۇيغۇرلار مەراگا ۋە تەبرىز قاتارلىق يېڭى مەركەزلەردە مىنياتۇر سەنئىتىنىڭ يېڭى-يېڭى شاھانە ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى. راشىددىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىكى مىنياتۇر ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ قولىدىن چىققانىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئىستامبۇل توپ كاپى سارىيى غەزنە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مىلادى 1317-يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىكى مىنياتۇر ئەسەرلىرىدىن ئۈچ پارچىسى ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلگەن ئەسلى دەۋرىگە مەنسۇپ بولسا، قالغانلىرى مىلادى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر رەسساملىرى تەرىپىدىن ئىشلەنگەنىدى⑧. «جامىئۇل تاۋارىخ» نىڭ مىلادى 1314-يىلى كۆچۈرۈلگەن، هازىر لوندون مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىدىكى بىر مىنياتۇر بىلەن بېرلىن دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مىلادى VIII — IX ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بېزەكلىك تام رەسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق—سەنئەت جەھەتتىكى باغلىنىش ۋە ئىزچىللىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىران مىنياتۇر سەنئىتى ئىلخانىيلار دەۋرىدە ئوردىدا خىزمەت قىلغۇچى ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ تۈرتكىسىدە شەرق ۋە غەرب رەسسامچىلىقىنىڭ تەسىرى ئاستىدا باشلانغانىدى.

مىلادى XV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ھىراتتىكى شاھرۇھنىڭ سارىيىدا ئۇيغۇر رەسساملىرى يۈكسەك ماھارەت بىلەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، پارس رەسساملىق ئۇسلۇبىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى. غىياسىددىننىڭ مىلادى 1425-يىلى ھىراتتا سىزغان، قولىدا قورال تۇتقان هالدا ئۆرە تۇرغان بىر تۈرك (ئۇيغۇر) ئەسكىرىنىڭ قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن مىنياتۇرى پورترېت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، مۇشۇ دەۋردە ھىراتتا بارلىققا كەلگەن شاھانە ئەسەر ئىدى⑨. هازىر پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن 58 پارچە مىنياتۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مىراجنامە» مىلادى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر سەنئىتى تەسىرىنىڭ ھىراتتا يەنىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مىنياتۇردىكى قىياپەت، تىپ ۋە تەسۋىرلەردە ئۇيغۇر ئۇسلۇبى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە بۇ ئەسەرنىڭ مالىك باخشى دېگەن ئۇيغۇر تەرىپىدىن مىلادى 1436-يىلى كۆچۈرۈلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن⑩.

ئاناتولىيىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر مىنياتۇر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ئائىت ئەسەرلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. شۇنداقتىمۇ ئاناتولىيىدىكى مىنياتۇر سەنئىتىدە ئۇيغۇر بۇددا رەسىملىرى بىلەن شەرقىي رىم رەسىملىرى تەسىرىنىڭ ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. ئىستامبۇل توپ كاپى سارىيى غەزنە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 1253-نومۇرلۇق ئالبومدىكى رەڭلىك ۋە قارا قەلەم بىلەن سىزىلغان بىر گۇرۇپپا مىنياتۇر ئەسىرىنىڭ ئاستىغا مەخمەت سىياھ قەلەم ئىمزا قويغان. مىلادى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەخمەت سىياھ قەلەمنىڭ ھىراتلىق ئۇيغۇر رەسسام ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئوردىسىدا ناھايىتى ئىززەتلەنگەن ۋە زور ئابروي قازانغانىدى. دېھلى تۈرك سۇلتانلىقى دەۋرىدە (مىلادى 1526—1857-يىللار) تۇرپان ئۇيغۇر رەساملىق ئۇسلۇبى تەسىرىنىڭ ھىندىستانغا قەدەر كېڭەيگەنلىكى كېيىنكى كۈنلەردە مەيدانغا چىققان تارىخىي پاكىتلار بىلەنمۇ ئىسپاتلاندى⑪.

دېمەك، مىلادى IX ئەسىردىن باشلاپ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار بۇ جايدا ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى نامايان قىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر مىنياتۇر سەنئىتى ۋە ئۇسلۇبى ئۇيغۇر رەساملىرى ۋە ئۇيغۇر رەساملىرىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن غەربىي ئاسىيالىق ھەر مىللەت رەساملىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا كەڭ تارقىلىپ، «ئۇيغۇر ئۇسلۇبى» ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇر مىنياتۇر سەنئىتى ئىسلام مىنياتۇر سەنئىتىنىڭ مەنبەسى، ئۆرنىكى ۋە ئاساسىغا ئايلىنىپ غەربىي ئاسىيا رەساملىق سەنئىتى تارىخىدا پارلاق ئىز قالدۇردى.

## ئىزاھلار:

① كارتر: «جۇڭگو مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى» 103-بەت.

②⑤⑥⑦⑧⑨⑩ «ئىسلام قامۇسى» XI توم 2-كىتاب، 117-، 630-، 654-، 655-بەتلەر.

③ بېرگېر: «غەزنە شەھىرىدىكى لەشكىرىي بازار» 266-بەت.

④ ئۇۋېنس: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىدە مانى دىنى»، «تۈرك مەدەنىيىتى قول يازما كىتابلىرى» I توم، 156-بەت.

⑪ «تاباقاتى—نەشرى» 234-بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-ئوتتۇرا مەكتەپ)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

# قەدىمكى خوتەن بوستانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

نىزامىدىن توختى

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، خوتەننىڭ تارىختىكى ناملىرى — قۇستانە، لىيال، قۇردان، قاسار قۇردان، سىرىس ئېلى (يىپەك ئېلى)، موغۇلىيە، مۇقان، موغۇلىستان، توققۇزخاقان، ئۇدۇن، ئەدەن (ئەردەن)، ماچىن، چىن ماچىن، يۇتيەن، ئىلچى قاتارلىقلار خوتەننىڭ قەدىمدىن يېقىنقى دەۋرگىچە بولغان نام-ئاتالغۇلىرى بولۇپ، بۇ نام-ئاتالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى (قوللىنىلىشىنى) تۆۋەندىكى سەۋەبلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. قەدىمدە بۇ ماكاندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشىغان جايلىرى (يېزا-كەنتلەر، بازارلار، ئاۋات شەھەرلەر) قۇم-بوران ئاستىدا قېلىپ، ئاھالىلەر يېڭى ماكانغا كۆچۈپ بارغاندا، شەھەر-بازارلارنىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلىنىشى بىلەن نامىمۇ يېڭىدىن ئاتالغان.

2. تارىختا بولۇپ ئۆتكەن رەھىمسىز ئۇرۇشلار تۈپەيلى، يۇرت-ماكان، ئاۋات شەھەرلەر ۋەيران بولۇپ خارابىگە ئايلانغان، بولۇپمۇ خانلىقنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى ئوت قويۇش، سۇغا باستۇرۇش نەتىجىسىدە يوق قىلىۋېتىلگەن، نەتىجىدە مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ باشقا ئورۇنغا يېڭىدىن بەرپا قىلىنىشى بىلەن نامىمۇ ئۆزگەرگەن.

3. قەدىمدە مۇشۇ ماكاندا ياشىغان قەبىلە، مىللەتلەر بۇ ماكاننى ھەر قايسىسى ئۆز تىل تەلەپپۇزى بويىچە ئاتىغاچقا نامىمۇ ھەر خىل ئاتالغان.

4. قەدىمدىن يېقىنقى زامانغىچە، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر خوتەننى ئۆز تىلى، ئۆز ئادىتى بويىچە ھەر خىل ئاتىغان (خەلقئارادا ھازىرمۇ مۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت)، شۇڭا ئۇنىڭ نامىمۇ كۆپ خىل بولغان.

شىنجاڭ دائىرىسىدىن تېپىلغان تاشقا ئايلانغان ئاتۇش ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى، تىيانشان، قۇرۇم، كوئىنلۇن، ئالتۇن تاغلىرى ئارىسىدىن ئۈزلۈكسىز ئۇچرىتىلغان قىياتاش سۈرەت (ياكى ئىپتىدائىي يېزىق) لىرى، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تاغ ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ئىز-نىشانلىرى، يۇقىرىقى تاغلارنىڭ ئارىسى ۋە تاغ باغرىلىرىدىن بايقالغان قەدىمىي قەبرە-مازار (خوتەن بوستانلىقىنى ئوراپ تۇرغان قۇرۇم تاغلىرى باغرىدا مۇنداق قەدىمىي قەبرە-مازارلار ھەممىلا جايدا دېگۈدەك بايقالدى) لىرى ۋە بىر قاتار ئەمەلىي پاكىتلار قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە جاي-ماكانلىرىغا ئىسپات بولۇپ تۇرماقتا.

تارىختىن مەلۇمكى، ئەڭ بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ياشاش قانۇنىيىتى — تاغ باغرى، تاغ جىلغىلىرى ۋە ئورمانلىقلاردا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن ئۆزلىرىنى قامداش ئىدى. قەدىمكى خوتەنلىكلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە تاغ باغرى ۋە جىلغىلارنى ماكان تۇتۇپ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە كەلگەندە، ئۇلار بارا-بارا كۆپىيىپ، تاغ ئارىسىدىن چىقىپ سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە، شىمال تەرەپتىكى تۈزلەڭ رايونلارغا تارىلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ماكاندا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئۆز ئارا سىڭىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ھەمدە يۇرت-ماكانىنى گۈللەندۈرۈپ ئاۋات شەھەر، يېزا-بازارلارنى بەرپا قىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرلەردە تازا روناق تېپىپ خانلىق قۇرغان. خوتەن دىيارىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر مىڭ يىللاپ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد تەر ئاققۇزۇش بەدىلىگە، ئەينى چاغدىكى بىر قەدەر تۈزلەڭ زېمىن (بۈگۈنكى خوتەن رايونىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان قۇملۇق) دا مۇنبەت دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى، بۈك-باراقسان باغۇ-بوستانلار، ئاۋات شەھەر-بازارلار، راۋان يوللارنى بەرپا قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن رايونىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان قۇملۇقتا بايقالغان قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، يېزا-كەنتلەرنىڭ ئىز-نىشانلىرى، ئېرىق-ئۆستەڭ ئېقىن-ئىزلىرىنىڭ يۇلتۇزلاردەك تارالغانلىقى بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

قەدىمكى خوتەن زېمىنى ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىگە ئاساسەن تەڭ (بەلكى ھازىرقىدىن چوڭراق) بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان بوستانلىق ھازىرقىدىن كۆپ كەڭ ئىدى. بۈگۈنكى خوتەن شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا كۆزىتىدىغان بولساق، خوتەننىڭ قۇرۇم تاغلىرى بىلەن ئورالغان جەنۇب، غەرب تەرەپلىرىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 180 كىلومېتر كېلىدىغان مازار تاغقىچە، شەرقىدىن نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا 130 كىلومېتر كېلىدىغان قەدىمىي نىيە خارابىسىغىچە بولغان شۇنچە كەڭ زېمىن (بۈگۈنكى كۈندە، بۇ بىپايان زېمىننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قۇم بېسىپ كەتكەن) ئەينى چاغدا كىشىلەر ياشىغان بوستانلىق ئىدى. ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى 30 غا يېقىن چوڭ-كىچىك دەريانىڭ سۈيى، ئەينى زاماندا بۇ كەڭ زېمىننى قاندۇرۇپ، ئاخىرى تارىم دەرياسىغا، ئاندىن تارىم دەرياسى ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى. ھازىرقى كۈندە، پەقەت يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ئاز بىر قىسىم سۈيى ياز پەسلىدىكى كەلكۈن مەزگىلىدىلا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلالايدۇ. قالغان دەريا-ئېقىنلارنىڭ سۈيى ئەينى زاماندىكى بوستانلىق (ھازىرقى قۇملۇق) نىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىمۇ بارالماي قۇمغا سىڭىپ تۈگەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىل ياشىغان شۇنچە كەڭ بوستانلىق نېمىشقا قۇملۇق، چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتتى؟ ئەينى چاغدىكى شۇنچە كەڭ بوستانلىقتا ياشىغان كىشىلەر نەگە كەتتى؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە تارىخىي پاكىتلار توغرىسىدا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1. خوتەن رايونىنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلغان ئەسلى يەر تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئالاھىدە، يەنى جەنۇبىي قۇرۇم تاغلىرى تەرىپى ئېگىز، شىمالىي تەرىپى پەسرەك بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پەسلەپ بارىدۇ. جەنۇبتىكى قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلانغان دەريا-ئېقىنلار قۇم، تاش، لاي-لاتقىلارنى ئۈزلۈكسىز ئېقىتىپ تۇرغاچقا، دەريا-ئېقىنلار ئاسانلا تىنىپ قېلىپ، ئەسلىدىكى ئېقىن يولى ئۆزگىرىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن سۇغۇرۇلىۋاتقان كەڭ يۇرت-ماكان سۇسىز قېلىپ، ئاھالىلەر كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

2. رەھىمسىز ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ئۇزۇن مۇددەت تاشلىنىپ قېلىپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەر تىنىپ كەتكەن، تېرىلغۇ يەرلەر قۇرۇپ كەتكەن، يۇرت-ماكاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، كىشىلەر باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

3. تەبىئەتنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ئاتا قىلغان قۇم-شېغىللىرى شامال-بوراننىڭ قوزغىتىشى بىلەن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەپ، مىلادى II ئەسىرلەردە بۇ كەڭ مۇنبەت بوستانلىقلارنى كەينى-كەينىدىن يۇتۇپ كېتىپ قۇم دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇنبەت بوستانلىقلاردا ياشىغان خەلقلەر ئەسلىدىكى يۇرت-ماكانلىرىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلىپ، سۇ مەنبەسىنى قوغلىشىپ، بارا-بارا جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن ۋە قايتىدىن ماكانلىشىپ ھاياتلىق پائالىيىتىنى

داۋاملاشتۇرغان. بىز خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىگە قارايدىغان بولساق، ھازىر خوتەن رايونىدا ياشاۋاتقان ئادەملەر (ئەينى زاماندىكى كىشىلەردىن نەچچە ئون ھەسسە كۆپ) نىڭ جەنۇبىتىكى قورۇم تاغلىرىنىڭ باغرىغا قاپسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز.

قىزىق يېرى شۇكى، خوتەن خەلقىنىڭ تارىختا ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان جايلىرىدا تەكرارلىنىش بولغاندەك قىلىدۇ، يەنى ئۇلار دەسلەپتە جەنۇبىي قورۇم تېغى باغرى ۋە جىلغىلىرىدىن چىقىپ شىمالغا سۈرۈلۈپ كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكتە ياشىغان، ئاندىن يەنە شىمالدىن جەنۇبقا سۈرۈلۈپ قورۇم تاغ باغرى ۋە ئېتەكلىرىدە ياشىغان. ئەمما، پەرق شۇكى، جەنۇبىي قورۇم تاغ جىلغىلىرىدا ياشىغان بۇرۇنقى ئۇدۇنلۇقلار مىلادىدىن 10 نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىكى ئادەملەر بولسا، كېيىنكىسى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە، خانلىق قۇرۇپ، سودا-ئالاقە ۋە باشقا بىر قاتار ئىلغار ھۈنەر بىلىملىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئادەملەر توپى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقانلار بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ، بۇرۇنقى زامانلاردىكى كىشىلەردىن نەچچە ھەسسە مەدەنىيەتلىك، غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن زامانىۋىي پەن-تېخنىكا دۇنياسىدا ياشىماقتا. شۇنداقتىمۇ، خوتەننىڭ يەر تۈزۈلۈشى ۋە تۇپراق قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ھېلىھەم قۇم-بوراننىڭ خىرىسى ھەر ۋاقىت مەۋجۇد، شۇڭا، قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 نەچچە يىل مابەينىدە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيە-شەھەرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يەرلەر قۇملىشىپ كەتتى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، چىرا، گۇما، نىيە ناھىيىلىرىدە قۇمنىڭ يەرلەرنى يۇتۇپ كېتىشى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، بەزى جايلاردا قۇم 10 نەچچە كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەن. تارىخىي ساۋاقلار، جۈملىدىن ئازادلىقتىن كېيىنكى قۇم-بورانىنى تىزگىنلەش تەجرىبە ساۋاقلىرىمىز ئىسپاتلىدىكى، يۇرت-ماكانىمىزنى قوغداپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، تەبىئەت قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشىمىز، تەبىئىي ئورمانلارنى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشىمىز ھەمدە يېڭىدىن ئورمان بىنا قىلىشنى، چاتقال ئورمانلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كىشىلەرنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتىشىمىز، قۇم-بوران ئېغىزلىرىغا قاتمۇ-قات يېشىل توساقلارنى قۇرۇشىمىز لازىم. يېزا-كەنتلەرنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشىمىز، شەھەر-بازارلارنى يېشىللىققا پۈركىشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە يەنىلا بۇرۇنقىلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى پىشامشان بەگلىكى (مىلادى 220ـ420-يىللار) خارابىسىدىن تېپىلغان 482-نومۇرلۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىخىي ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر قانداق ئادەم دەرەخنى يىلتىزى بىلەن كەسسە، بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، ئۇ دەرەخ شېخىنى كەسسە بىر دانە سىيىر (كالا) جەرىمانە قويۇلىدۇ. »①

دېمەك، بۇ تارىخىي ھۆججەتنى مىلادى 420-يىللاردىكى ئورمان قانۇنى ياكى مۇھىت ئاسراش قانۇنى دېيىشكە بولىدۇ. خەلقىمىزدە ئىلگىرى بار بولغان، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئاڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان «ياش نوتا كۆچەتنى كېسىۋەتسە ياكى ئۇشتۇۋەتسە، شۇ ئادەم ياش ئۆلۈپ قالىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە خەلق تەمسىلىنى پاساھەتلىك ئىلمىي يەكۈن دېيىشكە بولىدۇ.

## ئىزاھ:

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئىچكى ژۇرنال) 1988-يىل، ئومۇمىي 62-سان، 22-بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق باشقۇرۇش ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۇمىن.

# قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە دائىر بىرقىسىم تارىخىي مەلۇماتلار

قاڭقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار، تېلېلار، چىلېلار) ۋېي، جىن، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋم. ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قەبىلە، ئۇرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرقتە تۇغلا، ئورخۇن-سېلېنگا دەرياسى بويلىرىدىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاسپىي دېڭىزى قىرغاقلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا سۇ-ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. V ئەسىرلەردە كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن بېقىندۇرۇلغان. ئەمما ئۇلار كۆك تۈركلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئۇزاق مەزگىل كۈرەش قىلغان.

قاڭقىللار ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن سىر-تاردۇشلار بىر قەدەر كۈچلۈك ئىككى قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم هالدا يەرلىك خانلىق قۇرغان. قاڭقىل قەبىلىلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆز ئىچىدىن بىرمۇنچە مەھەللىۋى تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ شىمالىي چۆللۈك ئەتراپىدىكىلىرى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن؛ بەزىلىرى (شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدىكىلىرى) تۈركىي تىللىق قەبىلە-قوۋملارغا سىڭىشىپ كەتكەن.

مىلادى V ئەسىردە تۆلۆسلارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىدىن 100 مىڭدىن كۆپرەك كىشى سەردارى ئاپۇرغۇرنىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇل يايلىقى ۋە ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق، غەربكە — هازىرقى تۇرپان ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، 487-يىلى قاڭقىل خانلىقىنى بەرپا قىلغان، ئاپۇرغۇر ئۆزىنى چوڭ قاغان — «كۇلۇگۇ (ئۇلۇغ) قاغان» دەپ ئاتىغان، 491-يىلى جۇرجانلارنى مەغلۇب قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى پىشامشان، كېنگىت، قوچۇغا كېڭەيتكەن. بۇ خانلىق كېيىن 546-يىلى تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

قاڭقىللار ئىچىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپ، VIII ئەسىردە ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان.

تارىخنامىلەردە، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازما يادىكارلىقى — «24 تارىخ» تا قاڭقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار، تېلېلار، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى شۆ زۇڭجېڭ يۇقىرىقى ناملارنىڭ ھەممىسىنى دىل (تىل) دىن كەلگەن دەپ قارايدۇ) توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇمات قالدۇرۇلغان. تۆۋەندە «24 تارىخ» تىكى قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە دائىر بىر قىسىم بايانلارنى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

«قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دى (دىھار) لارنىڭ قېپقالغان قوۋمى. ئۇلار دەسلەپتە دىللار دەپ ئاتالغان، شىماللىقلار چېلېلار دەپ قارىغان، خەنزۇلار بولسا قاڭقىللار، دىڭلىڭلار دەپ ھېسابلىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما بەزىدە ئازراق پەرقلىنىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھۇنلارنىڭ جەددى-جەمەتىدىن دېيىلىدۇ. دى، ئۇن ئوغۇر (يۈەنخې)، خۇلۇي (قۇلۇي)، جىپى، ئوغۇر (فۇگۇ)، ئېتىكىن ناملىق ئۇرۇقلىرى بار. خەلق ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ھۆن تەڭرىقۇتىدىن ئىككى قىز تۇغۇلغانىكەن، ئۇلارنىڭ تەققى-تۇرقى، چىرايى ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئىلاھ دەپ قارايدىكەن. تەڭرىقۇت مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ مۇشۇنداق قىزلىرىم تۇرسا، ئۇلارنى قانداقسىگە ئادەملەرگە ياتلىق قىلاي؟ ئۇنى مەن تەڭرىگە بېرىمەن». شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەمسىز يەرگە بىر ئېگىز سۇپا ياسىتىپ، ئىككى قىزنى سۇپا ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ: «ئۇلارنى تەڭرى ئۆزى كۆچۈرۈپ كەتسۇن»، دەپتۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزلارنىڭ ئانىسى ئۇلارنى ئەكەلمەكچى بولغاندا، تەڭرىقۇت: «بولمايدۇ، تەڭرى بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى يول تېخى راۋانلاشمىدى»، دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندە بىر قېرى بۆرە كېلىپ كېچە-كۈندۈز ئېگىز سۇپا ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھۇۋلاپتۇ-دە، ئېگىز سۇپىنىڭ ئاستىنى كولاپ ئۆڭكۈر قىلىپ ئۇزاققىچە شۇ يەردىن كەتمەپتۇ. ئۇ قىزلارنىڭ كىچىكى: «ئاتام مېنى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، تەڭرىگە بەرمەكچى بولغان، ئەمما ئەمدىلىكتە بۆرە كەلدى، ئېھتىمالىم ئۇ تەڭرى ئەۋەتكەن ئىلاھ بولسا كېرەك»، دەپتۇ. ئۇنىڭ ئاچىسى ناھايىتى ھەيران بولۇپ: «ئۇ بىر ھايۋان تۇرسا ئۇنىڭ بىلەن جۈپلەشسەڭ ئاتا-ئانىمىزغا نومۇس بولمامدۇ؟» دەپتۇ. سىڭلىسى گەپكە قۇلاق سالماي، سۇپىدىن چۈشۈپ بۆرىدىن ئوغۇل تۇغۇپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ نەسلى كۆپىيىپ ئەل بولۇپتۇ. شۇڭا ئۇلار بويىنىنى سوزۇپ ناخشا-قوشاق توۋلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاۋازىمۇ بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئاستانىسىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان چوڭ سەردارى يوق، ھەر قايسى قوۋملارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقساقىلى بار. ئۇلارنىڭ مىجەزى قوپال، قېيسەر، بىر قوۋمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قېرىنداش، ئۇلار بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئۈنۈم بولۇپ بىر-بىرىگە خەيرىخاھلىق قىلىدۇ. جەڭلەردە رىئايە قىلىدىغان قائىدە-قانۇنى يوق، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بىردەم ئالغا ئاتلانسا، بىردەم جەڭدىن چېكىنىۋالىدۇ، جەڭدە ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە، ئۇلار يەردە خالىغانچە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنى ئېغىر ئالمىدىغان، ئۆزىنى چەتكە تارتىدىغان يېرى يوق. ئۇلار بىر ئات، بىر كالا بېرىپ ئۆيلىنىشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. تويلىشىش بېكىتىلگەندىن كېيىن ھەر تەرەپ ھارۋا تەييارلاپ ئاتلارنى ئېغىلغا سولاپ، قىز تەرەپتىكىلەرنى ياخشى ئاتلارنى خالىغانچە تاللىۋېلىشقا چاقىرىدۇ. ئاتنى ئىگەرلىمەيلا مىنىدۇ، ئاتنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىققاندا، ئاتنىڭ ئىگىسى ئېغىلنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاتنى شاپىلاقلاپ ئۈركۈتىدۇ، ئات مىنگەن كىشى يىقىلمىسا ئۇ ئاتنى ئالىدۇ، يىقىلىپ كەتسە ئۇ ئاتنى ئالماي باشقا ئات ئالىدۇ، شۇ تەرىقىدە بېكىتىلگەن سان توشقىچە ئاتنى ئالىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئاشلىقى بولمايدۇ. ئۇلار ھاراق-شاراپ ئىشلەپچىقارمايدۇ. قىز كۆچۈرىدىغان كۈنى ئەر-ئاياللار قىمىز، پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئاندىن ئەر-ئاياللار ئايرىۋېتىلىدۇ. خوجايىن (ساھىبخان) مېھمانلارنى كۈتىۋالىدۇ، ئۇلار تەبىقە دەرىجىسىگە قارىماي رېتى بويىچە ئورۇن ئالىدۇ، ئۇلار چېدىرنىڭ ئالدىدا قالايمىقان ئۈنۈم بولۇپ ئولتۇرۇپ، كۈن بويى يەپ ئىچىدۇ، يەنە مېھمانلارنى قوندۇرۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى قىزنى ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەر تەرەپتىكىلەرمۇ قىز ئائىلىسىنىڭ يىلقىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياخشى ئاتلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ئىنىلىرى ئۇ ئاتلارنى بېرىشكە كۆزى قىيمىسىمۇ، ھېچكىم بىر نەرسە دېمەيدۇ. ئۇلار تول قېلىشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەمما تول ئاياللارنى بىچارە دەپ ئۇلارغا ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال-چارۋىلىرىنى ئەن-تامغىلىرىغا قاراپ پەرقلەندۈرىدۇ. ئۇلار ئاتلارنى ئېغىلدىن دالىغا قويىۋەتسىمۇ، ئاتلار پاتپاراق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئادەتتە تازىلىققا دىققەت قىلمايدۇ، گۈلدۈرمامىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەر قېتىم گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندە قىيقاس-چوقان كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ ۋە بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا جايغا يۆتكىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى كۈزدە

ئاتلار سەمىرىگەندە يەنە ئارقا-ئارقىدىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەن جايغا كېلىدۇ. ئۇ يەرگە قاراقوچقارنى كۆمۈپ ئوت ياقىدۇ. قىلىچلىرىنى قېنىدىن چىقىرىشىدۇ، ئايال پىرىخون ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ يىرگىنىشلىك داغ-دۇغىلارنى چىقىرىش مۇراسىمىدىكىگە ئوخشاش دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ، كۆپچىلىك سەپكە تىزىلىپ ئات چاپتۇرۇپ يۈز قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن توختايدۇ. ھەر بىر كىشى بىر باغلام سۆگەت چىۋىقىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇ يەرگە قاداپ، ئۇلارنى سۈت-قىمىز بىلەن يۇيىدۇ. ئاياللار قوي ئۈستىخانلىرىنى تۇلۇمغا سېلىپ بېشىدا كۆتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ چېچى، چېكە-چاچلىرى ئېرماش-چىرماش چىگىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دەرپەردىلىك ھارۋىنىڭ پەردىسىگە ئوخشايدۇ، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتا گۆر كولاپ سۇپا ياسايدۇ، جەسەتنى گۆردە ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى قولىنى كېرىپ ساداق تارتقۇزۇپ، خەنجەر ئېسىپ قويىدۇ ھەمدە بېلىگە نەيزە قىستۇرىلىدۇ، ھالىتى تىرىك چاغدىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن ئۈستىنى ئوچۇق قويۇپ كۆممەيدۇ. چاقماق چاققاندا ئۆلگەنلەر ياكى كېسەل بولغانلارغا بەخت-سائادەت تىلەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ. ئامانلىق بولسا ئىلاھلارغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. يۇڭى-تۈكلىرى ھەر خىل مال-چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق نەزىر-چىراغ قىلىدۇ. ئات چاپتۇرۇپ كۆپ بولغاندا، نەچچە يۈز قېتىم ئايلىنىـــدۇ. ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولىدۇ. خاتىرجەم ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە كىشىلەر ناخشا-قوشاق ئېيتىپ، ئۇســۇل ئويناپ بەزمە قىلىدۇ. ئادەم ئۆلگەن ئۆيدىكىلەر ھەسرەت بىلەن ئۈنلۈك يىغلىشىدۇ. ئۇلار سۇ-ئوتلاقنى بويلاپ كۆچىدۇ، تېرىدىن كىيىم-كېچەك كىيىدۇ، گۆش يەيدۇ، جۇرجانلارغا ئوخشاش كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلارنى باقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقى چوڭ، شادىسى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

# موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىككى نەپەر غەربىي يۇرتلۇق مۇسۇلمان سىياسىئون ـ يالۋاچ ۋە مەسئۇد بەگلەر توغرىسىدا (بېشى ئالدىنقى ساندا)

چېن گوگۇاڭ

(3)

يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇدمۇ موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي چوڭ خاقانى تەرىپىدىن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن مۇھىم مۇسۇلمان ئەمەلدارى ئىدى. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇخارا، سەمەرقەند، ئۈرگەنچ، خوتەن، قەشقەر ۋە باشقا بىر قىسىم شەھەرلەرنى دارۇغاچ ئارقىلىق ئىدارە قىلغان بولۇپ، خەلىپەت بەگ دۆلەت ئەركانى يوللىغ ئالخەينى بىلىش دارۇغاچ، مەسئۇدنى ياردەمچى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆگەداي خاقان دەۋرىدە، يالۋاچ ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن، چوڭ خاقان «ئۇيغۇرىستاندىكى سۇيۇرغال يەرلەر ـ بېشبالىق ۋە قاراغوجىنى ھەمدە خوتەندىن تارتىپ قەشقەر، ئالمىلىق، قايالىق، سەمەرقەند، بۇخارا ۋە جەيھۇن دەرياسى بويىغىچە بولغان جايلارنى مەسئۇد بەگنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بەردى.» ئومۇمەن بۇ رايونلاردىن يىغىۋېلىنغان بارلىق بىلجنى، ئۇلار ھەر يىلى دۆلەت غەزىنىسىگە يوللاپ بېرەتتى»⑳. ئۆگەداي خاقان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەسئۇدمۇ دادىسى يالۋاچقا ئوخشاش كۈيۈكخاندىن مۆڭكۈگىچە ئىككى سۇلالە چوڭ خاقان دەۋرىدىكى كەسكىن سىياسىي كۈرەشنى بېشىدىن كەچۈردى ھەمدە مۆڭكۈخاننىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن مۇھىم ئەمەلدار بولۇش سۈپىتى بىلەن، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق دىۋان ۋەزارىتىدە داۋاملىق مەنسەپ تۇتۇپ، ئۇيغۇر رايونىدىن خارەزمگىچە بولغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا دېھقانچىلىق رايونىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

1251ـ يىلدىن 1275ـ يىلغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پۇل ئىسلاھاتى سىياسىتى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەزكۇر رايوندا كۈمۈش كىرىزىسى كۆرۈلگەنلىكتىن، ھۆكۈمەت كۈمۈش يالىتىلغان مىس پۇل قۇيغانىدى، دەسلەپتە گەرچە ھۆكۈمەت پۇلنىڭ قىممىتىنى بېكىتكەن بولسىمۇ، لېكىن پۇل قىممىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ھۆكۈمەتنىڭ قۇربى يەتمىگەچكە، سودىگەرلەر ۋە پۇقرالار ئوبوروتنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىش ئازابىنى يەتكۈچە تارتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسئۇد پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىپ، بارلىق كونا پۇللارنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىنى چەكلىدى، تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئېغىرلىقى ئىلگىرىكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان كۈمۈش پۇل، مىس پۇل قۇيدىغان قېلىپنى بەلگىلەپ بەردى، كۈمۈش پۇل قايتىدىن پۇل ئوبوروتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. سەمەرقەند، بۇخارا، ئەنجان، خوجەنت، تالاس، تېرمىز ۋە باشقا كۆپلىگەن شەھەرلەرنىڭ پۇل قۇيۇش كارخانىلىرى زور مىقداردا كۈمۈش پۇل قۇيدى㉑. 1977ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سانجى قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان موڭغۇل خاندانلىقىنىڭ كۈمۈش پۇللىرى ئىچىدە، چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەپ بېكىتىلگىنى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. قەشقەر بىلەن ئالمىلىقتا قۇيۇلغان كۈمۈش پۇللارنىڭ بىر قىسمى 1250ـ يىلدىن ئىلگىرى قۇيۇلغاندىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇيۇلغان كۈمۈش پۇللار شۇ قېتىملىق پۇل ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ۋە ئىسلاھاتتىن كېيىن ئۇزاققا قالماي قۇيۇلغان. بۇ پۇللاردا مۇسۇلمان رايونىدىكى مېتال پۇل ئەنئەنىسى ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، پۇلغا ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئويۇلغان. ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى بۇنى ئەينى چاغدا مەسئۇدنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەمۇرىي

ئىشلىرىنى بىلشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدۇ[23].

مىلادى 1259-يىلى مۆڭكۈخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، غەربىي شىمال رايونىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەلى بۇقا توپىلىڭى (1260—1264) ۋە قايدۇ توپىلىڭى (1269—1302) يۈز بەردى، ئۇگىداي بىلەن چاغاتاي ۋاڭلىرى ئۈستۈنلۈك تالاشتى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئىلخان خانلىقىنىڭ ۋاڭلىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ تالان-تاراج قىلدى، ئۇرۇش ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، كەڭ خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى ئىنتايىن زور ئاپەت ۋە زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىدى. غەربىي شىمال رايونىدا ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئەمەلىيەتتە مۇتەئەسسىپ، قالاق موڭغۇل ھەربىي كۆچمەن ئاقسۆڭەكلىرى گۇرۇھىنىڭ كۆچمەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ كۆچمەن ئىگىلىك فورماتسىيىسىنى بويسۇندۇرۇلغان ھەر مىللەت خەلقىگە زورلاپ تاڭغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار ئولتۇراقلىششقا ۋە دېھقانچىلىق قىلىشقا قارشى تۇردى، دېھقانلارنى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، بويسۇندۇرۇلغان جايلاردىكى خەلققە قاتمۇ-قات زۇلۇم سالدى ۋە ئۇلارنى ھەربىي تالان-تاراج قىلدى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاجىزلىششى ۋە شەھەرلەرنىڭ نابۇت بولۇشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتنى كۆزدە تۇتمىدى، نەتىجىدە غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى ئىنتايىن زور زىيانغا ئۇچراتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەسئۇدنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمەلدارى سالاھىيىتى بىلەن غەربىي يۇرتتا داۋاملىق سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن بولماي، ھەر قايسى ۋاڭلار ئارىسىدىكى مۇرەككەپ، كەسكىن سىياسىي كۈرەشنىلا ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ ئاھالىنىڭ بېرىچە دېھقانچىلىق رايونىدىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىنى قوغداپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان يېزا ئىگىلىكىنى قۇتقۇزدى ۋە ئۇرۇش جاراھىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

دەسلەپتە، ئۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئايال خوجايىنى-قارا ھۈلاكۇنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى ئېرگىنە خاتۇن بىلەن بىللە ئارغۇن (چاغاتاينىڭ يەنە بىر نەۋرىسى) تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەلى بۇقا قوشۇنىغا كەلدى. كېيىن، ئەلى بۇقا ئارغۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۆزئارا يارىشالمىغاچقا، ئېرگىنە خاتۇن بىلەن مەسئۇدنى ئۇنىڭ قېشىغا ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئېرگىنە خاتۇن ئارغۇنغا خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىندى. بۇ چاغدا ئارغۇننىڭ ھەربىي تەمىناتى كەمچىل بولغاچقا، مەسئۇدنى ماۋرائۇننەھردىكى سەمەرقەند ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلارنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلىدى. مەسئۇد يەرلىك ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈپ، ئارغۇنغا باج ۋە پۇل يىغىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ھەربىي تەمىنات يېتەرلىك بولدى. مەسئۇدمۇ شۇ سەۋەبتىن چاغاتاي خانلىقىدا ئەمەل تۇتقانىدى.

1267-يىلى قىشتا، قايدۇ بىلەن بالاخان خوراساننى تارتىۋېلىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئاۋۋال مەسئۇدنى ئالدىراشلا ئىلخان خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. مەسئۇد موڭغۇل خانلىقىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاباقا خاقان (ھۈلاكۇنىڭ ئوغلى)نىڭ داغدۇغىلىق قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. مەسئۇد ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى جايلارمۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋە دەپ جاكارلاپ، مەزكۇر رايوننىڭ يىللىق باج پايدا-زىيان ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاباقا خاقان بوغالتىر خادىملىرىغا، بىر ھەپتە ئىچىدە ستاتىستىكا خىزمىتىنى تاماملاپ، مەزكۇر رايوننىڭ نوپۇس دەپتىرىنى مەسئۇدقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى. مەسئۇد نوپۇس دەپتىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقتى، ئۇ ئالدى بىلەن ھەر قايسى ئۆتەڭلەردە ئالماشتۇرۇلىدىغان ئاتلارنى تەييارلىدى، ئۇ يول بويى ئۇچقاندەك مېڭىپ تېزلا قايتىپ كەلدى. ئاباقا خاقان قايدۇ بىلەن بالانىڭ ھەربىي ھەرىكەت پىلانىدىن خەۋەر تېپىپ، مەسئۇدنى قوغلاپ تۇتۇشقا لەشكەر ئەۋەتكەن چاغدا، مەسئۇد ئالىقاچان ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قايتىپ كېلىپ بولغانىدى. مەسئۇد ئۆزىنىڭ مول سىياسىي تەجرىبىسىگە تايىنىپ بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنى تاماملىدى.

1269-يىلى ئەتىيازدا، تالاستا قايدۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، ئۇلار ئەنئەنە ۋە ئادەت قائىدىسى بويىچە ئالتۇن چىشلەپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشتى ھەمدە: بۇندىن كېيىن كۆچمەن قەبىلىلەرنى تاغ ۋە يايلاقلارغا كۆچۈرۈپ كېتىمىز، شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا لاغايلاپ بىكار يۈرمەيمىز، چارۋا-ماللارنى ئېكىنزارلىقلاردا باقمايمىز، سىيىيات (دېھقان) لاردىنمۇ نامۇۋاپىق باج-سېلىق ئالمايمىز، دەپ كېلىشتى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بالاخان خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە قىسمىگە ئەمەل قىلدى ھەمدە مەسئۇدنى ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتىپ، دېھقانلارغا يالغۇز تەسىر بەردى ۋە دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. مەسئۇد قېچىپ كەتكەن دېھقانلارنى يىغدى ھەمدە ئۇلارنى دېھقانچىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا كەلتۈردى. لېكىن بالاخان ئۆزىنىڭ كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەي، زورلۇق بىلەن ئالۋان-يasaq سېلىپ خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىرانغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى بارلىق چارۋا-مالنى ھەيدىۋەتتى ھەمدە پۇقرالارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالىدى. مەسئۇد بالاخاننى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەن سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن، چۈنكى سىز ئەگەر ئۇ تەرەپنى (ئىراننى) بويسۇندۇرالمىسىڭىز، بۇ يەرگە ئەسلا قايتىپ كېلەلمەيسىز»㉓. گەرچە بالا غەزىبىنى باسالماي مەسئۇدنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەسئۇدنىڭ نەسىھىتى يەنىلا ئۈنۈم بېرىپ، بالاخاننىڭ ھەرىكىتىنى ئەلخىرى توسۇپ قالدى.

بالاخان ئۆلگەندىن كېيىن، قايدۇ ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ خوجىسىغا ئايلاندى، ئۇ يەنىلا مەسئۇدنىڭ قابىلىيىتىنى قەدىرلەپ، ئۇنى دېھقانچىلىق رايونىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى، مەسئۇد ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نەچچە يىللىق ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىشتا ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. خۇددى تۇجى «موڭغۇل تارىخى ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا ئېيتقاندەك: «مەسئۇد غەربىي يۇرتنىڭ مالىيە-باج ئىشلىرىنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 50 يىلدىن ئارتۇق باشقۇردى، ئۇ دۆلەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ بەگ دېگەن ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇڭا كىشىلەرمۇ ئۇنى مەسئۇد بەگ دەپ ئاتاشتى.»㉔

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەسئۇد غەربىي يۇرت ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقاندى، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە «موڭغۇل تارىخى ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتا يالۋاچ بىلەن مەسئۇد ئاتا-بالا ئىككىيلەن «ئىسلام دىنىنىڭ ھورمۇزىت مەزھىپىدىن» دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئىزاھ قىسمىدا: «ھورمۇز-پارس قولتۇقىدىكى بىر ئارالنىڭ نامى بولۇپ، مەخپىي تارىختا ھورمۇش دەپ يېزىلغان» دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتابنىڭ «دى قوۋمى جەدۋىلى» دىكى ھورمۇش قوۋمى دېگەن قىسمىدا: «تاڭ پادىشاھى جاۋزۇڭ دەۋرىدە، ئەرەب دۆلىتىدە ئەلى مەزھىپىنىڭ دىن ئىنقىلابى پارتىيىسى قۇرۇلغان بولۇپ، پارس قولتۇقىدىكى ھورمۇز ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ مۇرتلىرى تەرەپ-تەرەپكە تارالغان بولۇپ، ھورمۇزىت دەپ ئاتىلاتتى» دېيىلگەن. ئەمما مەزكۇر كىتابتىكى «مۇلاھىدنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن قىسمىدا ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىدىكى ئىسمائىل مەزھىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا دېيىلگەن ھورمۇزىت ئىسمائىل مەزھىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر تارمىقى—كارمات مەزھىپىنىڭ ئادەتتىكى ئاتىلىشى㉕. كارمات مەزھىپى بولسا ئىسمائىل مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە ئاساسەن سالغۇچى ئابدۇللابىن مەيمۇننىڭ شاگىرتى ھەمدان كارمات (? — تەخمىنەن مىلادى 899) تەرىپىدىن ۋاشىت دېگەن جايدا (بۈگۈنكى ئىراق تېررىتورىيىسىدە) ئىجاد قىلىنغان. بۇ مەزھەپ ئەرەب فېئودال ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى قوزغىغان ھەمدە مىلادى 899-يىلى پارس قولتۇقىدىكى بەھرەيىن رايونىدا ھاكىمىيەت قۇرغان بولۇپ، تارىختا «كارمات بەھرەيىن دۆلىتى» دەپ ئاتالغان. X ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كارمات مەزھىپى ئابباسىلار سۇلالىسى ۋە غەزنەۋىلەر سۇلالىسىنىڭ شەرق-غەرب ئىككى تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىشى ۋە رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشى بىلەن بارا-بارا پارچىلىنىپ، ئۇنىڭ مۇرتلىرى ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسمائىل مەزھىپىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

مەسئۇد گەرچە شىئە مەزھىپى مۇخلىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسلام دىنىي ئىشلىرىغا بولغان قىزغىنلىقى قىلچە سۇسلاشمىدى.㉖ ئۇ مۆڭكۈخان دەۋرىدىلا بۇخارانىڭ ئىچكى شەھىرىدىكى مەيداندا مىسلىي كۆرۈلمىگەن، كۆلىمى ئىنتايىن زور، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان ئالىي دەرىجىلىك بىر مەدرىس بىنا قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن بۇ مەدرىسنى «مەسئۇدىيە» دەپ ئاتىدى. گەرچە 1273-يىلى پىرسىيىدىكى موڭغۇل قوشۇنى بۇخاراغا بېسىپ كىرىپ، بۇ مەدرىسكە ئوت قويۇپ، مەدرىسنىڭ ئۆي-ئىمارەت ۋە قىممەتلىك كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ،

لېكىن قايدۇ ھاكىمىيەت سۈرگەن دەۋرگە كەلگەندە، بۇ مەدرىس يەنە قايتىدىن رېمونت قىلىنىپلا قالماي، بەلكى مىلادى 1289-يىلى مەسئۇد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ بۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەسئۇد قەدىمكى شىنجاڭ رايونىدىمۇ ئىسلام مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقارغانىدى. ئۇ قەشقەردىكى «ساچىيە مەدرىسى» نىڭ بۇرۇنقى ئورنىغىمۇ بىر مەدرىس سالدۇرغانىدى. ئۇ بۇ مەدرىسكە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى مەشھۇر ئالىم جامال قارشى (مىلادى 1230-يىلى ئالمىلىقتا تۇغۇلغان، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ بارغان) نى مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلغان. جامال قارشى مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئۆزى ئىزدەپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغان تۆت توملۇق «سۇرراخ» لۇغىتى»نى تاپقان ھەمدە مىلادى 1301-يىلى بۇ كىتابقا تولۇقلىما يېزىپ چىققان. غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بەس-بەس بىلەن بۇ مەدرىسكە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ كىشىلەر ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقى ياكى قۇبلاينىڭ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ھالبۇكى، قەشقەر، موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتى مائارىپىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېغىر زەربە بەرگەنىدى، چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يەنە قالتىس جازا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇشى زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى، ھەتتا ئەلى بۇقلىقايدۇ توپىلىڭى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بېزا ئىگىلىكىگە ئاپەت كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى بۇ خىل ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا قۇرۇلغان مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىمۇ خاراب قىلدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەسئۇد ئىسلام مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىزدەندى، شۇڭا ئۇنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى شۈبھىسىز مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

ئىزاھلار:

⑳ «جامىئۇل تەۋارىخ» I توم، 111-بەت.

㉑ ب.گ.غىپۇروۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلىرى تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985-يىلى، 285-بەت.

㉒ چېن گې: «سانجى قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان موڭغۇل خانلىقىنىڭ كۈمۈش پۇللىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1981-يىل.

㉓ «جامىئۇل تەۋارىخ» II توم، 112-بەت.

㉔ «موڭغۇل تارىخى ھەققىدە خاتىرىلەر» 46-جىلد، تۆرىلەر تەرجىمىھالىنىڭ 28-قىسمى.

㉕ «موڭغۇل تارىخى ھەققىدە خاتىرىلەر» 40-جىلد، تۆرىلەر تەرجىمىھالىنىڭ 28-قىسمى. تۈجىنىڭ ئىزاھاتى: موڭغۇل قوشۇنىنىڭ دەسلەپتە غەربىي يۇرتقا نېمە سەۋەبتىن كىرگەنلىكى تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتا ھالدا تەبىقە نامى دەپ قارالغان. » شۇڭا «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»دا ياۋاچىنىڭ «فامىلىسى ھورمۇش» دەپ يېزىلغان.

㉖ بەي شۇيى ئەپەندى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنى ئاللىقاچان مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ بولغان، لېكىن ھېچقانداق كەسكىن قارشىلىشىش بولمىغانىدى. ئەكسىچە، سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوشۇلۇشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. ياۋاچ بىلەن مەسئۇدنىڭ دىنىي مەزھەپ تەۋەلىكىدىن قارىغاندا، بۇ خىل قاراشنى ئويلىشىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارايدۇ. «جۇڭگو ئىسلام دىنىي تارىخىغا دائىر ساقلانغان ھۆججەتلەر»، يىنچۇەن، 1982-يىل نەشرى، 111—212-بەتلەر.

(«غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق
1-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەتجان مۆمىن
تەرجىمە تەھرىرى: ئەزىز يۈسۈپ

# شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا

مۇھەممەت ئوسمان

ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابىلەردىن تېپىلغان سېپتا قورال، رەڭلىك ساپال قاچا-قۇچا قاتارلىق ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئۈرۈمچى رايونىنىڭ بۇنىڭدىن 4000—3000 يىل بۇرۇنلا قەدىمكى غەربىي يۇرتلۇقلار تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن بىر قەدىمىي ئاۋات يۇرتلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن بۇ ھەقتىكى ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا، ئۈرۈمچىنىڭ نامى توغرىسىدىكى قاراشلار ھەر خىل بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن، بەزىلەر «ئۈرۈمچى» دېگەن نامنى موڭغۇلچە سۆز بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ، ئۇنىڭ مەنىسى «گۈزەل يايلاق» دېگەنلىك بولىدۇ دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بەزىلەر ئۈرۈمچىنىڭ نامى قەدىمكى ساكچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە مەنىسى «تاللىق» دېگەن بولىدۇ-دەپ قاراپ، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇرچە «تاللىق» دەپ ئاتىلىدىغان جايمۇ بار دەپ كۆرسەتتى. يەنە بەزىلەر «ئۈرۈمچى»-«ئۈرۈمتاي» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قارىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى خىلدىكى ھۆكۈم ھازىرغا قەدەر «ئۈرۈمچى» دېگەن نامنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، «ئۈرۈمچى» دېگەن سۆز موڭغۇلچىمۇ ئەمەس، ساكچىمۇ ئەمەس، بەلكى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزدۇر.

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە يەر-جاي ناملىرىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە مانجۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1760-يىلىدىن 1770-يىلىغىچە 10 يىل ئىشلەپ بىر تەزكىرە يېزىپ چىققان. بۇ تەزكىرىگە شىنجاڭغا خاس 840 جاينىڭ نامى، 500 دىن ئوشۇق شەھەرنىڭ ئىسمى ھەم 1340 جامىسىدا ئاتالغۇ، ئىسىملار بېرىلگەن. ھەر بىر جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ ئالدى بىلەن مانجۇ تىلىدا، ئاندىن خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ۋە شۇ ئاتالغۇنىڭ قايسى تىلدىن كېلىپ چىققانلىقى ئىزاھلىنىپ، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. ئاندىن كېيىن شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى، تارىخى ۋە ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر خەنزۇچە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى، شەجەرىسى، نەسەبنامىسى، مەنسەپ-مەرتىۋىلىرى يېزىلغان. ئاتالغۇلارنىڭ ۋە ئىسىملارنىڭ تەلەپپۇزى موڭغۇل، تىبەت ۋە ئەرەب گىرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بېرىلگەن. مەزكۇر ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى لوندون مۇزېيىدا ۋە پارىژ دۆلەتلىك مۇزېيىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ياپونىيىنىڭ «شەرق كۇتۇپخانىسى» نەشرىياتى ئۇنىڭ فوتو نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاپ، 1963-يىلى يورۇققا چىقارغان. بۇ ئەسەردىن ياۋروپادا بىرىنچى بولۇپ كىلاپروت پايدىلانغان. ئۇ 1824-يىلى «ئۇيغۇرلار» ھەققىدىكى ئىلمىي مۇنازىرىدە ئى. شمىدت بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، بۇ تەزكىرىدىن ئىسپاتلار كەلتۈرگەن. بىز باشتا بايان قىلىپ ئۆتكەن «ئۈرۈمچى» دېگەن ناممۇ شۇ قېتىمقى مۇھاكىمىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە سۆز ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ تارىخىي چىنلىقى ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

كىلاپروت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ تەزكىرە تۇنىبېر دېگەن كىشىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئۇ

ئادەم مەركىزىي ئاسىيانىڭ يەر ناملىرى بويىچە مۇشۇ تەزكىرە ئاساسىدا بىر لۇغەت تۈزۈپ چىققان. ئەپسۇسكى، بىز تا ھازىرغىچە بۇ لۇغەت بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدۇق.

تۆۋەندە، تەزكىرىگە بېرىلگەن مۇھىم ئاتالغۇلاردىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

قەشقەر — ئۇيغۇرچە سۆزدىن كېلىپ چىققان، قىش-ھەر تۈرلۈك رەڭ. قەر-خىشتىن ياسالغان بىنا. بۇ شەھەرنىڭ يېرى باي، ئۇنىڭدا خىشتىن ياسالغان ئۆيلەر ئەلۋەك، شۇڭلاشقا قەشقەر دەپ ئاتالغان. (3-باب، 14-ئا بەت).

لەڭگەر-ئۇيغۇرچە سۆزدىن كېلىپ چىققان. دەم ئالىدىغان جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (3-باب، 3-، 4-بەتلەر).

باش بۆكسەم-ئۇيغۇرچە سۆز. بۆكسەم-يېرىم يول دېگەن مەنىنى بېرىدۇ①. باش بۆكسەم-يۇقىرىقى يېرىم يول دېگەن سۆز. خوتەن ۋىلايىتىدە ئۈچ بۆكسەم بار. باش بۆكسەم، ئوتتۇرا بۆكسەم، ئاياق بۆكسەم. (3-باب، 33-، 34-بەتلەر).

تورپان-ئۇيغۇرچە سۆز. سۇ يىغىلىدىغان جاي دېگەن مەنىدە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ جايدا ھەممىشە سۇ يىغىلىپ توختاپ قالىدىكەن. بىزنىڭ ئىرامىزنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئالدىنقى چۆيىس خانلىق دۆلىتىنىڭ يېرى بولغان. (2-باب، 8-، 9-بەتلەر)

ئۈرۈمچى-ئۇيغۇرچە سۆز. ئۇرۇشماق، چېلىشماق، تۇتۇشماق دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلار مۇشۇ يەردە ئۇرۇشقان. مەزكۇر يەرنىڭ نامى مانا شۇنىڭدىن قالغان. (1-باب، 6-، 7-بەتلەر)

باركۆل-ئۇيغۇرچە سۆز. كۆل بار دېمەكتۇر. شەھەرنىڭ شىمالىدا كۆل بولغاچقا، ئۇ يەر باركۆل دەپ ئاتالغان. ئۇ يەردە كۆل بار دېگەن مەنىدە بېرىلگەن نامدۇر. (1-باب، 1-ئا، 16-بەتلەر)

يۇرۇڭقاش-ئۇيغۇرچە سۆز. «يۇر»-بارماق، بېرىش دېگەن مەنىدە، «قاش» بولسا قاشتېشى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. يەرلىك ئاھالە شۇ غاردىن قاشتېشى ئالىدۇ. (6-باب، 22-ئا، 22-بەتلەر)

يۇقىرىقىلار پەقەت بىر نەچچە مىسالدىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇ تەزكىرىدە شىنجاڭدىكى 840 جاينىڭ نامى مۇشۇ يۇرتتا ياشاۋاتقان خەلق-ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا ئىزاھلانغان. ھەقىقەتەنمۇ ھەر قانداق جاينىڭ نامى شۇ جايدا ياشىغان خەلق تەرىپىدىن شۇلارنىڭ تىلى بىلەن قويۇلغان بولىدۇ.

«ئۈرۈمچى» دېگەن نام توغرىسىدىكى قاراشقا كەلسەك، ئۇيغۇرلار تارىختا نۇرغۇنلىغان چوڭ-كىچىك يىغىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى قوغداش يۈزىسىدىن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قىلغان. «ئۈرۈمچى» دېگەن ناممۇ «ئۇرغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلقى جۇڭغارلار بىلەن دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنى قىلغان ۋە ئۇلارغا داۋاملىق زەربە بېرىپ تۇرغان. شۇڭا كىشىلەر ئۈرۈمچى خەلقىنى باتۇر خەلق، ۋەتەنپەرۋەر خەلق، يۇرتىغا ياۋ كېلىپ قالسا ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىدىغان «ئۈرۈمچى خەلق» دەپ تەرىپلەپ، بۇ جايدا ياشايدىغان خەلقنى «ئۈرۈمچىلەر» دەپ ئاتىغان. كېيىن ئۇ جۇغراپىيىلىك نامغا ئۆزگىرىپ، ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

بۇ نام مەزمۇن جەھەتتىن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى نامايان قىلىدۇ. «ئۈرۈمچى» دېگەن نام مېنىڭچە ئۇيغۇرچە سۆز. مەنىسى-«ئۈرۈمچى» دېمەكتۇر.

**ئىزاھ:**

① «ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، بۆكسەم-«بۆكۈلدۈرسەم، يەڭسەم» دېگەن مەنىدە دەپ خاتا ئىزاھلانغان.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاۋات ناھىيە تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

# مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب شاھ مەھمۇد جورراس

تۇرسۇن يىداقۇل

يەكەن خانلىقى دەۋرى (مىلادى 1514—1678-يىللار) دە مەشھۇر تارىخچىلار ۋە بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. شاھ مەھمۇد جورراس (شاھ مەھمۇد بىننى مىر فازىل جورراس) شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئۇ XVI ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى ۋە شائىر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگاننىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە تونۇلغان تارىخچى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى XVI ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى يەكەندە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مىر فازىل جورراس بولسا يەكەندىكى ئۇيغۇرلاشقان موغۇل جورراس بەگلىرى ئىچىدە خېلى ئابرۇيغا ئىگە بىر زات ئىدى. ئۇ كىشى يەكەن خانلىقىدا ئابدۇللەتىپخان، ئەخمەتخان ۋە ئابدۇللاخانلار ھاكىمىيەت سورىغان دەۋرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ھەربىي قوشۇن ۋە باشقا ساھەلەردە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئوغلى مەھمۇد جورراسنى يەكەن ۋە قەشقەرلەردىكى خانلىق مەدرىسلەردە ئوقۇتۇپ تەربىيىلىگەن. «تارىخىي شاھ مەھمۇدجورراس»، «ئانىس ئەل تالىبىن» (رەپىقۇتتالىن) ۋە «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) قاتارلىق ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شاھ مەھمۇدجورراس ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ناھايىتى ياخشى ئىگىلىگەن. ئۇ ئەسەرلىرىنى ئابدۇراخمان جامى (مىلادى 1414—1492-يىللار) تەرىپىدىن يېزىلغان «نەفاھاتۇل ئۇنىس»، «شەۋھۇدۇن نەبۇۋۋەت»، «باھارىستان»، دۆلەتشاھ سەمەرقەندى (مىلادى 1494-يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «تەزكىرەئى ئەششۇئارا»، مىرخۇند (مىلادى 1433—1498-يىللار) تەرىپىدىن يېزىلغان «رەۋزەتۇسسافا»، جامالھۇسەيىن (مىلادى 1523-يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «رەۋزەتۇل ئەھباب»، ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى (مىلادى 1533-يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «رەشاھات ئەينەلھەيات»، غىياسىددىن خۇندەمىر (مىلادى 1475—1536-يىللار) تەرىپىدىن يېزىلغان «خۇللۇسوتۇل ئەخبار» ۋە «ھەبىبۇسىيەر» قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ يازغان. «تارىخىي شاھ مەھمۇد جورراس» ۋە «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) قاتارلىق ئەسەرلەردە پاكىتلارغا قارىغاندا مەھمۇدجورراس ئەينى دەۋردە تارىخ، تىل، ئەدەبىيات، ئىلمىي پاساھەت (ئىستىبتىكا)، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ئىلمىي جۇغراپىيە (جۇغراپىيە) قاتارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن بىر تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇ دەسلەپ ئابدۇللاخان (مىلادى 1640—1670-يىللار) نىڭ ھىمايىچىلىرىدىن بىرى ئاللايار بەگنىڭ قول ئاستىدا مىرزا (كاتىپ) بولۇپ ئىشلىگەن: كېيىن بەگلىككە بەلگىلىنىپ ئابدۇللاخاننىڭ ئىشەنچىلىك يۇرت بېگى سۈپىتىدە يۇرت سورىغان. ئۇ تارىخ ساھەسىدە تونۇلغان ئالىم بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن خانلىرىدىن ئابدۇللاخان، ئىسمائىلخان، ئابدۇرىشىتخان ۋە مۇھەممەد ئىمىنخانلارنىڭ نامىغا بېغىشلاپ ئىككى ئۈچ پارچە تارىخىي كىتاب يېزىپ چىققانىدى.

شاھ مەھمۇد جورراسنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى ئەسىرى «تارىخىي شاھ مەھمۇد جورراس» ياكى «تارىخىي شاھ» بولۇپ، بەزى ماتېرىياللاردا «تاۋارىخ» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ئەسەر يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىلخان دەۋرى (مىلادى 1670—1682-يىللار) دىكى يەكەن ئەمەلدارى ئىركە بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1672-يىلدىن 1676-يىلغىچە پارس تىلىدا يېزىلغان. ئىركە بەگ بولسا موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان يۇنۇسخان دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سايرام رايونىغا ئەمىر قىلىپ بېكىتىلگەن ئارلات بەگلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. مىلادى 1670-يىلى ئىركە بەگ قارا تاغلىقلارنىڭ

قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ يولبارسخاننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىسمائىلخاننى تەختكە چىقىرىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ئەمىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندى.

«تارىخىي شاھ مەھمۇد جوراس» تا ئاساسەن 1428—1670-يىللاردىكى، يەنى ئىسمائىلخان تەختكە چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇ تارىختا يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، خوتەننى ئاساس قىلغان خانلىقلار تارىخى، شۇنداقلا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قېرىنداش مىللەتلەر ھەققىدە باشقا كىتابلاردا مەلۇم بولمىغان بىر مۇنچە بايانلار بار. ئەسەردىكى بايانلارغا قارىغاندا، بۇ كىتاب ئېركە بەگنىڭ ئەمرى بىلەن يېزىلىپ ئىسمائىلخان (مىلادى 1670-يىلدىن 1680-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غا تەقدىم قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ موللائىۋەز ئوغلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئاكىمۇشكىنىڭ تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىنشى بىلەن 1966-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ-ھۆججەتشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن «تارىخىي شاھ مەھمۇد جوراس» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان ھەمدە بۇ نەشرگە پارسچە ئەسلى تېكىستىمۇ بېرىلگەن. بۇ تېكىست ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1989-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە X V II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە X I X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدە تەرجىمە قىلىنغان «ئالتىشەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق بىر نۇسخىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەبۇرەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

شاھ مەھمۇد جوراس مىلادى 1686-يىلى ئاللايارئېبنى ساتىم بىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەنە «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىقتى. ئاللايارېبىي بولسا مىلادى 1660-يىلى ئابدۇللاخان تەرىپىدىن خوتەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن قىرغىز فېئوداللىرىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. مىلادى 1692-يىلدىن كېيىن يەكەنگە كەلگەنىدى.

شاھ مەھمۇدجوراسنىڭ «تارىخىي رەشىدى» -(زەيلى) ناملىق ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى» (مىرزاھەيدەر تەرىپىدىن يېزىلغان) نىڭ داۋامى (زەيلى) بولۇپ، «تارىخىي شاھ مەھمۇدجوراس» نى تولۇقلاش مەقسىتىدە يازغان. ئۇ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن ئاۋۋال ئۆزىدىن بۇرۇنقىلار يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر كۆپلىگەن كىتابلارنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇلار ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ تەتقىق قىلغان ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەش ئارقىلىق ئاخىرى «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ، مىرزاھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخىي رەشىدى» سىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەكەن خانلىقى مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە قىممەتلىك تارىخىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەردە موغۇللارنىڭ سەردارى، موغۇل، ئەرەب، ئەجەم مۈلكىنىڭ شاھەنشاھى چىڭگىزخان دەۋرى (مىلادى 1206-يىلى) دىن يەكەن خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادى ۋە مىلادى 1688-يىلدىن 1699-يىلغىچە ئاپپاق خوجىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن مۇھەممەد ئىمىنخان دەۋرىگىچە بولغان بىر قانچە تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەردە بولۇپمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇكېرىمخان دەۋرى (1560—1591-يىللار) دىن مۇھەممەد ئىمىنخان دەۋرىگىچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇندىن تاشقىرى يەنە بۇ ۋەقەلەرنىڭ يىل، ئاي، كۈنلىرىمۇ ئېنىق يېزىلغان. بۇ، ئۇنىڭ «تارىخىي شاھ مەھمۇدجوراس» تىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان تەرىپىدۇر. بۇ ئەسەرمۇ پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر نۇسخىسى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

«تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) نىڭ «تارىخى رەشىدى» نىڭ داۋامى بولۇش سۈپىتى بىلەن «تارىخىي

شاھ مەھمۇد جورراس» تىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، ئايازبېك قوشچى قاتارلىق ئەدىبلەر ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن. ئەسەردە سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئىككى پارچە غەزىلى، سۇلتان ئابدۇرېشىتخانىنىڭ پارس تىلىدىكى بىر پارچە شېئىرى، ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر رۇبائىسى، ئۈچ پارچە غەزىلى، ئايازبېك قوشچىنىڭ تۆت رادىفلىق ئىككى غەزىلى بېرىلگەن. شاھ مەھمۇدجورراس بۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىغان ۋە بېيىتقان.

بۇ ئەسەرنىڭ ئېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور «تارىخي رەشىدى» (زەيلى) نى يېزىشتا مىرزاھەيدەر كوراگانىنىڭ پارس تىلىدا يازغان «تارىخي رەشىدى» سىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، «تارىخي رەشىدى» بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان كىشىلەر «تارىخي رەشىدى» (زەيلى) دە تەمىن ئېتىلگەن ماتېرىياللار بىلەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىـــــمە يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

شاھ مۇھمۇد جورراس مىلادى 1696-يىلى يەنە دىنىي تېمىدىكى «ئانىس ئەل تالىبىـن» ( «تەلەپكارلار نەسەبنامىسى» ) ناملىق بىر ئەسەر يازغانىدى. بۇ ئەسەر ئەينى زاماندا يەكەن ھاكىمى ئالىم شاھ بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئالدىنقى تۆت خەلىپە-ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، 12 ئىمام، نەقشىبەندىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى ئاساسلىــق ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ «ئىسھاقىيە» ئىشانلىرىنىڭ تارىخى، دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر مەزمۇنىدىن قارىغاندا، مەھمۇد جورراس «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىنىڭ بىر سادىق ئەگەشكۈچىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەسەرمۇ پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شىۋىسىگە تەرجىمە قىلىنغان «رەفىقۇل تالىبىن» ناملىق بىر نۇسخىسىمۇ بولغان. بۇ نۇسخىنىڭ مىلادى 1864ـــ1865-يىللىرى موللائەخمەت ئىبنى موللامۇھەممەت سوفى ئىبنى قۇربان سوفى باي تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر قول يازما نۇسخىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇرەيھان بىرونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

شاھ مەھمۇد جورراس مەشھۇر تارىخچى ئالىم بولۇپلا قالماستىن، ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىر ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ شېئىرلىرى دىۋان (توپلام) ھالىتىدە زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يازغان تارىخنامىسىنىڭ ھەر بىر باب ئاخىرىدا خاتىمە خاراكتېرلىك مەسنىۋى، رۇبائىي، مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان 30 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرلىرى بولۇپ، ئەقلىي پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلىقى، تىلىنىڭ نەپىسلىكى، ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، شاھ مەھمۇد جورراسنى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىرى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شاھ مەھمۇدجورراسنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، لېكىن ئۇ «ئانىس ئەل تالىبىن» ناملىق ئەسەرنى يازغاندا 70 ياشقا كىرىپ قالغانىكەن.

ئومۇمەن شاھ مەھمۇد جورراسنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ تارىخي ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگۈچى مۇھىم بىر مەنبە بولۇپ، مەيلى تارىخي قىممىتى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئەدەبىيلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر تارىخى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا كەمدىن-كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: يەكەن ناھىيىلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپ)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

# غەربىي يۇرتتىكى زوروئاستېر دىنى توغرىسىدا بايان

گاۋيۇڭجيۇ

زوروئاستېردىنى — غەربىي يۇرتتا ئەڭ بۇرۇن تارقالغان دىنلارنىڭ بىرى. بۇ دىنىنىڭ پېشۋاسى زوروئاستېر قەدىمكى پېرسىيە-مىدىيالىق①. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 628-يىلدىن 551-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن. 30 يېشىدا زوروئاستېردىنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن②. پادشاھ ۋىشتاسپا ۋە خانىش خۇتوسا③ ئېتىقاد قىلغاچقا، بۇدىن تېز تەرەققىي قىلغان. زوروئاستېردىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا». ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىسى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىكتۇر. زوروئاستېردىنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق دۇنيانىڭ نېگىزى، ياخشىلىق سەممىيەت، ئاقكۆڭۈللۈك، پاكلىق، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىجادچانلىقنىڭ ئىپادىسى، يورۇقلۇق بىلەن ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى؛ يامانلىق بولسا ساختىپەزلىك، رەزىللىك، پاسىقلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ۋەكىلى، قاراڭغۇلۇق بىلەن ھالاكەتنىڭ يىلتىزى دەپ قارايدۇ④. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا زوروئاستېردىنى «ئاۋجياۋ» (祆教)، ئاتەشپەرەسلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

زوروئاستېردىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن: زوروئاستېردىنى پېرسىيىدە بارلىققا كەلگەن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دارىئۇس I ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ، ئۇ چاغدا زوروئاستېردىنى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنى ئىدى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ۋاقىتتىن ساسانىلار سۇلالىسى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان دەۋر بىرىنچى باسقۇچ؛ ساسانىلار سۇلالىسى باش كۆتۈرگەن چاغدىن VII ئەسىرنىڭ بېشىدا خوراسان ۋالىيسى قۇتەيبە ماۋرائۇننەھرگە⑤ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان ۋاقىتقا قەدەر بولغان دەۋر ئىككىنچى باسقۇچ. ليۇيىتاڭ ئەپەندى، ئىككىنچى باسقۇچنىڭ ئاخىرقى چېكى مىلادى 643-يىلغىچە، ئۇ چاغدا زوروئاستېردىنى يوقالغان دېيدۇ. ئۇ: «مىلادى 643-يىلغا قەدەر ساسانىلار سۇلالىسى ئەرەبلەر تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئىران تەۋەسىدىكى زوروئاستېردىنى ئىبادەتخانىلىرى چېقىۋېتىلگەن. مۇقەددەس كىتابلىرى يوقىلىپ كەتكەن، قالغىنى پەقەت ئىبادەت مۇراسىملىرىدىن ئىبارەت»⑥ دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما ليۇ ئەپەندى ئوتتۇرا ئاسىيادا زوروئاستېردىنىنىڭ يوقالغان ۋاقتىنى تىلغا ئالمىغان، تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادى 643-يىلدىن 705-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ زوروئاستېردىنى ماۋرائۇننەھردە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ماقالىدە ئىككىنچى باسقۇچنىڭ ئاخىرقى چېكى مىلادى 705-يىل دەپ قارالدى. مىلادى 705-يىلدىن كېيىن، گەرچە زوروئاستېردىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا، زوروئاستېردىنى ئەڭ بۇرۇن باكتېرىيە⑦، خارەزىم⑧ ۋە سوغدىيانا⑨ لاردا تارقالغان. زوروئاستېرنىڭ ئېتىقاد يولىدا قۇربان بولغان يېرى باكتېرا (كېيىن بەلخ دەپ ئاتالغان) «شەھەرلەر ئانىسى» دەپ ئاتالغان⑩. زوروئاستېردىنى بۇ رايوندا ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت

تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان باكتېرىيە، خارەزىم ۋە سوغدىيانالار زوروئاستېرىدىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا»دا باختى، كەنگخا (ياكى خارەزىم)، سوغدا دەپ ئاتالغان[11]. تەتقىقاتچىلار بۇ ئۈچ رايوننى باكتېرىيە مەركەز قىلىنغان، زوروئاستېرىدىنى ئەڭ بۇرۇن تارقالغان جايلار دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، غاپۇرۇۋ: «باكتېرىيە، سوغدىيانا ۋە خارەزىم ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى قۇرغان ئەڭ قەدىمكى دۆلەتلەر ... بۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ قەدىمكى دىنىي تەلىماتنىڭ بىرى بولغان زوروئاستېرىدىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى باكتېرىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى»[12] دېگەن. يۇي تيەنخېڭ ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى ئاللىبۇرۇن كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ: «باكتېرىيە ۋە سوغدىيانا ئەسلىدە ئىرانلىقلارنىڭ يۇرتى ئىدى. قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ جان تومۇرى باكتېرىيىدە قاتتىق سوقاتتى. بۇمۇ رىۋايەتلەردە ئېيتىلغىنى بىلەن ئوخشاش. ئىراننىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى بولغان زوروئاستېرىدىنى ئەمەلىيەتتە ئالدى بىلەن باكتېرىيىدە تاقالغان»[13] دېگەن. باكتېرىيە توخرىنى كۆرسىتىدۇ. جاڭ شىڭلياڭ ئەپەندى: «گرېكلار بۇ يەرنى باكتېرىيە دەپ ئاتايدۇ»[14] دېگەن. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارغاندا بارغان باكتېرىيىنى گرېكلار قۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329—323-يىللار ئالېكساندىر. ماكدونىسكى باكتېرىيىدە ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر بولۇپ، زوروئاستېرىدىنى بۇ ۋاقىتتا قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مىللىي ئېتىقادى بىلەن ساقلىنىپ قالغان.

كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغىنى شۇكى، بىرىنچى باسقۇچتا، «زوروئاستېرىدىنى پېرسىيىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىكى ئاچېمېند خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ۋە I ئەسىردىكى پارفىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا بولۇپ ئىككى قېتىم گۈللىنىپ راۋاجلانغان»[15]. بىر قىسىم چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا: «بۇ دىن پېرسىيىدىكى ئاچېمېند دەۋرىدىلا ئۇنىۋېرسال سىستېما بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان»[16] دەپ كۆرسىتىدۇ. ئاچېمېند دەۋرىدىكى زوروئاستېرىدىنىنىڭ گۈللىنىشى نۇرغۇن تەرەپلەردە ئىپادىلەنگەن، ھىرودوتنىڭ «تارىخ» دېگەن كىتابىدا زوروئاستېرىدىنىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئائىت نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان[17]. ئاچېمېند خانلىقى دەۋرىدىن باشقا، زوروئاستېرىدىنى يەنە پارفىيە خانلىقى دەۋرىدىمۇ گۈللەنگەن. لىن ۋۇشۇ ئەپەندى: «پارسلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنى گەرچە گرېكلىشىش دەۋرىدە يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق پارفىيە خانلىقى دەۋرىنىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 247-، مىلادى 224-يىللار) ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يەنە قايتا جانلانغان»[18] دەپ كۆرسەتكەن. پارفىيە ئىمپېرىيىسى بۈگۈنكى تۈركمەنىستان تەۋەسىدە قۇرۇلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىن مىلادى I ئەسىرگىچە پارفىيە، رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن جۇڭگونىڭ سودا-قاتناش ئالاقىلىرىدە چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان يول ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، پارفىيە شەرق ۋە غەربكە تېزدىن كېڭىيىپ، مىللەت، تىل، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ ئارىلاشمىسىغا ئايلانغان[19]. ئەمما بۇ رايوندىكى مەدەنىيەت يالغۇز گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. فولومكىن: «بۇ ئىمپېرىيىدە مىلادى I ئەسىردە زور ئۆزگىرىش بولغان، بۇ چاغدا پارفىيىنىڭ ھۆكۈمرانى گرېكلىشىشتىن ۋاز كېچىپ، پارفىيە (ئىران) مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئاتەشپەرەسلىككە چوقۇنماقچى بولغان. يەنىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ئافۇران، مازدا، مىترا ۋە ئانىشتا قاتارلىق ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنى تەشەببۇس قىلغان»[20] دېگەن.

ۋەھالەنكى، زوروئاستېرىدىنى يۇقىرىقى ئىككى دەۋردە گۈللىنىپلا قالماي، يەنە بىر قىسىم مىللەتلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ساكلار ئارىسىدىمۇ تارقالغان. قەدىمىي ساك قەبرىلىرىدىن چىققان نەرسىلەردىن ئۇلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇش ئادىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ساك قەبرىلىرىنىڭ ئاساسلىق

ئالاھىدىلىكلىرى: ئەتراپىدىكى تاش پەلەمپەينىڭ شەكلى يۇمۇلاق، مەركىزى پەلەمپەي ئىللىپىس شەكلىدە، پەلەمپەيلەرنىڭ ئارىلىقى ئۇششاق تاشلار بىلەن توشقۇزۇلغان» . . . . «بۇ ئۇلارنىڭ قۇياشقا، كائىناتقا چوقۇنغانلىقىنىڭ ئالامىتى ۋە ئىپادىسى. قەدىمكى ساكلارنىڭ قۇياش ۋە كائىناتقا چوقۇنۇشى ئۇلارنىڭ ئۇچكە رەسمى ۋە Apxap (رۇسچە قوزا) رەسىملىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ»㉑. لېتۋىنىسكىي ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن بىر قىسىم ساكلار يەنى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ساكلارنىڭ زوروئاستېردىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى㉒ ئىسپاتلىغان. سىر دەرياسى رايونىدىكى ساكلارنىڭ تەسىرى بىلەن زوروئاستېردىنى يەتتىسۇ رايونىغىمۇ تارقالغان. ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى ــ سەمەرقەند ئەتراپىدىكى تال ــ بارچۇق رايونىدىن تېپىلغان، ئۇ يەردىن چىققان نەرسىلەر: «ئاساسلىقى لايدىن ياسالغان كىچىك ھەيكەللەر بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىنى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەڭ بالدۇرقىسى ئاتەشپەرەسلىككە ئائىت بولۇپ، بۇ كىچىك ھەيكەللەر ئەۋلىيا ئانىشتاغا سىمۋول قىلىنغان، يىل دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى I ـ II ئەسىرلەرگە تەۋە»㉓. يەتتىسۇ رايونىدىن ساكلارغا تەۋە قەبرىلەردىن چىققان نەرسىلەرنىڭ يىل دەۋرىمۇ دەل مۇشۇ دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بىرنىشتام، سترابوننىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 63 ــ مىلادى 20-يىللاردا ياشىغان، قەدىمكى گرېك جۇغراپىيەشۇناسى ۋە تارىخشۇناسى، ئۇنىڭ «گېئوگرافىيە» ناملىق 17 توملۇق ئەسىرى بار)㉔ خاتىرىسىگە ئاساسەن، يەتتىسۇ رايونى بىلەن خارەزىم، سوغدىيانا رايونىدىكى زوروئاستېردىنىنىڭ مەنبەسىنى سېلىشتۇرغان. ئۇ: «سترابو يەنە سوغدىلار بىلەن باكتېرىيىلىكلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدىكى ئوخشاشلىق ۋەپەرقىنى، شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئېفتالىتلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. سترابوننىڭ بۇ خاتىرىلىرىنى يەتتىسۇ رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئاتەشپەرەسلىك ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سېلىشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس نەرسىسىنى (مەسىلەن، مېھراپى) ياكشارت ۋادىسىدىكى ساكلاردىن كەلگەن دېيىش مۇمكىن. خارەزىملىقلارنىڭ ئوتقا چوقۇنغانلىقى توغرىلىق ئىسپات بار، يەتتىسۇ رايونىدىن چىققان ئوتقا چوقۇنۇشقا ئائىت مۇقەددەس نەرسىلەر خارەزىمدىن ئازىراقلا كېيىن تۇرىدۇ. روشەنكى، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، يەتتىسۇ خارەزىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەمەس. ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئەسلى ئالدى بىلەن ساكلار ئولتۇرۇشلۇق كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىدى»㉕ دەپ يازغان.

گەرچە بىرىنچى باسقۇچتا زوروئاستېردىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ رايوندا ياشىغان بىر قىسىم قەدىمىي مىللەتلەر ئارىسىدا تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زوروئاستېردىنىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى يەنىلا ئىككىنچى باسقۇچ يەنى ساسانىلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولغان، ئۇ بۇ دەۋردىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئىزاھلار:

① مىدىيا، مىتىيا ياكى مىتايلار پارسلار بىلەن نەسلى بىر. مىلادىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرلەردە دۆلەت قۇرۇپ، پايتەختى ئېكباتانا (Ecbatana يەنى بۈگۈنكى ئىراننىڭ هامادان شەھىرى) ئىدى. «سىخەي (گوكسىيانۇس)» تا: «زوروئاستېر تاشقى كاۋكازدا تۇغۇلغان دېگۈچىلەرمۇ، ئىراننىڭ شىمالىدا تۇغۇلغان دېگۈچىلەرمۇ بار» دەپ ئىزاھلانغان. لېۋىتاڭ ئەپەندى زوروئاستېردىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋستا» غا ئاساسەن، زوروئاستېر «ئىراننىڭ ئاتروپاتېنى (Atropatene) دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. («ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 43-بېتىگە قاراڭ). شۇڭا زوروئاستېرنىڭ تۇغۇلغان يېرى تېخى مۇقىملاشقىنى يوق.

②⑮ لى تەييۈي تۈزگەن «شىنجاڭدىكى دىنلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى، 15 ـ 17-بەتلىرىگە

قاراڭ.

③⑥ ليۇيتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، تەيۋەن جېڭجۇڭ كىتاب ئىدارىسى، 1975-يىل نەشرى، 444-، 445-بەتلەر.

④ يۈەن ۋېنچى: «‹ئاۋېستا›، دىكى رىۋايەتلەر ۋە زوروئاستېرىدىنىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار»، «دۇنيادىكى دىنلار تەتقىقاتى» نىڭ 1987-يىللىق 4-سانىدىن ئېلىندى.

⑤ ئەسلى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى، كېيىن ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەپسىلاتىنى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەر نامى ‹ماۋرائۇننەھر› ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىدىن كۆرۈڭ. «لەنجۇ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىل 1-سان.

⑦ باكتېرىيە، ئورنى ھىندۇقۇش تېغى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئارىلىقىدا، تاجىكىستاننىڭ ئوتتۇرا، جەنۇب ۋە شەرقىي قىسمىنى ھەمدە بۇگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ سۇرخان دەرياسى ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑧ خارەزىم، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمىي دۆلەت، مەركىزىي شەھىرى ئۈرگەنچ، ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ شىمالى ۋە قازاقىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑨ سوغدىيانا، يەنە بىر ئاتىلىشى سوغدا، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدا. مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅶ — Ⅵ ئەسىرلەردە دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن. مەركىزىي شەھىرى ماراقاندا، يەنى بۈگۈنكى سەمەرقەند.

⑩ بەلىخ، ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىدا، بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بەلىخ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅰ - Ⅱ ئەسىرلەردە باكتېرىيىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان، يەنى باكتېرا دەپ ئاتالغان.

⑪⑫㉔ غاپۇرۇۋ يازغان، شياۋجىشىڭ تەرجىمە قىلغان: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكلارنىڭ تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى، 32-، 33-، 27-بەتلەرگە قاراڭ.

⑬ يۈتىيەنخىڭ يازغان، گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «غەربىي دىيارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى، 11-بەت.

⑭ جاڭ شىڭلاڭ تەھرىرلەپ ئىزاھلىغان، جۇجيېچىن سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتنىش تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 4-قىسىم، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1978-يىل نەشرى، 11-بەت.

⑯ Religionsoftheworld,st. MartinsPress,Newyork 1983 . P.376 بۇ ⑱ ئىزاھتىكى ئەسەردىن ئېلىندى.

⑰ ھىرودوت (قەدىمكى يۇنانلىق) يازغان، ۋاڭيىجيۇن تەرجىمە قىلغان «تارىخ (يۇناندىكى پارس ئۇرۇشى تارىخى)» شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1959-يىل نەشرى، 238-بەت. ھىرودوت: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پارسلارنىڭ جەسەتنى ئىتلار ياكى قۇشلار تالاپ پارچىلاۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن كۆمىدىكەن، مارتىق راھىبلىرىنىڭ بۇنداق ئۆرپ-ئادىتىنىڭ بولۇشى شەك-شۈبھىسىزدۇر، چۈنكى ئۇلار بۇ خىل ئۆرپ-ئادەتنى ئاشكارا يولغا قويغان» دېگەن. («ھىرودوت تارىخى» 1-قىسىم، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى، 72-بەت)، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ماجىلار، زوروئاستېرىدىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى راھىبلىرى بولۇپ، ئۇلار پېرسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ماجى قەبىلىسىدىن كەلگەن. بۇ ⑱ ئىزاھتىكى كىتابتىن ئېلىندى.

⑱ لىن ۋۇجۇ: «زوروئاستېرىدىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ھەققىدە قايتا تونۇش»، «دۇنيادىكى دىنلار توغرىسىدا تەتقىقات»، 1987-يىل 4-سانىدىن ئېلىندى.

⑲⑳㉓ فولوموسكىن يازغان، خۇاڭ جىنخۇا تەرجىمە قىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، 1981-يىل، 63-، 64-، 57-بەتلەر.

㉑㉕ بېرنشتام يازغان، خۇاڭ جىنخۇا تەرجىمە قىلغان «ساكلارنىڭ ئارخېئولوگىيىسى»، «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى ھەققىدە تەرجىمىلەر توپلىمى» نىڭ 57-بېتىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تۈزگەن.

㉒ لىتۋىنىسكىي يازغان، ماشوكۇن تەرجىمە قىلغان «پامىردىكى ساكلارنىڭ قەبرىلىرىدىكى دىنىي-ئېتىقاد»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» نىڭ 1989-يىل 3-سانىدىن ئېلىندى.

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1995-يىللىق 4-سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلارە خەمىت          تەرجىمە تەھرىرى: جۇمەخۇن

# تۈرك دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

يۈنۈسجان ئېلى

تۈرك دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ، «جۇنامە»دە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «داتۈگۈننىڭ 8-يىلى ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۈرە سۇجۇ ئايمىقىدىكى ئىشلارنى مەلۇم قىلدى، ھەر يىلى مۇز توڭلىغاندا، تۈركلەر بۇلاڭچىلىق قىلىشقا كېلىپ تۇردى»① دەپ كۆرسىتىلگەن. سېن جۇگۈمېن ئەپەندىنىڭ بۇ يازما بايانغا بەرگەن ئىلاۋىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ «تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىلىنىشى»② بولۇپ، مىلادى 542-يىلىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

«جۇنامە»دە تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىدىكى مەلۇمات تۈركلەرنىڭ يازما مەنبەلەردە تۇنجى قېتىم كۆرۈلۈشىنىڭ ئىسپاتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تۈرك دېگەن نامنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ كېلىپ چىققانلىقىنىڭ ئاساسى ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇ تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىنكى سىياسىي مۇھىتقا قارىتىلغان بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۈركلەرنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەل سۈپىتىدە باشقىلار تەرىپىدىن بىلىنىشى ئىدى. بۇنداق بىلىنىش ئەڭ ئاۋۋال غەربىي ۋېي خانلىقىدىكىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەكس ئەتكەچكە، ئۇلار ئېيتقان «ئالتاي تېغىنىڭ شەكلى تۈركە (دۇبۇلغا) شەكلىدە بولغاچقا، ئۇلار تۈركنى ‹تۈرك› دەپ ئاتاپتۇ ۋە كېيىن شۇ بويىچە ئاتىلىپتۇ»④ دېگەن تۈركلەر بىلەن كېيىنكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ خېلى جەريان پەرقى بار ئىدى.

دەرۋەقە تۈركلەر يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە، باشقىلارغا مەلۇم بولۇشتىن ئاۋۋال، خېلى ئۇزاق تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ھالبۇكى تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى تارىخىي جەريانىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى، رىۋايەت خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللار بولۇپ، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بۇ خىل رىۋايەتلەر جەمئىي بەش تۈرلۈك رىۋايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك دۆلىتىدىن، بۇ ئەل ھون دۆلىتىنىڭ شىمالىدا ئىكەن» دېگەن رىۋايەت بىلەن «تۈركلەر ھونلارنىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى بولۇپ، ئاشىنا نامىدىكى باشقا بىر قەبىلە ئىكەن» دېگەن رىۋايەت ۋە «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭلىق ئارىلاشما غۇزلار بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى ئاشىنا ئىدى» دېگەن رىۋايەتلەردە تۈركلەرنىڭ ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى تارىخىي جەريانى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئېتىلگەنىدى، يەنى «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك دۆلىتىدىن، بۇ ئەل ھون دۆلىتىنىڭ شىمالىدا ئىكەن» دېگەن رىۋايەتتىكى «ئۇلار چوڭ ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرك دەپ نام بېرىپتۇ»⑤ دېگەن مەزمۇن بىلەن قالغان ئىككى رىۋايەتتىكى تۈركە توغرىسىدىكى مەزمۇنغا ئاساسلانغاندا، تۈرك دېگەن نام تۈركلەر غەربىي ۋېي خانلىقىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى.

تۈرك دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، غەرب ئالىملىرىمۇ خېلى كۆپ ئىزدەنگەنىدى. مەسىلەن، تارىخشۇناس خامېر ھېرودوتۇس تىلغا ئالغان شەرقتىكى مىللەت «Targita» لارنى دەل تۈركلەر دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە تەۋراتتىكى «Togharma» دېگەن نامنىمۇ تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى. ئاۋستىرىيىلىك ئالىم توماشېك يۇنان تارىخشۇناسلىرى تىلغا ئالغان ئىسكىت (Iskit) لارنىڭ ئارىسىدىكى «Tyrkae» (Jyrkae) لارنى تۈركلەر دەپ قارىدى. ئۇنىڭدىن باشقا غەرب ئالىملىرى يەنە غەربىي ئاسىيانىڭ مىق يېزىقىدىكى ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن «Tourki» دېگەن ئىلامدىكى دۆلەت نامى بىلەن ئاسورىيىلىكلەرنىڭ مىق يېزىقىدىكى «Turukku»⑥ دەپ ئوقۇلىدىغان قوۋمنىمۇ «Turk» لەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلىدى.

غەرب ئالىملىرىنىڭ تۈرك دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندىمۇ، تۈرك دېگەن نامنىڭ تۈركلەر يېڭىدىن كۈچەيگەن مىللەت سۈپىتىدە مەلۇم بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى

ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. ئەمما مەسىلىنىڭ ھالقىلىق تەرىپى شۇكى، تۈرك دېگەن نامنىڭ قىلچاندىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققانلىق مەسىلىسى بولۇپ، بۇ يەردە شۆزۆگجېك ئەپەندىنىڭ تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. شۆزۆگجېك ئەپەندىنىڭ ئىزدىنىشىگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىدە «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك دۆلىتىدىن، بۇئىل ھون دۆلىتىنىڭ شىمالىدا ئىكەن» دېگەن رىۋايەت، «مىلادىدىن ئاۋۋالقى I ئەسىردىن مىلادى I ئەسىرگىچە» ⑦ بولغان ئارىلىقتا بارلىققا كەلگەنىدى. بۇئىل ھون دۆلىتىنىڭ شىمالىدا دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلى بولۇپ، مېنىڭچە تۈركلەرنىڭ مەنبەسى ھونلاردىن كۆرە، دىڭلىڭلار دېگەن قاراش بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ قالغان قاراش بولمىسا كېرەك.

ئەڭ دەسلەپتە بۇ قاراشنى ياپونىيىلىك تۈركشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغانىدى. كېيىن ئېلىمىز ئالىمى ماچاڭشۇمۇ تېلېنى كەڭ مەنىدىكى تۈرك دېگەن نام دەپ كۆرسەتتى. سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى بۇنى شەكىل جەھەتتىن زورۇقانلىق دەپ قارىغان بولسىمۇ، ھازىر بۇ قاراش ئېلىمىزدە خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، لىن گەن ئەپەندى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» دىكى «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى» دېگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، «بۇ تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى بولۇپ، ئەڭ ئىشەنچلىك قاراش بولۇشى كېرەك» ⑧ دەپ تۈركلەرنى تېلېلارنىڭ بىر تارمىقى دېدى.

دىڭلىڭ، تېلې دېگەن ناملار بىر مىللەتنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلار ئەمەنىيە دەۋرىدە دى دەپ ئاتالغانىدى. ئەگەر «تۈرك خانلىقىنىڭ گۈللىنىشتىن ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى دىڭلىڭ، چىلى، دىلى، تېلې قاتارلىق ناملار تۈرك دېگەن نامنىڭ ئوخشاش بولمىغان نامدا تەرجىمە قىلىنىپ ئاتىلىشى دەپ قىياس قىلىنىدى» ⑨ دېيىلسە، ئۇ ھالدا دى دېگەن ناممۇ تۈرك دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. دىلار جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى بويىچە قاڭقىللار دەپ ئاتالغاندا، قاڭقىللارنىڭ ئالتە ئۇرۇقىنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرۈلگەنىدى. بۇنداق قايتىلىنىش، شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، دى دېگەن نامنى تۈرك دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قاڭقىللارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈلۈشىنى دەل تۈركلەرنىڭ ئايرىم بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ھارپىسىدىكى جەريانى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا تۈرك دېگەن نام ئەمەنىيە دەۋرىدىلا كۆرۈلۈشكە باشلاپ، جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە تېلې قەبىلىلىرىدىن تەشكىل تاپقان باشقا بىر گەۋدىنىڭ نامى بولغان بولىدۇ. بۇ گەۋدە قاڭقىللارنىڭ ئالتە ئۇرۇقىنىڭ ئىچىدىكى دىلار بولۇپ، ئۇلار مىلادى VI ئەسىرنىڭ 40-يىللىرى غەربىي ۋېي خانلىقىدىكىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئاندىن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ «تۈرك» دېگەن ئاتىلىشىغا بىر قەدەر يېقىن كېلىدىغان « 突厥 » خېتى بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەنىدى. بۇنداق پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇرەككەپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن زور ئەھمىيىتى بولسىمۇ، «كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» دىكى تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئېيتقان ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، تۈركلەر دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنمۇ، باشقا تېلې قەبىلىلىرى (توققۇز ئوغۇز قاتارلىقلار) نى ئۆزگىچە بىر مىللەت دەپ قارىمىغانىدى.

بۇنى ھۆكۈمرانلىق نۇقتىسىدىن شۇنداق دېگەن دەپ چۈشەنگەندىمۇ، ئەمما تۈرك خانلىقى يىمىرىلىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلغان ئەسەرلەردە ئوخشاشلا مۇشۇنداق ئەھۋال ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، بۇنداق جەرياننىڭ ماتېرىيال ئاساسلىرىنىڭ بىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.

زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن ئۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «ئىنان خۇزخۇرمىن — بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز

ئۇرۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ ئۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل «خۇزخۇر» دەپ ئاتىلىپتۇ⑩.

يۇقىرىدىكى رىۋايەت تۇسىدىكى بايان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزگە بەرگەن تەبىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن يۇتۇم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن» ۋە «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن» دېگەن بايانلاردا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خاقانى تۈرك خاقانى دەپ كۆرسىتىلىپ، «ئۇيغۇر» سۆزى بىلەن «تۈرك» سۆزى ئوخشاش قوللىنىلغانىدى. دېمەك تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن كۆرە، تۈركلەرنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان تېلېلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ تۈركلەر بىلەن تېلېلار بىر-بىرىدىن ئۈنچىۋالا ئۆزگىچە مىللەت دەپ قارالمىغانىدى. قىسقىسى، تۈرك دېگەن نام تۈركلەرنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇرەككەپ تارىخىي جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مىلادىدىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردىلا كېلىپ چىققانىدى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىكى كۆرۈلۈشى بولسا، ئۇلارنىڭ رەسمىي بىر بېگى كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقىنىڭ ئاشكارا ھالدا بىلىنىشى ئىدى. شۇڭا تۈركلەرنىڭ غەربىي ۋېي خانلىقىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى توغرىدىنتوغرىلا «تۈرك دېگەن بۇ نام جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىققان» ⑪ دەپ قارىماستىن، ئەكسىچە ئېتنىك نامى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا، تۈركلەرنىڭ مىلادى VI ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن ئاۋۋالقى مەزگىلىدىكى تارىخىي جەريانىنى تامامەن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ تارىخىي جەريان، يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن دى، دىڭلىڭ ۋە تېلېلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانى بىلەن بىردەك جەريان بولۇشى كېرەك.

ئىزاھلار:

---

① «جۇنامە» 27-جىلد، «يۈۋېننىڭ تەرجىمىھالى».

② سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1-كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 16-بەت.

③④ «جۇنامە» 50-جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑤ لىن ئېنشيەن: «تۈركلەر توغرىسىدا تەتقىقات»، تەيۋەن سودا كىتاب ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 31-32-بەتلەر.

⑥ شۆزۈڭجېڭ: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە، 1986-يىللىق 1-سان.

⑦ لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 8-9-بەتلەر.

⑧ جياڭ يىڭلياڭ: «جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 2-بەت.

⑨ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 توم 151-بەت.

⑩ ياڭ جيەنشىن: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 265-بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلەت نۇردۇن

# «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» توغرىسىدا تەتقىقات

«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» نى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپاندىن تاپقان. بۇ يادىكارلىق ئورالما ھۆججەت شەكلىدە يېزىلغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 270 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 29.5 سانتىمېتىر بولۇپ، جەمئىي 125 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ ھۆججەت ھازىر جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

بۇ ھۆججەتنىڭ باش تەرىپى كەمتۈك، بەزى خەتلىرى ئۆچكەن، ئايرىم يەرلىرى ئېغىر دەرىجىدە پەرسۇدە بولغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھۆججەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى خېلى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ.

بۇ ھۆججەت توغرىسىدا گېڭ شىمىن ئەپەندى تۇنجى بولۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھۆججەتنىڭ لاتىن ھەرپلىرى بىلەن قىلىنغان ترانسكرىپسىيىسى، سۆزلۈكى، ئىزاھلىرى بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ كۆز قاراش-مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلغان.

«مانى ئىبادەتخانىسى ھۆججىتى» ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوردىسىدىن ھۆكۈمەت ھۆججىتى قاتارىدا مانى ئىبادەتخانىسىغا تارقاتقان ھۆججىتى بولۇپ، گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، بۇ ھۆججەتنىڭ يىل دەۋرى مىلادى IX-XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئىكەن①. ھۆججەتتە «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن تامغا، ۋەزىرلەر تامغىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك تامغىلاردىن بولۇپ، جەمئىي ئون بىر تامغا بېسىلغانىكەن②.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى بۇددا دىنىغا تەئەللۇق نەرسىلەر بولۇپ، مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيتتى. شۇنىڭدەك، بۇ يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىلىرى، ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر، پارچە-پۇرات ئېلىم-بېرىم توختامنامىلىرى ۋە باشقا مەزمۇندىكى يازما يادىكارلىقلار ئىدى. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» نىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مانى دىنىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى مۇھىم مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، يەنى مىلادى 762-يىلى مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي مەركىزىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىگەندىن كېيىن، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ پاراللېل خانلىق قۇرغان. بۇلاردىن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنىغا، قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدە گەرچە بۇددا دىنى خېلى كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، مانى دىنىمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئىدىقۇت شەھىرى، يارغول، بېشبالىق، كۇچا قاتارلىق جايلار ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر بۇددىزىم مەركەزلىرى ئىدى. بىزەكلىك، تۇيۇق، لەمجىن، قىزىلتاغ (يالقۇنتاغ ياكى ئىدىقۇت تېغى) جىلغا-يارداڭلىقلىرىدا، قىزىل دەريا بويى، ئۆگەن دەريا بويى، قىزىل قاغا، قۇمتۇرا، سىم-سىم قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋە شىكشىن تۆپىلىكلىرىدە قېزىلغان بىزەكلىك ئۆيلەر ــ بۇددا مىڭ

ئۆيلىرى خېلى كۆپ ئىدى. بۇ ھال، بۇددا دىنىنىڭ ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە دۆلەت دىنى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، مانى دىنىمۇ خېلى تەرەققىي تاپقانىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى X – XI ئەسىرلەردە ئىدىقۇت خانلىرى مانى دىنىغا چوقۇناتتى.

تېخنوۋ گەردىزىدىن نەقىل ئېلىپ: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەر كۈنى ئۈچ-تۆت يۈز كىشى خان ئوردىسى ئەتراپىغا يىغىلىپ مانى كىتابلىرىدىن قىرائەت قىلىدۇ» دېگەنىدى. بارتولد «كاتالوگ» دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرگەن بىر قىزىقارلىق خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «توققۇز ئوغۇز (قوچۇ ئۇيغۇرلىرى) نىڭ خانى كىشىلەردىن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى سەمەرقەنتتىكى مانى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئەمىرىنى قورقىتىپ: ‹قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلار سامانىيلار خانلىقىدىكى مانى مۇخلىسلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. ئەگەر سامانىيلار خانلىقى مانى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، قوچۇ خانلىقى ئۆز زېمىنى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دەپتۇ. بۇ گەپ دەرھال ئۈنۈم بېرىپ، سامانىيلار خانلىقى مانى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچكەنىكەن»④. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى خانىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇنىڭ خانلىقىنىڭ مانى دىنىنى خېلى بەك قوغدايدىغانلىقىنى، مانى دىنىغا قارىتا يوقىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىر قانچە دىن تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بۇددا دىنى دۆلەت دىنى مەۋقەيىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ، خان جەمەتىدىكى ئاساسلىق ئەربابلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى سەۋەبلىك، مانى دىنىغا ئىدىقۇت خانلىقىدا خېلى چوڭ ئىمتىياز ۋە ئىمكانىيەتلەر بېرىلگەنىدى. ئۆز نۆۋىتىدە مانى دىنىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنىدى، دۆلەتنىڭ بىر قانچە چوڭ سىياسىي ئىشلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا مانى ئەربابلىرى قاتنىشاتتى. خانلىقنىڭ ئىچكى رايونلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانى ئەربابلىرىنىڭ باشچىلىقىدا باراتتى. تاكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، مانى مۇخلىسلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىچكىرىگە ئەۋەتىلەتتى⑤.

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، ئىدىقۇت خانلىقى زېمىنىدا مەخسۇس مانى ئىبادەتخانىلىرى بولغان. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىلكىدە نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەر، ئۈزۈمزار باغلار، چارۋاماللار بار ئىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە تېرىيدىغان، ھەقسىز «ھاشار ئەمگىكى» قىلىدىغان ئىشلەمچىلەر، كۆتكۈچىلەر، ئۇستىكارلار، تۆۋپىلار بولغانىدى. مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، مانى راھىبلىرىنىڭ ئىچىدە مەرتىۋە پەرقى ناھايىتى چىڭ ئايرىلاتتى. موجاكلار (دىن تارقاتقۇچىلار) ئەڭ يۇقىرى قاتلام، ئاۋدىتۇلار (تىڭشىغۇچىلار) تۆۋەن قاتلامدىكى ئېتىقادچىلار ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى بىر قانچە تەرەپتىن كېلەتتى. خانلىق تەرىپىدىن ئاجرىتىلغان مەخسۇس «ۋەخپە» يەرلەر، باي-مۆتىۋەرلەر ئىئانە قىلغان تېرىلغۇلۇقلار، مېۋىلىك باغلار ۋە مال-چارۋىلار، ئاھالىدىن يىغىلىدىغان «ئۆشرە-زاكات» ۋە تېۋىنغۇچىلار، ساخاۋەتچىلەردىن يىغىلىدىغان خەيرى-ئېھسان پۇل-ماللاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق كەڭرى ئىمتىياز «ھۆججەت» مەزمۇنىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، خانلىق تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىناتتى.

«ھۆججەت» مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مانى ئىبادەتخانىلىرىغا باغلانغان ئىجارىكەش ۋە ياللانما دېھقانلار ھەر يىلى ئىبادەتخانىغا 960 دەن (بىر دەن تەخمىنەن 400 جىڭ ئەتراپىدا) بۇغداي، 84

دىن كۆنجۈت، 24 دەن پۇرچاق، 36 دەن تېرىق (ھەر ئايلىقتا كېتىدىغان 80 دەن بۇغداي، 7 دەن كۆنجۈت، 2 دەن پۇرچاق، 3 دەن تېرىق ھېسابى بويىچە ھېسابلىنغاندا، — ھۆججەتنىڭ 26-28-قۇرلىرىغا قارالسۇن) تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مانى ئىبادەتخانىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان 4125 قوقپۇ رەخت تىلغا ئېلىنىدۇ (35-قۇرغا قاراڭ). ھۆججەتتە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە راھىبلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق كىيىم-كېچەكلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان 500 قوقپۇ رەخت (39-قۇرغا قاراڭ) ۋە بۆز تىلغا ئېلىنىدۇ. كىچىكرەك تەمىناتلاردىن پاختا، قومۇچ ۋە قوغۇنلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك تەمىناتلاردىن بەھرىمەن قىلىنىغان مانى ئىبادەتخانىلىرىدا خېلى كۆپ ساندىكى مەجبۇرىي ھاشار ئەمگىكىگە سېلىنىدىغان ئىشلەمچىلەر، مەسىلەن، مال باققۇچى، غاز-ئۆردەك باققۇچى، ئوتۇنچى، كىگىزچىلەرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، مانى ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىلگەن ئىمتىياز ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان. بۇ ھال، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا مانى دىنىنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، بىز «ھۆججەت» مەزمۇنىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەشغۇلاتلىرىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

## مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى (ترانسكرىپسىيىسى)

(1) قارغۇچىلار كىرزۇن، قارگ ... بولسارىيە ئىلكىيە(؟) (2) قانىقتا كىرسەر، (ماند) ستانتاقى يارلىق (3) بىرلە كىرزۇن. كىرگۈر (بىسن) ...... دەكى تۆرۈچە (4) ئىلكى (؟) دەكى تۆرۈچە ئىش (ئايغۇ) چى موژاك ئىلمىگا تۇتۇق (5) ئىشلەتزۇن. تىلس سىبيت بارس ت(ا)رقان تەمىر ياقسى تۇتزۇن. (6) ...... زۇن. ئۆرتۇگۇ بولسار ئىكەگۇ (7) ...... ئا سۇر...... تساگاغ ئىكەگۇ بىرلە (8) ... ۇن. سلچغۇچا... لار... (ئۆگتۇن بالىغ) داغى ئىسىگ (كۈچۈگ) (9) (ت)اغاي باغىس ئىلمىغا ئۇز (ئىش)لەزۇن. كىدىن بال(ىقتاقى) (10) ئىسىگ كۈچۈگ قۇمار بارس ت(ا)رقان ئىشلەزۇن. باغ (11) (بورلۇق) يىر سۇۋ قاق تىمەزۇن، ئۇز ئىتۇرزۇن. ئۆگتۇن (12) ب(القتاقىيا)غ بورلۇق تۇسسۇز(؟) بولسار تاغاي بارس (13) (ئىلمىغا) (بۆز) ....(قاۋ) رىقا تەگزۇن. كىدىن (14) بالىقتاقى ئىش (ئاغدۇق بولسار) قۇمار بارس (15) ت(ا)رقان قىسغا قىز (غۇتقا) تەگزۇن. ئۆنتۇنكى ن(ەتەگ) (16) يىغغۇ تىرگۇ بار ئەرسەر ئىلمىغا تۇتۇق يىغىپ (17) ياقسى تۇتزۇن. (كىدىنكى نەتەگ) يى(ى)غغۇ تىرگۇ بار ئەرسەر قۇمار (18) (نىڭ يۇمىس) چىسى (ياقسى تۇتز-) ۇن. ئاغىلىقتا كىرگۈسىن (19) ئاغىلىقتا قوچۇ ئىمۇ(؟) ...(ق)اكىرگۈسىن تۇكەل (20) كىگۈرزۇن. ئەكەگۇ ب(ىرلە ياقسى) ئىشلەتزۇن يۇگ(ا)زۇن) (21) بىرلە تۇتزۇن. ئۆگتۇن يىگاق يىر سۇۋ ئۆكۇش ئۇچۇن (22) (با)لىقتاقى ئەۋ تورۇق قوقپۇ يىغغۇ يىر سۇۋلار ئىنكۇ قۇمار بارس (23) ...... (ئۆ)گتۇنكى كىدىنكى تۇتۇن دۇمەن (24) يىر(سۇۋ) بورنىڭ ياقا(؟) نىڭ ئالتمىس ئىكى قوقپۇ ئۇزە (25) بۆز تەگسۇرۇپ تگرى يات...كەدگۇ بۆز بىر (زۇن) (26) ئاي سايۇ ئىكى ئەنچمن تگرىلەرگە سەكىزەر ئون سىق (27) بۇغداي يىتى سىق كۆنچىت ئىكى سىق بۇرچاق ئۇچ (28) سىق قونۇق (بىرزۇن) لىۋ تۇتزۇن. ئۆدمە (29) ب(ىرىپ)...ت(ساڭ) تا بلسا ئىكى ئىش ئايغۇچىلار (بىرزۇن) (30) ئۇز ئۇزاغۇتقا (ئىش ئايغۇ)چىلار لىۋ تۇتزۇن. مو(ژاككا) (31) لىۋ بىرىپ تگرىللەر ئاشى سۇۋسۇسى تەلك سىز بولسار ئىكى (32) خرۇخانلار ئۆز ئاشى ئازۇقى بىرلە بىرىپ، سولمى (33) مانىستان...... ئۇلۇرزۇن. ئىش ئايغۇچىلار قىنغا (34) قاۋرىقا تەگزۇن. (ئى)ش ئايغۇچى ئاغىلىقتا كىرۇر بو (لغۇلۇق) (35) يىر تۇسى تۆرت مىڭ بۇز بىس ئۇتۇز قوقپۇ بۇرق(ان)(؟) (36) تۆرۈچە سىرۋسيت قانىقتا كىگۈرزۇن. مانىستان تاۋ (37) (نە)تەگ تورلۇگ ئىش كۈچ بولسار ئىكى خرۇخانلار ئىش (38) ئايغۇچىلار ب(ىرلە ئىشد)لەتزۇن. كەدمە تىكىرمەنىنىڭ (39) بىس يۇز قوقپۇدا ئەلىگ قوقپۇ كەدمەگە بىرزۇن. (40) تاقى قالمىس تۆرت يۇز ئەلىگ قوقپۇ كەدمەگە بىرزۇن. (41) ئىسپلسانچقا قىشقى تون ئىمتاك بولزۇن. كەپەز بۆزى (42) (نىڭ) ئالتمىس بۆز (ئىسپلسى) ئىسپلسانچقا يايقى تون (43) بولزۇن. ئىكى ئەنچمن تگرىلەرنىڭ ئاشى بوغزى ت(ەگسىز) (44) بولمازۇن. بىر ئاي بىر خرۇخان بىر ئىش ئايغۇچى بىرلە (45) تورۇپ يىچانىپ ئاش بوغۇز ئۇزقىلتۇرزۇن. تاقى بىر (46) (ئا) يدا بىر خ(رۇخان) بىر ئىش ئايغۇچى بىرلە تورۇپ (47) يىچانىپ ئاش بوغۇز ئۇز قىلتۇرزۇن. قايۇ ئايقى ئاش بو(غۇز) (48) ئاغدۇق بولسار، ئول ئايقى خرۇخان

ئىش ئايغۇچى بىرلە (49) قاۋرىغقا تەگزۈن. ئىكى خروخانلار ئىش ئايغۇچىلار (50) بىرلە تۇرۇپ......ئىگ ئىلچىلاراگ ئۆتمەكچىلەرىگ قاۋىرا (51) تۇرزۇنلار. تەڭرىلەر خۋانتا ئۇلۇرسار ئىكى خروخان(لار) (52) ئاداقىن تۇرۇپ ئىلە(ـ)غ سۇۋسۇسىغ ئۇۋرخانى زاملىستىككە تەگى (53) تۈز تەگۈرۈپ، ئانتا كىن ئۆزلەرى خۋانتا ئۇلۇرزۇن. (54) مانىستانتا نەتەگ كۆچ بولۇپ تەڭرى موۋاككە (55) ئۆتۈككە كىلـ(سەر) ئىلكىدەكى تۆرۈچە خروخانلار ئىش (56) ئايغۇچىسىز كىرمەزۈن. ئىش ئايغۇچىلار يىمە خروخان(سىز) (57) كىرمەزۈن. خروخانلار ئىش ئايغۇچىلار بىرلە تۇرۇپ (58) ئۆتۈنزۈنلەر. قام(ا)غىنغاي ئىسپىلىسى ئەرمىن ئوغلانىسىز (59) تەڭرىلەر نەمچە ئەر(سەر)، ئاگارۇ تاپىنزۇن. ئانتا (60) كىن قالمىش قام(ا)غىنغاي ئوغلان ئۇۋرخانى زاملىستىك(تا) (61) تاپىنغۇچى ب(ە)لگۈلۈك قىلىپ خۋانتا ئۈز تاپىنتۇرزۇن. بۇ بىتىگىن (62) ئەرمىن تەڭرىلەر قىرقىن تەڭرىلەر مانىستانتا ئىلسانسار (63) خۋانتا ئۆدمەگە بىر(مر) ئىكىرمر كۆيچۈك تلس سۇۋ كلۇرۇپ (64) بور سۇۋى قىلىپ تەڭرىلەرگە ئۇۋرخانى زملستىككە تەگى (65) تۈزۈ تەگۈرزۈن، سلچراگۇ تەڭرىلەر ئۆدمەگە بارسار ئىسمىس (66) مىنىن ئۆگى يىغتۇرزۇن. قلچ(ا)ندا قانلۇ قىلغۇ بولسار (67) مۇنى ئۈزە قىلزۇن. بۇ ئىسمىس مىگا تەڭرى موۋاك (68) ئەغتادان ياغمازۇن. قانلۇ قىلغۇ بولسار تەڭرى موۋاك بىرلەق(مىنچا) (69) خروخانلار ئىس ئايغۇچىلار بىرلە تۇرۇپ قىلتۇرزۇن. ئىكى (70) ئەنچمىن تەڭرىلەرنىڭ ئىكى تاۋاتىسى سۇۋسۇسگا موۋاك (71) ئەغتادان ياغمازۇن. تەڭرى موۋاككە ئەغتادانىغا كىم (72) تەگگەلى ك(ە)لسەر ئۈز سۇۋسۇسىن بىرزۈن. (73) بىر ي(ىلقى) لۇۋ(؟) بۇغدايىنىڭ سۆكتىسى بولۇر. ئىكى يۈز (74) سىق. بۇ ئىكى يۈز سىق سۆكتىندە يۈز سىق سۆكتى (75) ق...(تارىغۇچى) ئۇدلار يىزۈن. يۈز سىق سۆكتى تەڭرى (76) موۋاكىنىڭ ئەغتادانىنىڭ كاۋاللارى يىزۈن. بۇ يۈز سىق (77) سۆكتى يىغمىش تۇتزۇن. ئاتلارغا يىزگۇ قاتۇرزۇن. (78) ئۈچ ئوردۇداقى يىرلەرىگ ئۈچ كىشىگە بىرزۈن. (79) بىر كۆلا يىگلمرىر(؟) قاغۇن مانىستانگا ك(ە)لۇرز(ۈن). (80) ئوتۇز قاغۇن ئۇلۇغ مانىستانتا بىرزۈن. ئوتۇز قاغۇن (81) كىچىگ مانىستانتا بىرزۈن. بۇ قاغۇنۇر يىغمىس يىغىپ (82) ك(ە)لۇر(زۈن)، كەمپىك(؟) قىلسار يىرمىس قاۋرىغقا تەگزۈن. (83) تەڭرى موۋاككا بىر كۆرى بىسىك سوگۈن ئىچىنتە(؟).... (84) بىسىك سوگۈن. ئىكى ئەنچمىن تەگرىلەرگە بىر تىنە (85) سوگۈن بىرزۈن. ئۆگتۈن كىدىن نەمچە مانىستان— (86) لارداقى باغ بورلۇق يىر سۇۋ ئىكى ئىش ئايغۇچىلار (87) ئۈز ئىتۇرۇپ، يانا قاق يىرلەرى نەمچە بار ئەرسەر، (88) ئاز ئۆكۈش، ياقاغا بىرىپ يىرىگ كۆتتۈرۈپ بور (89) تۇسىگە تەگۈرزۈن. تۇس كىرۇر يىرلەرىگ ئۈز (90) ئىتۇرۇپ تۇسىن ئالسزۇن. ئىكى ئىش ئايغۇچىلار (91) ئىترە(ـ)مەزۈن. ئىترمىسىپ ئىش كۆچ ئاغدۇق قىلسار (92) قىسگا قىزغۇتقا تەگزۈن. بۇ يىر سۇۋ باغ (93) بورلۇق سەۋىگا تەڭرى موۋاك ئەغتادان خروخانلار (94) قاتىلمازۇن. ئىش ئايغۇچىلار بىلزۈن. ئىش ئايغۇچى (95) تاغاي بارس ئىلمىغا تۇتۇقا يۇمۇشچى كىچىگى قۇتادمىش (96) يىگەن. ئىش ئايغۇچى قۇمار بارس ت(ا)رقاگا يۇمۇشچى (97) (كە)چىگى ئىل كۆرمىش. بۇ ئىشلەرىگ ئىش ئايغۇچىلار (98) ئۈز قىلسار ئۆگدىگە ئالچىقا تەگزۈن. ئاغدۇق (99) قىلسار ئۈچ يۈز قىسگا تەگزۈن. بىرمر زىبىنكىم (100) ئۆچۈگى(؟) بىرلە قىزغۇت بىتزۈنلەر. مانىستانتاقى (101) ئەرمىنلەرىگ ئىكەي چور بلسۇق بىرلە بلستا تۇرۇپ (102) ئىشلەتزۈن، ئىش ئايغۇچىلار كۈنلۈگ ئىشىن ئايىتۇ تۇرزۇن. (103) بىر يىل يىگرمى قاگلى قامىش مانىستانغا كىرزۈن. (104) تاقى قالمىش قامىشىغ بورلۇقلار سايۇ ئۈلەزۈن. (105) ئۇۋرخانى زملستىك سىرخان ئۆگەلەر ئىكلىسەر كۆرۈتۈر(زۈن). (106) ئەملەتكۈچى ي(ۇمۇ)ش بىرزۈن. ئوتاچى ئوقىپ كلۇرۇپ ئوتىن (107) ئەمىن ئىش ئايغۇچىلاردا بىك تۇتۇپ ئالىپ ئۈز ئەملەتزۈن. (108) قايۇ دىنتارلار ئىگلەپ يىغمىس ئىسنمەسەر ئۈچ يۈز (109) (قىـ)گاتەگزۈن. ساۋغا(؟) كۈچكۈن بارزۈن. (110) مەنلىگ سانگۈن ئوغلانى، ئارسلان توگا ئىنىسى بىرلە (111) كۈن كىيە ئوغلانى، ئىغاچچى بولمىش. بۇ تۆرت ئىلىگ (112) كىشى بىرەر سىق كەبەز ئىدىپ ك(ە)لۇرزۈن. يار مانىستانتا (113) ئىكى كۆرى كەبەز بىرزۈن. ئالتى كۆرى كەبەز قوچۇ مانىستان— (114) قاك(ە)لۇرزۈن ....مانىستانتاقى ئ تۇگچىلار لالاك (115) كەمتۇغمىش، لىسلابى كۆرتلە، ب(ە)گتۇر بۇ ئۆچەگۇ (116) بىر كۈن بە مر يۈك ئوتۇلۇ ك(ە)لۇرۇر. قۇتلۇغ توگا قولمىش (117) بۇ ئىكەگۇ ئىكى كۈنتە بىر يۈك ئوتۇلۇ ك(ە)لۇرۇر. بۇ ئوتۇگچى (118) لارنىڭ ئوتۇگىن ك(ە)لۇرۇپ ئالغۇچى ياقشى قۇتلۇغ ئارسلان. (119) دىنتارلارنىڭ ئاشى يىگ بولسار، ئۈچ يۈز قىگقا تەگزۈن. (120) مانىستان ساد(ە)غ ئوتاچىلار

ياقشى ئالچارى ئىنىسى، ئۇلى (121) بىرلە. سۇرگۈنچى تويىن ياپاپ ئوغلى تاز.قازچى ياغتىسىن (122) تويىن. كەدىزچى ئوغۇل بارس. زىبىچىلار مۇنچا كىشى مانىستاز(تا) (123) ئىشلەزۇن. ئوتلچىلار تۇرقاق تۇرزۇن. بالىق ئارقاسىنتا (124) تويىن ئارقاسىنتا بىرقان چوبان ياغمازۇن. كىم (125) قايۇ بولسار ئىشلەزۇن. ئادىن ئىشكە ياغمازۇن.

## مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى

## (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلۇشى)

(1) كۆزەتچىلەر كىرسە بولىدۇ. كۆزەت ...... بولغان تەقدىردىمۇ (2) ئامبارغا كىرمەكچى بولسا، مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ يارلىقى (3) بىلەنلا كىرىشكە بولىدۇ. كىرگۈز (ۋشتە)...... دىكى قائىدە بويىچە، (4) دەسلەپ (؟) دىكى قائىدە بويىچە ئىش بېجىرگۈچى موژاك ئىلىمغا تۆتۈق (5) ئىشلەتسۇن. تاس سىيىت بارس تارقان، تەمىر ياخشى ساقلىسۇن. (6) ...... سۇن. ناۋادا قاپقاق بولسا ئىككىسى (7) ......نى سۇر ...... ئامبارنى ئىككىسى بىرلىكتە ـ (8) (ئاچىـ) ۇن. چاچقۇچە...... لار ......(جەنۇبىي شەھەرستاندىكى) ئىشلارنى (9) تاغاي باغىس ئىلىمغا ياخشى ئىشلىسۇن. شىمالىي شەھەرستاندىكى (10) ئىشلارغا قۇمار بارس تارقان مەسئۇل بولسۇن. (ئۇ يەردىكى) (11) باغ-ۋارانلارنى، تېرىلغۇلۇقلارنى قۇرغاق يەر دېمەي، باشقىلارغا ياخشى تېرىتسۇن (12) ناۋادا جەنۇبىي شەھەرستاندىكى باغ-ۋارانلار ھوسۇلسىز بولسا، تاغاي (13) بارس ئىلىمغا جازالىنىدۇ. شىمالىي (14) شەھەرستاندىكى ئىشلار ئەگەر ياخشى ئىشلەنمىسە، قۇمار بارس (15) تارقان جازالىنىدۇ. جەنۇب تەرەپتە باج-سېلىق يىغىدىغان (16) ئىش چىقىپ قالسا، ئىلىمغا تۆتۈق يىغسۇن ۋە (17) ياخشى ساقلىسۇن. (شىمال تەرەپتە) باج-سېلىق يىغىدىغان ئىش (18) چىقىپ قالسا، قۇمارنىڭ ياردەمچىسى يىغسۇن ۋە ياخشى ساقلىسۇن. (19) خەزىنىگە كىرگۈزىدىغانلىرىنى كىرگۈزسۇن. قوچۇ خەزىنىسىگە قويۇشقا (20) تېگىشلىكىنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزسۇن. ئىككىسى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەتسۇن، (21) بىرلىكتە ساقلىسۇن. جەنۇب تەرەپتىكى يەر-سۇ كۆپ بولغاچقا، (22) شەھەرستاندىكى ئۆي-جاي (ۋە) ئۆشرە ئېلىنىدىغان يەر-سۇلارنى (23) قۇمار بارس ...... جەنۇب، شىمال شەھەرستاندىكى ئاھالىنىڭ (24) يېرى، ئۈزۈم ھارىقى، ئىجارە(؟) سىنىڭ ئاتمىش ئىككى قوقپۇسىنى (25) بۆزگە ئايرىۋاشلاپ، راھىبلارنىڭ كىيىملىكى ئۈچۈن بېرىلسۇن. (26) ھەر ئايدا ئىككى راھىبلار ئۆمىكىگە سەكسەن دەنچە (27) بۇغداي، يەتتە دەن كۈنجۈت، ئىككى دەن پۇرچاق، ئۈچ دەن (28) قونۇق* ئوزۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلسۇن. ئۆدمە(؟) (29) بېرىپ ... ئىككى ئىش بېجىرگۈچى ئامبارغا كىرگۈزسۇن. ھەممە (30) ئىش بېجىرگۈچىلەر ئۇستىكارلارنىڭ ئوزۇقلۇقىغا بەرسۇن. (31) ئەگەر موژاكلارنىڭ ئاش ئوزۇقى ئۆكسۈسە، ئىككى (32) خىرۇخان ئۆزلىرىنىڭ ئاش ئوزۇقىدىن تولۇقلاپ بېرىپ، سولمى* (33) ئىبادەتخانا...... ئۇلاشتۇرسۇن(؟). ئىش بېجىرگۈچىلەر جازاغا (34) تارتىلسۇن. ئىش بېجىرگۈچى خەزىنىگە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك (35) بولغان يەر ئىجارىسىدىن تۆت مىڭ بىر يۈز يىگىرمە بەش قوقپۇنى (36) ئىبادەتخانا* قائىدىسى بويىچە ئامبارغا كىرگۈزسۇن. ئىبادەتخانىدىكى (37) بارلىق ئىشلارغا ئىككى خىرۇخان (ۋە) ئىش (38) بېجىرگۈچىلەر مەسئۇل بولسۇن. راھىبلار كىيىملىكى ئۈچۈن (ئايرىلغان) (39) بەش يۈز قوقپۇ رەختتىن ئەللىك قوقپۇسى راھىبلار كىيىملىكىگە قالدۇرۇلسۇن، (40) قالغان تۆت يۈز ئەللىك قوقپۇ رەخت ئەر-ئايال كۈتكۈچىلەرنىڭ (41) قىشلىق كىيىمى ۋە ئاياق كىيىمى ئۈچۈن سەرپ قىلىنسۇن. بۆزدىن (42) ئاتمىشى ئەر-ئايال كۈتكۈچىلەرنىڭ يازلىق كىيىمىگە ئىشلىتىلسۇن. (43) ئىككى راھىبلار ئۆمىكىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ئۆكسۈپ قالمىسۇن (44) بىر ئايدا بىر خىرۇخان بىلەن بىر ئىش بېجىرگۈچى بىرلىكتە (45) (ئۇلارنىڭ) ئاش-تامىقىنى ياخشى باشقۇرسۇن. يەنە بىر (46) ئايدا (باشقا) بىر خىرۇخان

بىلەن ئىش بېجىرگۈچى بىرلىكتە (47) ئاش-تاماقنى ياخشى باشقۇرسۇن. ئەگەر قايسى ئايدىكى ئاش
- (48) تاماق ناچار بولۇپ قالسا، شۇ ئايدا مەسئۇل بولغان خىرۇخان بىلەن (49) ئىش بېجىرگۈچى
تەڭ جازالىنىدۇ. خىرۇخانلار بىلەن ئىش بېجىرگۈچىلەر (50) بىرلىكتە ⋯تاماق ئەتكۈچىلەر (ۋە)
نان ياقغۇچىلارنى نازارەت قىلسۇن. (51) ئالىي راھىبلار تاماققا ئولتۇرغاندا، ئىككى خىرۇخان دەرقەمدە
بولۇپ، (52) ئاش-تاماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن (53) ئۆزلىرى
غىزالانسا بولىدۇ. (54) ئىبادەتخانىدا بىرەر ئىش تېز بولۇپ، ئالىي راھىب-موژاكقا (55) ئىلتىجا
قىلىنسا، (تەرىقەت؟) قائىدىسى بويىچە، خىرۇخان ئىش (56) بېجىرگۈچى بىلەن بىرگە بولماي تۇرۇپ
ئىلتىجا قىلىشقا بولمايدۇ؛ (57) شۇنداقلا، ئىش بېجىرگۈچىمۇ يالغۇز كىرمىسۇن. ھەر ئىككىسى
بىللە بولۇپ (58) ئىلتىجا قىلسۇن. ئەر كۈتكۈچىلەرنىڭ ھەر قاندىقى بالا كۈتكۈچىسى يوق (59)
ئالىي راھىبلارنى كۈتۈشى كېرەك. ئاندىن باشقا (60) بارلىق بالا (ئوغلان) كۈتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى
ئالىي راھىبلار غىزالانغاندا (61) ئۇلارنىڭ يېنىدا بولۇپ، خىزمىتىنى قىلىشى كېرەك. مۇشۇ بىتىككە
بىنائەن، (62) ئەر-ئايال راھىبلار ئەگەر مانى ئىبادەتخانىسىدا غىزالانسا، (63) بىر ئىككى قاچا
سۇنى* ئۈزۈم شەربىتى قىلىپ ھەمدە بىردەك (64) راھىبلار ۋە ئالىي راھىبلارنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ
ئېلىپ بارسۇن. (65) ئايرىم راھىبلار سىرتقا چىقىپ كىرمەكچى بولغاندا، ئىچىپ قالغان شورپىسى
(66) ئايرىم ئېلىپ قويۇلسۇن. دىمىدلەنگەن سۇ قىلماقچى بولغاندا شۇنى (67) كۆتۈرۈپ چىقسا
بولىدۇ. ئىچىلگەن بۇ شورپىغا ئالىي راھىب-موژاك، (68) ئەفتادان* يېقىنلاشمىغاي. دىمىدلەنگەن
سۇ قىلماقچى بولغاندا، (69) موژاكنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىرۇخانلار ھەم ئىش بېجىرگۈچىلەر بىرگە
ئېلىپ (70) چىقسا بولىدۇ. ئىككى راھىبلار ئۆمىكىدىكىلەر ئىشلەتكەن ئىككى قاچىدا موژاك ۋە
(71) ئەفتادان سۇ ئىچمىگەي. موژاك بىلەن ئەفتادانغا كىم يولۇقماقچى (72) بولسا، ئۆزلىرىنىڭ
ئىچىدىغان سۈيىنى بەرسە بولىدۇ. (73) (راھىبلار) بىر يىلدا يەيدىغان ئوزۇقلۇق بۇغدايىنىڭ كېپىكى
ئىككى يۈز (74) دەن بولىدۇ. بۇ ئىككى يۈز دەن كېپەكتىن يۈز دەنى بىلەن (75) (تېرىلغۇ)
ئۆيلىرى بېقىلسۇن، يۈز دەن كېپەكنى موژاك ۋە (76) ئەفتادانلارنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرى يېسۇن.
مۇشۇ يۈز دەن (77) كېپەكنى غوجىدار باشقۇرۇپ، ئات بوغۇزى ھېسابىغا كىرگۈزسۇن، (78) ئۈچ
ئوردىغا تەئەللۇق يەرلەر ئۈچ ئائىلىلىكنىڭ تېرىشىغا تاپشۇرۇلسۇن. (79) بىر كولا(؟) قوغۇن مانى
ئىبادەتخانىلىرىغا توشۇپ بېرىلسۇن: (80) ئوتتۇز قوغۇننى چوڭ مانى ئىبادەتخانىسىغا، ئوتتۇز
قوغۇننى (81) كىچىك مانى ئىبادەتخانىسىغا بەرسۇن. بۇ قوغۇنلارنى غوجىدار يىغىپ يەتكۈزۈپ
بەرسۇن. (82) بۇ ئىشقا بىپەرۋالىق قىلىنسا، غوجىدار جازاغا تارتىلىدۇ. (83) ئالىي راھىب-موژاكقا
سۇپەتلىك پىيازدىن بىر كۆرە بېرىلسۇن. (84) ئىككى راھىبلار ئۆمىكى بىر تەنە* پىياز بىلەن
تەمىنلەنسۇن. (85) جەنۇب ۋە شىمالدىكى بىر قانچە مانى ئىبادەتخانىلىرىغا قاراشلىق (86) باغلار
ۋە يەرلەرنى ئىككى ئىش بېجىرگۈچى باشقىلارنىڭ ياخشى (87) پەرۋىش قىلىشىغا تاپشۇرسۇن. قالغان
بىنەم يەردىن قانچىلىكى بولسا، (88) ئانچە-مۇنچە ئىجارىگە بېرىپ، ئۇ يەرلەرنى ئوبدان
ئۆزلەشتۈرگۈزۈپ، (89) ئۈزۈم شارابى ئىجارىسىگە ھېسابلانسۇن. ئىجارە ئېلىنىدىغان يەرلەر ئوبدان
(90) پەرۋىش قىلدۇرۇلۇپ، ئىجارىسى كۆپەيتىلسۇن. ئىككى ئىش بېجىرگۈچى (91) (ئىشلارنى)
بىر-بىرىگە ئىتتىرىشسە بولمايدۇ، ئىتتىرىشىپ ئىشنى ئاقساتسا (92) جازاغا تارتىلىدۇ. يەر-سۇ،
باغ-ۋاران ئىشلىرىغا موژاك، (93) ئەفتادان، خىرۇخانلار ئارىلاشمىسۇن، (94) ئىش بېجىرگۈچىلەر
ئۆزلىرى ئىشلىسۇن. ئىش بېجىرگۈچى تاغاي (95) بارس ئىلمىغا قوتادمىش يىگەن ياردەمچى بولسۇن،
(96) ئىش بېجىرگۈچى قۇمار بارس تارقانغا ئىل كۆرمىش (97) ياردەمچى بولسۇن. بۇ ئىشلارنى
ئىش بېجىرگۈچىلەر ياخشى (98) قىلسا، تەقدىرلەنسۇن-مۇكاپاتلانسۇن. ئەگەر ناچار ئىشلىسە (99)

ئۈچ يۈز دەرىدىن ئۆرۈلسۇن ھەممە ھەر بىرىگە ...... (100) ... بىلەن جازا يېزىلسۇن. مانى ئىبادەتخانىسىدىكى (101) ئىشلەمچىلەرنى ئىگەيچور باسقۇق بىرگە ئىش ئۈستىدە (102) تۇرۇپ ئىشلەتسۇن. ئىش بېجىرگۈچىلەر كۆڭلۈك ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ (103) تۇرسۇن. بىر يىلدا مانى ئىبادەتخانىسىغا يىگىرمە هارۋا قومۇچ توشۇلسۇن. (104) قالغان قومۇش ھەر قايسى باغلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلسۇن. (105) چوڭ راھىبلار ۋە مۆتىۋەرلەر ئاغرىپ قالغاندا يوقلاپ تۇرسۇن، (106) ئەملىشىشكە ياردەم بېرىپ، دوختۇر چاقىرىپ داۋالىتىش كېرەك، (107) ھەممە ئىش بېجىرگۈچىلەر يېنىدىن ۋاقتى قەرەلىدە دورا ئېلىپ كېلىپ، (108) ئوبدان داۋالىتىش كېرەك. قايسى دىندار (راھىب) ئاغرىپ قالسا، ئەگەر (109) غوجىدار ياخشى قارىمىغان بولسا، ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ، گۇناھى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. (110) مەڭلىك سانغۇن ئوغلانى، ئارسلان تۇڭائىنىسى بىلەن (111) كۆن كىيە ئوغلانى، ياغاچچى بولمىش بۇ تۆرت نەپەر ئىلىگ (112) (جەمەتىدىن بولغان) كىشىلەر ھەر بىرى بىردىن پاختا ئېلىپ كەلسۇن. يارغول مانى ئىبادەتخانىسىغا (113) ئىككى كۆرە پاختا تاپشۇرۇلسۇن، ئالتى كۆرە پاختا قوچۇ مانى ئىبادەتخانىسىغا (114) تاپشۇرۇلسۇن ...... مانى ئىبادەتخانىسىدىكى ئوتۇنچىلاردىن لالاڭ (115) كەد تۇغمىش، لىسا سايى كۆرتلە، بەگتۇر ئۈچىسى ھەر بىرى (116) ھەر كۈنى بىر كۆتۈرۈمدىن ئوتۇن تاپشۇرسۇن. قۇتلۇق تۇڭا(ۋە) (117) قولمىش بۇ ئىككىسى ھەر ئىككى كۈندە بىر كۆتۈرۈمدىن ئوتۇن تاپشۇرسۇن. (118) بۇ ئوتۇنچىلارنىڭ ئوتۇننى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ياقشى قۇتلۇق ئارسلاندۇر. (119) دىندارلارنىڭ تامىقىنى خام قىلىپ قويغۇچىغا ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇلسۇن. (120) ياقشى ئاچارى، ئىنىسى ۋە ئوغلى ئۈچىسى مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ خاس دوختۇرلىرى بولىدۇ. (121) تويىن ياپاپ ئوغلى تاز مال باققۇچى، ياغىستىن تويىن (122) غاز باققۇچى، ئوغۇل بارس كىگىزچى بولسۇن. مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مانى ئىبادەتخانىسىدا ئىشلىسۇن. (123) دوختۇرلار (ئىبادەتخانىدا) دائىملىق تۇرسۇن. كۆزەتچىلەر (124) ۋە كەنت باشلىقى ياردەمچىلىرى شەھەر ئارقىسىغا (125) يېقىنلاشمىسۇن ۋە راھىبلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالمىسۇن.

*قونۇق—زىرائەتنىڭ بىر خىلى. ئاق قوناق(؟) * سولمى— يەر نامى. ھازىرقى قاراشەھەر تارىختا شۇ نام بىلەنمۇ ئاتالغان. * ئەسلى تېكىستتە «بۇرقان» دېيىلگەن. بۇ سۆز يەشمىدە «ئىبادەتخانا» دەپ ئېلىندى. * تېكىستتە «تاس سۇۋنى» دېيىلگەن، «تاس» سۆزىنىڭ مەنىسى «يامان؛ تاشقىرى» دېگەن مەنىدە. يەشمىدە بۇ سۆزنى توغرا ئىپادىلەش قىيىن بولغاچقا، «سۇنى» دەپلا ئېلىندى، * ئەفتادان—مانى دىنىدا «موژاك» تىن كېيىن تۇرىدىغان راھىب، * تەنە—مىقدار سۆز.

ئىزاھلار:

---

①②«شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى، 530-بېتىگە قارالسۇن.

③④ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى، 141-، 142-بەتلەرگە قاراڭ.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب 143-بەتكە قاراڭ

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمايىل تۆمۈرى
(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى

ئەركىن ئەرشىدىن

مانى دىنى مىلادى Ⅲ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى پېرسىيىلىك مانى دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر دىنىنىڭ ئىجادچىسى مانى — مىلادى 216-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈنى جەنۇبىي بابىلونغا تەۋە كېتىسىفون (قەدىمكى پېرسىيىنىڭ پايتەختى) ئەتراپىدا ئارساك خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مانى دىنى — پارسلاردا ئەزەلدىن بار بولغان زەردەشت دىنى ئاساسىدا نېستورىئان دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئىجاد قىلىنغان دىن بولغاچقا، ئادەتتە مانى دىنى بىر خىل ئارىلاشما دىن دەپمۇ قارىلىدۇ.

مانى دىنىنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئەقىدىسى — ياخشىلىق-يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىك نەزەرىيىسى بولۇپ، يورۇقلۇق ياخشىلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇق يامانلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان ھەمدە تۈپ ئاساسىي دىنىي ئەقىدىسى ۋە دۇنيا قارىشى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ روھىنى قۇتۇلدۇرۇش تەرغىب قىلىنغان.

مانى دىنىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قاچان ۋە قانداق تارقىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق مەلۇمات بولمىغاچقا، تەتقىقاتچىلار ھەر خىل قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. لېكىن 1890-يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم خېيكىل قارا بالغاسۇن خارابىسىدىن (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خالخۇتۇن ئەتراپىدا) تاپقان «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مانى دىنىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مىلادى 763-يىلى تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، چۈنكى دەل شۇ مەزگىلدە مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تارقىلىپ، تەدرىجىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. بۇ، تاڭ سۇلالىسى تېررىتورىيىسى ئىچىدە سۈيگۈننىڭ ئوغلى سى چاۋيى توپىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىل بولۇپ، ئەمدىلا تەختكە ئولتۇرغان تاڭدەيزۇڭ ئۇيغۇرلاردىن يەنە قوشۇن تەلەپ قىلىپ، سى چاۋيى توپىلىڭىنى باستۇرماقچى بولىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى تەڭرى قاغان بۆگۈ تېكىن تەكلىپكە بىنائەن بىر بۆلۈك قوشۇننى باشلاپ ياردەمگە كېلىپ، شەرقىي ئاستانە-لوياڭ شەھىرىنى ئېلىپ بەردى، كېيىندىن توپىلاڭچىلارنى سۇر-توقاي قىلىپ، خېبېي ئۆلكىسىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. مىلادى 763-يىلى توپىلاڭچىلار ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولىدۇ، سى چاۋيى بولسا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆڭلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى تامامەن تىنجىتىلىدۇ.

تەڭرى قاغان بۆگۈ تېكىن توپىلاڭنى تىنجىتىپ، لوياڭ شەھىرىدە مانى مۇناخلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىدۇ، نەتىجىدە مانى دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا تەدرىجىي قايىل بولۇپ، قايتىش سەپىرىدە تۆت نەپەر مۇناخنى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېلىپ قايتىدۇ ۋە مەخپىي ھالدا مانى دىنىغا كىرىدۇ، بۆگۈ تېكىننىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. چۈنكى بۇ مەزگىلدە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا بۆگۈتېكىن ئۆز ئېلىگە مانى مۇناخلىرىنى ئېلىپ قايتقاندىن كېيىن، بۇ مۇناخلارنى شامان دىنىدىكىلەر بىلەن مۇنازىرىگە سالغان. مەقسەت، مۇنازىرە ئارقىلىق مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى نامايان قىلىپ، نارازىلىقلارنى بېسىش ئىدى. «ئىككى

كېچە-كۈندۈزلۈك مۇنازىرىدىن كېيىن، مانى مۇناخىلىرى شامان دىنىدىكىلەرنى مۇنازىرىدە يېڭىپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن تەڭرى قاغان بۆگۈتېكىن چوڭ يىغىلىش چاقىرىپ، مانى مۇناخىلىرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا كەچۈرلۈك قىلىشنى تىلىگەن ھەمدە مانى دىنىغا ئاشكارا كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئاخىرىدا مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن»①. ئەنە شۇندىن ئېتىبارەن، مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. تەڭرى قاغان بۆگۈتېكىن نېمە ئۈچۈن ئۆزى بۇرۇن ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان شامان دىنىدىن ۋاز كېچىپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؟ بۇ ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۈچلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، تۇبۇتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھالسىرىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خېشى كارىدورىنى بېسىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ ھەمدە يىپەك يولىنى قامال قىلىۋالىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تاڭ سۇلالىسى غەربىي ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇيغۇر يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىل ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئۆتىدىغان ئۇيغۇر يولى، شەرق-غەربنىڭ قاتناش ۋە سودا ئالاقىسىدىكى بىردىنبىر يول بولۇپ قالىدۇ. سوغدى سودىگەرلىرىمۇ مەزكۇر يول ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن سودا قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلارغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىزى نىڭگو مەلىكىنى تەڭرى قاغان بۆگۈتېكىننىڭ دادىسى مويۇنچۇر قارا قاغانغا ياتلىق قىلىدۇ ھەمدە ھەر يىلى زور مىقداردا يىپەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش دەستىدىن ئىگىلىك خارابلاشقان، دېھقانلار خانىۋەيران بولغان، خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، تاڭ سۇلالىسى بۇنداق كۆپ يىپەكنى ئىشلەپچىقىرىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارغا ھەر يىلى كۆپ مىقداردا يىپەك قەرزدار بولۇپ قالاتتى. ئەمما ئۇيغۇرلار توختىماستىن قەرزنى سۈيلەپ تۇراتتى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئىگىلىكى يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىدى. چارۋا ۋە يايلاق بولسا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى ئىدى. شۇڭا يىپەكنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن ئانچە ئىشلىتىلىش قىممىتى يوق بولۇپ، پەقەت ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىلا زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئاز مىقداردا ئىشلىتەتتى، شۇڭا، ئۇيغۇرلار ھەر يىلى ئالغا تېگىشكەن زور مىقداردىكى يىپەكنى، يىپەك يولىدا قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان سوغدىلار ئارقىلىق غەربىي ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، نۇرغۇن پايدا ئالاتتى. سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا چەكسىز ئىشەنچ قىلاتتى ھەم ئۇلارنى ھۆرمەت قىلاتتى. خۇددى فەن ۋېنلەن كۆرسەتكەندەك «بۆگۈتېكىننىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە، ئاساسلىقى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تالاڭ خاندانلىقى بىلەن قىلغان سودىسىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ باي بولۇشىغا كۈچ چىقارغانلىقى، ئۆز ئارا سودا جەھەتتىكى مەنپەئەتتە سەممىيەتچىل بولغانلىقىدىن ئىبارەت»②. دېمەك، بۆگۈتېكىن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن، مانى دىنىغا كىرگەن ھەمدە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن.

مانى دىنى بۆگۈتېكىن تەڭرى قاغان تەرىپىدىن دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلىپ، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي دىن ــ شامان دىنىنىڭ ئورنىنى رەسمىي ئىگىلىدى. مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ھۆكۈمران دىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ پۈتكۈل

ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇردى. ھەتتا «سوغدىيانىدىن كەلگەن مۇناخلار ئۇيغۇر ئېلىگە ئەركىن كېلىپ كېتەتتى. ھەر قايسى ساھەلەردە يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، قاغاننىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشكەنىدى، قاغان بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشەتتى»③. ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى تەيخې مەلىكىنى ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىلغان چاغدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرلىرى، تۇتۇق ۋالىيسى، مەلىكىلىرى، مانى مۇناخلىرىدىن بولۇپ 573 ئادەم تاڭ ئوردىسىغا بېرىپ، مەلىكىنى ئەكەلگەن. مۇشۇنداق چوڭ كېلىن كۆچۈرۈش قوشۇنىدا مانى مۇناخلىرىنىڭ زور كۆپ سانىنى ئىگىلىشى ھەمدە ۋەزىر، تۇتۇق ۋالىيسى، مەلىكىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرالىشى ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ زور بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادى 780-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا زور سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئەسلىدە سوغدىلار بۆگۈ تېكىننى (تەڭرى قاغان) جەنۇبقا — تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا قۇتراتقانىدى. بۆگۈتېكىننىڭ قېرىندىشى ھەم باش ۋەزىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇھىم شەخس تۇنباغا—قاغانغا ھەر قانچە نەسىھەت قىلىپمۇ توساپ قالالمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى پۇرسەت تېپىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغايدۇ ھەمدە قاغان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ھەم ئىككى مىڭدىن ئارتۇق سوغدىنى ئۆلتۈرىدۇ. تۇنباغانىڭ بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغاشتىكى مەقسىتى نوقۇل ھالدا بۆگۈ تېكىننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىشىغا قارشى تۇرۇش بولماستىن، بەلكى سوغدىلارنىڭ بەك ھەددىدىن ئېشىپ، ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغانلىقى ۋە مانى دىنىغا قارشى تۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى مانى دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن تۇرمۇشتىكى بەزى ئۆرپ-ئادەتلىرىگە زىت كېلەتتى. بولۇپمۇ مانى دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدىكى ياخشى-يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىك تەلىماتى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇقتا چىقىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئەگەر ئۇيغۇرلار بۇ دىننى قوبۇل قىلسا ئىلگىرىكى جەسۇرانە جەڭگىۋار كۆچمەن تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى جەمئىيەت ئەنئەنىسى، جەڭگىۋار روھىغا زىت كەلدى. شۇڭلاشقا بەزى تارخانلار بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھالاكەتكە ئاپىرىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغان ھەمدە تىغ ئۇچىنى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغدىلارغا قاراتقانىدى. تۇنباغا قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن بىر مەزگىل غايىپ بولدى. كېيىن سادىق، پاك بىلگەقاغان ساداقەنمەت، قۇتلۇق بىلگە قاغان، سۈيىنگىل قاغان قاتارلىقلار دەۋر سۈرۈپ ئۆتۈپ، تاكى مىلادى 806—820-يىللاردىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئادالەت قۇچقان ئۇلۇغ بىلگە قاغان مەزگىلىدە، بۇ دىن قايتىدىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقىپ، راۋاج تېپىپ، تارىخ سەھنىلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

## ئىزاھلار:

① گاباتىن قاتارلىقلار: «تۇركچە تۇرپان تېكىستلىرى» 2-قىسىم، 7-9-بەتلەر. فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخ ماتېرىياللىرى» 1-قىسىم، 35-بەت.

② فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» IV توم، خەنزۇچە نەشرى.

③ «كونا تاڭنامە» 195-جىلد، «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى روھ قاراشلىرى توغرىسىدا

ئىقبال تۇرسۇن

ھايات-ئۆلۈم قارىشى ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق تارىخى ۋە دىنىي ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىدا ھاياتلىق پەلسەپىسىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسىغا ئايلانغان. ئۆلۈم قارىماققا ھەر خىل تەسادىپىي ھادىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ تاشقى ھادىسە بولماستىن، بەلكى ھاياتلىقنىڭ ئىچكى مۇقەررەرلىكىدۇر. شۇڭلاشقا، مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆتكەن نۇرغۇن پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلار، يازغۇچى-سەنئەتكارلار ھايات-ئۆلۈمدىن ئىبارەت سىرلىق قايتىلىنىشنىڭ مەنبەئى، ماھىيىتى ۋە ئاقىۋىتى توغرىسىدا كۆپ خىل غايىۋىي تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شەرھىلىگەن. قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ دىنىي-ئېتىقادىدىكى ھايات-ئۆلۈمگە باغلىق دىنىي-ئېتىقاد، پەرھىز، ئەپسانە، مۇراسىملارنىڭ مەدەنىي ئاساسى، مىللىي شەكلى ئوخشىمىسىمۇ ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بىردەك بولۇپ، ئۆلۈم مەنبەئى بىلەن ئۆلۈمنىڭ سىرلىق ۋەھىملىكى ھەققىدىكى ساددا تەساۋۋۇرىدىن تاكى مۇكەممەل ھايات پەلسەپىسىگىچە «ئۆلۈمگە قارشى تۇرۇش» روھى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەش، «مەڭگۈلۈك ھايات»قا ئېرىشىشتەك ئەنئەنىۋىي روھىيەت قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي-ئېتىقادىدىكى روھىيەت قارىشىدىمۇ، خۇددى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئادەم ئۆلسە روھى ئۆلمەي تەندىن ئايرىلىپ مەڭگۈ ياشايدۇ، دېگەن قاراش بىلەن ئۇزاق ئەگرى-توقاي جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇنى ئۇيغۇر ھاياتلىق پەلسەپىۋى ئېڭىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندۇرغان.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى روھىيەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسىنى تەكشۈرگەندە بىز يىراق قەدىمكى قەبىلە مىللەتلىرىنىڭ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى، دىنىي مۇراسىم، پەرھىز ۋە چوقۇنۇش ئادەتلىرىدىن يېتەرلىك دەلىللەرگە ئېرىشەلەيمىز. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئۇزاق ئەسىرلىك كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئەنئەنىسىگە، كۈچلۈك يايلاق مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە تۈرك-ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەپنە قىلىش ئادىتى، ئاممىۋىي مۇراسىم ۋە پەرھىز قائىدىلىرىدىن روھ ئۆلمەسلىك قاراشلىرىنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ ئىنكاسى بولغان ئېپوسلار، ئەپسانە-رىۋايەت، خەلق ھېكمەتلىرىدىنمۇ «روھ ئۆلمەسلىك» قاراشلىرى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. تارىم مەدەنىيەت ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈشلىرىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن بۇندىن 3—6 مىڭ يىللار بۇرۇنقى مەزگىلگە ئائىت قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، شەكلى، جەسەتلەرنىڭ ياتقۇزۇلۇشى ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇپ دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك ماددىي بۇيۇملارنى قەدىمكى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھ تەندىن ئاجرىلىپ، ئۇ دۇنيادا داۋاملىق ياشايدىغانلىقى ھەققىدىكى تىپىك روھ قاراشلىرىنىڭ تامغىسى ئۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات مۇساپىسىدا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغاچقا، دىنىي ئېتىقادىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا زور ۋە مۇھىم

تەسىر كۆرسىتىپ، ھايات-ئۆلۈم توغرىسىدىكى بىر قاتار روھىيەت قاراشلىرىنى پەيدا قىلدى. بۇ روھىيەت قاراشلىرى بىر ياقتىن ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد چوقۇنۇشلىرىدا ئىپادىلەنسە، يەنە بىر ياقتىن دەپنە ئادىتى جەھەتتىكى كۆپخىللىقتا كۆرۈلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەرۋاھلارغا، تەبىئەتكە، ئاتا-بوۋىلارغا، توتېمغا، ھەمدە ئالەمدىكى بارلىق سىرلىق دەپ بىلگەن نەرسىلەرگە چوقۇنغان. سىرلىق خىيالىي نەرسىلەرگە يەنى روھقا چوقۇنۇش قەدىمكى ئانىمىزملىق ئېتىقادنىڭ مەركىزى ئىدى. بىز شىنجاڭدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىلغان، جەسەتلەرگە قوشۇپ كۆمۈلگەن ھەر خىل ماددىي بۇيۇملاردىن زىرائەت ئۇرۇقلىرى، بېزەك بۇيۇملىرى، تۇرمۇش سايمانلىرى ئۇلارنىڭ روھى ئىشلىتىدۇ، دەپ قارىغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئادەم ئۆلسە ئۇنى ئېگىز تاغلار، دۆڭلۈكلەرگە دەپنە قىلغان. بۇ ئەجداد روھىنىڭ ئېگىز يەردە ھەممىنى كۆزىتىپ، تىرىكلەرگە مەدەت بېرىشى ئۈچۈندۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردىكى بىر قىسىم ئادەتلەر داۋاملىق قوللىنىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ دەپنە مۇراسىملىرىغا سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەپنە قىلىش ئادىتى، ئۇسۇلى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردىكى دەپنە ئادىتى، ئۇسۇلى ئۆزئارا بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپنە ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى روھىيەت چۈشەنچىسى، جەننەت-دوزاخ تەسەۋۋۇرى، ھەمدە قايتا تىرىلىشكە تەلپۈنۈشلىرىمۇ سىستېمىلاشقان ئىدېئولوگىيىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ روھ ئۆلمەسلىك چۈشەنچىسى-مىيىتنى ئۆزىتىپ ئۈچ نەزىرىسى بېرىلگەندىن كېيىن 40 كۈنگىچە ھەر پەيشەنبە ھەم جۈمە كۈنلىرى، ھېيت-ئايەم كۈنلىرى تۇپراق بېشىنى يوقلاپ، ئىسرىق سېلىپ ئۆلگۈچى روھىغا مەدەت تىلەشتىن، يەنە بارات ئېيىدا مەھەللە-ئائىلە بويىچە قەبرىستانلىققا چىقىپ تۇپراق بېشىغا قازان ئېسىپ «ياغ پۇرىتىپ» بىركېچە تۈنەپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا مەدەت تىلەپ، گۆر ئازابىنى تارتماسلىقنى تىلەش ھەرىكەتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى جەسەتلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا بېشى غەربكە قارىتىپ ياتقۇزۇلغان. ئاز بىر قىسمىنىڭ بېشى شەرققە قارىتىپ ياتقۇزۇلغان. دىققەت بىلەن كۆزەتسەك، بۇ بىر تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن، بەلكى قەدىمكىلەرنىڭ ئورتاق ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەزى قەدىمىي قەبرىلىرىدىكى جەسەت بېشىنىڭ شەرققە قارىتىلىشى، ئۇلارنىڭ شامانىزم ۋە كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتا بولغان تەلپۈنۈشى، ئۆلۈمدىن قورقۇش، ۋەھىمە ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى قۇياش ئىنسانىيەت ھاياتلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپالىتى ھەم ئاساسىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، دەپنە ئادەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، جەسەت بېشى غەربكە-مەككە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم ئۆلگەندە روھى ئەسلىدىكى ئائىلىسىگە ياكى باشقا دۇنياغا-ئەرشكە چىقىپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشتا بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. قەدىمكىلەر قۇياشنىڭ پېتىشى ۋە دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ روھ قاراشلىرىنى ۋە شۇ ئاساستا دەپنە ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھ ئۆلمەسلىك قارىشى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشى، ساپاسى، ئەقىل-تەپەككۇر سەۋىيىسىنىڭ ساددا، تۆۋەنلىكىدىن پەيدا بولغان. ئىنسانىيەتنىڭ نادان، ياۋايىلىق دەۋرىدە ۋەھىمە بىلەن سىرلىقلىقتا تولغان

كائىناتتا تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت، ياۋايى كۈچلەر ئىنسانلارغا ھەر ۋاقىت تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلاتتى. ئەمما بۇ چاغدا ئەجدادلار ئۆلۈم ۋە ھالاكەتنىڭ قانۇنىيىتىنى تېخى ئىلمىي چۈشەنمەيتتى. ئۇلار ئۆلۈمنى بىر خىل ھوشسىزلىنىش دەپلا چۈشىنەتتى. شۇڭا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆلۈم، دەپىن-قائىدە مۇراسىملىرىدا، ئۆلگۈچىنى ئۇخلاپ قالغاندەك ياتقۇزۇدىغان، شېئىر-قوشاق ۋە ئەدەبىياتلىرىدا ئۆلگۈچىلەرنى ئۇخلاپ قېلىشقا ئوخشىتىدىغان ئەنئەنىلەر مەۋجۇد.

بىر قىسىم قەدىمىي قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھ تەنگە يەنە قايتا كىرىدۇ دەپ قاراپ، روھنىڭ قەپىزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىنى تۇپراققا كۆمۈپ دەپىن قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاتەشپەرەسلىك ۋە شامانىزم، بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان چاغدا جەسەتنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ئادەتلەرمۇ بار بولغان. بىراق ئۇيغۇرلار ئاساسەن، تاغلىق، ئېدىرلىقلاردا ياشىغانلىقى ئۈچۈن تۇپراققا كۆمۈش ئاساسلىق ئۇسۇل بولغان. يەنە بىر قىسىم قەدىمىي قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەردە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تەن روھقا كىشەن بولۇپ قالىدۇ، ئۇ روھنى چەكلەيدۇ، پەقەت تەن يوقالغاندىلا روھ قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ دەپ قاراپ، جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى دېڭىزغا، تاغلارغا، ئومۇمەن بوشلۇققا چېچىپ دەپىن قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئىپتىدائىي دەۋر ئادەملىرى روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەر خىل چۈشەنگەن. بۇ كېيىنكى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقادلارنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرىلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامان دىنىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئېتىقاد ئوبيېكتى تەبىئەت بولۇپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۇلار ئاسماندا روھ بار، بۇ روھ ناھايىتى ئېگىز، كۆز يەتكۈسىز جايدا تۇرىدۇ، تاغ، دېڭىز، ئورمان، ئاي، قۇياش، يۇلتۇز قاتارلىق شەيئىلەرنىڭ روھى بار دەپ چۈشىنىپ، كۆككە چوقۇنغان. شۇڭا ئۇلار پادىشاھ، بەگلەرنىڭ جەسىتىنى ئېگىز تاغلارغا دەپىن قىلغان. ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان روھنىڭ ئۆلمەسلىك قارىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادىدىكى روھ چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسىدۇر. شامان دىنىدا ئادەم، تەن بىلەن روھتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ، روھ تەنگە جايلىشىدۇ، ھەم تەندىن ئايرىلالمايدۇ، روھ تەندىن ئايرىلسا، ئادەم جىسمىمۇ ئۆلىدۇ، روھ قايتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆلۈپ قايتا تىرىلىدۇ دەپ قارايدۇ. روھنىڭ پەيدا بولۇش، يوقىلىش، تىرىلىش ۋە قايتىشى قاتارلىق تۈرلۈك چۈشەنچىلەر شامان دىنىنىڭ روھ قارىشىدىن كېلىدىكەن. شاماننىڭ دۇنيا قارىشى قەبىلىچىلىك، ئۇرۇقچىلىق تۇرمۇشى مەزگىلىدە پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىر قەدەر مۇكەممەل ئالىي فورمىسى سۈپىتىدە ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى دەۋرىدە شەكىللەنگەن. ئىلاھ ئەلچىسى ھېسابلانغان شامان مەيدانغا كېلىش بىلەن ئۇيغۇر شامانىزم ئەقىدىسى، ئاممىۋى مەدەنىي مۇراسىملار، شامان ئەقىدىسى بويىچە دەپىن قىلىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ پەرھىزلەرمۇ پەيدا بولغان.

«مەڭگۈلۈك ھايات» قا ئەلپۇنۇش، ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ھاياتلىق قانۇنىيىتى ھەققىدىكى ساددا سۇبيېكتىپ ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىسىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ قەدىمكى گرېتسىيە-رىم ۋە مىسىر سەنئىتىدىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى دۇنيا قارىشىنىڭ مەنبەئى بولغان زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دىكى داستان ۋە ئەپسانە رىۋايەتلەردىمۇ، ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن، تاشقى موڭغۇل دالالىرىغىچە ھەمدە تارىم ۋادىسىغىچە يېيىلغان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىمۇ، قەدىمكى ھىندىستاندىن باشلىنىپ شەرق دۇنياسىنى قاپلىغان بۇددا دىنىنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىدىمۇ، ئىسلام دىنىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل قاراش بولۇپ كەلدى. ئىنسانىيەت قەدىمدىن بېرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ ئۇنىڭدىن

قۇتۇلۇش يوللىرىنى، «مەڭگۈ ئۆلمەسلىك» نىڭ چارىلىرىنى ئىزدەپ نۇرغۇنلىغان تۇرمۇش ئەنئەنىلىرىنى، ئۆسۈملۈك دورا-دەرمەكلەرنى ئىزدەش بىلەنلا قالماي، بۇ ئارزۇسىنى، چۆچەكلەر، شېئىر-قوشاقلار، ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋە تۈرلۈك سەنئەت ئەسەرلىرىگە بەدىئىي ھالدا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق قارىشىدا، روھ چۈشەنچىسى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە، ئەجدادلارغا ۋە توتېمغا چوقۇنۇش ئېتىقادلىرىدىن پەيدا بولغان. بۇ خۇددى ئەنگلىيىلىك ئېتنوگراف تەيلور (Tylor) ئىپتىدائىي دىنىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندە ئېيتىپ ئۆتكەندەك «ھەممە شەيئىدە روھ بار» دەيدىغان ئانىمىزملىق ئېتىقادنىڭ نەتىجىسى ئىدى. كېيىن روھ ئۆلمەسلىك، روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى، روھنىڭ باقى ئالەمدە تىرىلىپ «مەڭگۈلۈك ھايات» قا ئېرىشىش چۈشەنچىسى، زوروئاستېر دىنىنىڭ، كونا خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى ھايات قارىشىنىڭ ئىسلام دىنى پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىگە بىرلىشىشى نەتىجىسىدە دۇنياۋىيلىققا ئىگە بولدى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ دىنىي، مەدەنىي مۇساپىسىغا ئوخشاشلا كۈچلۈك مىللىيلىك ۋە «يەرلىكلىك» كە ئىگە ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلدى.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى روھ قاراشلىرى قەدىمكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ كونا-يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ھاياتى مەزگىللىرىدە شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي ھاياتلىق ئېڭى ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان».
2. گومورو تەھرىرلىگەن: «جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرى»، بىرىنچى توم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارا خەمىت

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئون تۆتىنچى بابى «چىنتامانى»

«ئالتۇن يارۇق» (ئالتۇن ئۆڭلۈك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ناملىق نوم پۈتۈك) ھازىر ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەڭ مۇھىم كلاسسىك يازما يادىكارلىق بولۇپ، جەمئىي ئون جىلد. ئوتتۇز بىر باب. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم مەزمۇنلار ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە خېلى كۆپ قىسمى كىشىلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلانمىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، دىنى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە ئانتروپولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە روسىيە ئالىمى رادلوۋ 1913-1917-يىلى باستۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» («بۇددا دىنى خەزىنىسى» تەۋرن مايتىرى نەشرىياتى 1984-يىل) نىڭ ئىچىدىكى يەتتىنچى جىلد. ئون تۆتىنچى بابى «چىنتامانى» نىڭ جۇبېيچۇەن ئەپەندى «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) نىڭ 1995-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن، ترانسكرىپسىيىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بېرىلدى.

ترانسكرىپسىيە قىلىش ۋە تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تىرناقنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قوشۇلغان ھەرپلەر ۋە يېزىقلارنى جۇبېيچۇەن ئەپەندى تېكىستتىكى مەنىگە ئاساسلىنىپ تولۇقلىغان. ئاساسلىق تىنىش بەلگىلىرى قوش چېكىت(:)، چېكىت(.) تىن ئىبارەت. ئابزاسلار تۆت چېكىت(::) ئارقىلىق ئايرىلغان. بەزىدە ئىككى ياكى ئۈچ تۆت چېكىت ئارقىلىق ئايرىلغان ............. بەلگىسى ئەسلى تېكىستتىكى قىزىل قەلەم بىلەن يېزىلغان جاينى ئىپادىلەيدۇ. قىزىل قەلەم بىلەن بەلگە ئۇرۇلغان جايلار ئادەتتە بۇددا نامى، تەڭرى نامى، يەر نامى، جىسىم نامى ۋە سۆز-ئەپسۇن قاتارلىقلارنى ئىزاھلاپ ھۆرمەتلەش، ئەھمىيەت بېرىش، ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. ترانسكرىپسىيىدىكى (. ) بەلگىسى قەدىمكى زاماندا كىتابلارنىڭ يىپ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

ترانسكرىپسىيىسى

465

5. ئالتۇن ئۆڭلۈگ ي(ا)رۇق يالتىرىغلىغ قوپدا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتل(ـ)غنوم بىتىگدە (. ) چىنتامانى ئاتل(ـ)غ د(ا)ر(ا) نى نوموغ ئوقىتمىش ئاتل (ـ)غ تۆرت ي(ـ)گ(ـ)رمىنچ بۆلۈك ::::::

10. ئانتا ئۆترۈ تۇكەل بىلگە ت(ە) ڭرى ت(ە) ڭرىسى بۇرخان ئانانت تويىنوغ ئوقىيۇ ي(ا) رلىقاپ ئىنچە تىپ ي(ا)رلىقادى(:) ئانانت-ئا(،) سىزلەر قاماغۇن ئىنچە بىلىڭلەر: ئىنچىپ مۇندا ئالغۇ ئادا 15 تۇدالارى تارقارداچى: ياسىن تۇشمەكىن تىتداچى چىنتامانى ئاتل(ـ)غ د(ا) ر(ا) نى نوم بار ئەرۆر: بۇ د(ا)ر(ا) نى نوم(. )ۇغ ئۆگرە ئەرتمىش ئۆتكى بۇرخانلار بارچا نوملارىۇ ي(ا)رلىقادىلار :: ئەمتى م(ە)نىمە

:: ئەمتى ـ(ـ) نيمە

20. بۇ نوم ئەردىنى ئىچىنتە قاماق تىنلـ(ـ) قا ئوغلانـىڭا ئاسىغلىقىن ئۆرۈپ نوملايۇ يـ(ا) رلىقا يۇرـ(ـ) ن تىپ يـ(ا) رلىقادى:::: بۇ يـ(ا) رلىقىغ ئەشىدىپ ئانانت تويىن ئول

ئەسكەرتىش:

ـــ466ـــ467، 468، 469، 470، 471، 472، 473ـترانسكرىپسىيىسى قىسقارتىلدى.

## يەشمىسى

## ـ465ـ

5. «ئالتۇن ئۆڭلۈك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ناملىق نوم پۈتۈك» دە سۆزلەنگەن چىنتامانى ئاتلىق دارانىڭ نوم ئوقۇشى ناملىق ئون تۆتىنچى بابى، 10. ئاشۇ ۋاقىتتا بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئانانتا راھىبقا مۇنداق دېدى: ئانانتا سىلەر ھەممىڭلار شۇنى بىلىڭلاركى مۇشۇنداق قىلىپ بارلىق ئاپەتلەرنى، 15. گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى تارقاتقۇچى چىنتامانى ئاتلىق دارادا نوم بار. بۇ دارانىڭ نومىنى ئىلگىرى ئۆتكەن بۇرخانلار پۈتۈنلەي سۆزلەپ بولغان :: ھازىر مەن يەنە بۇ قىممەتلىك نومنىڭ بارلىق ئادەم بالىلىرىغا پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قايتا سۆزلەيمەن دېدى: بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئانانتا راھىب ۋە

## ـــ466ـــ

بارلىق جامائەتنىڭ ھەممىسى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان مۇنداق دېدى :::: (5) شەرق تەرەپتىكى ئەگەدى ئاتلىق چاقماق پادىشاھدۇر، شىمال تەرەپتىكى چۇدابرابى ئاتلىق چاقماق پادىشاھدۇر. 10. جەنۇب تەرەپتىكى سۇداماری ئاتلىق چاقماق پادىشاھدۇر: ئانانتا ئەگەر قايسى تۈز كۆڭۈل ئوغول ياكى قىز بۇ تۆت چاقماق پادىشاھىنىڭ نامىنى 15. ۋە ئولتۇرۇشلۇق گورنىنى ئاڭلىسا ۋە بىلسە ئۇنداقتا بۇ تۈز كۆڭۈل ئوغول ۋە قىزلار ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئاپەتلەردىن قۇتۇلالايدۇ. قورۇق تۆھمەتلەرمۇ كەلمەيدۇ. يەنە كىمكى ئۆيىنىڭ تۆت 20. تېمىغا بۇ تۆت چاقماق پادىشاھىنىڭ ئىسمىنى ئۆز يۆنىلىشى بويىچە يېزىپ قويسا ياكى باشقىلارغا يازدۇرۇپ قويسا ئۆي-ئىمارەتلەر چاقماقنىڭ چېقىشىدىن ساقلىنىپ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى ھەم

## ـــ467ـــ

باشقا بالا-قازالار بولمايدۇ. دېدى :::: مۇشۇنداق دەپ بولغاندىن كېيىن دارىغا يەنە مۇنداق دېدى :::: تاتيادا نىمى نىمى نىمىندەرى 5. سىرىلۆگە لۆگەنى سىرى سىراپاتى راكسا رىكسە ماما ( . ) ئاس يا نەمۆگە نىمەس يا سىۋاقا :::::: بۇ ۋاقىتتا ئاۋالوكىتاشۋارى ئاتلىق بودساتىۋا جامائەتنىڭ

ئارىسىدا ئىدى. 10. ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلۇغ مۇرىسىنى تونىدىن چىقىرىپ ئالقىنىنى جۈپلەپ ھۆرمەتلىك تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى :: ھۆرمەتلىك 15. تەڭرىم مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تەڭرىگە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدىغان، ئىنسانغا كۆيۈنىـــدىغان، خاتىرجەم خۇشال قىلىدىغان چىنتامانى گۆھەر ئاتلىق مۇقەددەس 20. دارانىڭ نومىغا ئېرىشەي دېدى. ئارقىدىن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى :::::: تاتيادا گەتە ۋىگەدى نىگەتى باراسىيا دىگى پراتى مۇتىتى سوتدى مۇكدى ۋىمەلى پارى باراسى سەۋىدى ماندىريا ۋانىسنى

—468—

قانارى كەنتەرى كەپىلى كىڭكەلى رەكسە رەكسە دەرىمۇكى رەكسە ماما ئاس يا ئەنمۇكە ئاناسيا سىۋاقا: شۇ ۋاقىتتا ۋىشىر ئەركىملىكى بۇدساتىۋامۇ 5. ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىنىنى جۈپلەپ ھۆرمەتلىك تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا مۇنداق دېدى. نامى چىققان ھۆرمەتلىك تەڭرىم، مەن يەنە تەڭرىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تەڭرىگە ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدىغان، بارلىق ئىنسانلارغا كۆيۈنىدىغان خاتىرجەم خۇشال قىلىدىغان ئوتئۇنچىسىز ئاتلىق دارانىڭ نومىغا ئېرىشىشنى ئۆتۈنىمەن دېدى. ئارقىدىنلا دارانىڭ نومىغا 15. مۇنداق دەپ يالۋۇردى :::: تاتيادا مۇنى مۇنى مۇقالى: ۋاتى ۋاتى سىۋۋادى ماقا ۋادى: قا. قا مەۋى ئەۋى ستيادۇ براپا( . ) ۋ(ا)چىچاپانى ئانا نا ماما ئانتا رەۋىتە سىۋاقا 20. نامى چىققان ھۆرمەتلىك تەڭرىم، بۇ ئۇتئۇنچىسىز ئاتلىق دارانىڭ نومى دېدىكى: كىمكى ئەگەر بۇ دارانىڭ نومىنى چىن كۆڭلىدىن سۆزلىيەلىسە مەن داۋاملىق

—469—

ئۇ ئادەمنى قورقۇنچلۇق ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرىمەن دېدى. شۇ ۋاقىتتا ساۋلوكاتادۇ يىرلىنچۇ يەر سۇ ئىگىسى براخمى ئۇلۇق 5. ئەزرۇۋا تەڭرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىنىنى جۈپلەپ ھۆرمەتلىك تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا مۇنداق دېدى: مەن يەنە تەڭرىم سىزنىڭ ئالىڭىزدا تەڭرىگە ۋە ئىنسانىيەتكە 10. پايدىلىق، ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدىغان، بارلىق ئىنسانلارغا كۆيۈنىدىغان، خاتىـــرجەم خۇشال قىلىدىغان دارانىڭ نومىغا ئېرىشەي دېدى. ئارقىدىنلا داراغا مۇنداق دېدى: تاتيادا كىرى مىرى دىرى سياقا ۋارى 15. كەمبا بۇرى: ۋارى كەمبەنى ۋارا كەمبە كەربى بۇسبا سانسادارى سىۋاقا: نامى چىققان ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم، بۇ ئازرۇۋا ئىلىگى ئاتلىق داراغا دېدى: كىمكى بۇ دارانىڭ نومىنى 20. سۆزلىيەلىسە تەڭرىم دەرت-ئەلەم، ۋاقىتسىز ئۆلۈم، بالا-قازادىن ساقلىغاي دەپ ئۆتۈندى :::: ئاندىن كېيىن قورمۇزتا تەڭرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىنىنى جۈپلەپ ھۆرمەتلىك

—470—

تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا مۇنداق دېدى :: نامى چىققان ھۆرمەتلىك تەڭرىم، مەن يەنە تەڭرىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قورقۇنچتىن 5. بالايى ئاپەتتىن، ۋاقىتسىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ تەڭرىگە ئىنسانلارغا پايدىلىق ۋىچىراسانى ئاتلىق دارانىڭ نومىغا ئېرىشەي دەپ يەنە مۇنداق دېدى: تاتيادا ۋارى ۋارىرى ۋانتا ئامبا 10. دانتى مەنىنىتى دىتىتى كەيرى كەندەرى چانتالى مەنتەڭگى بوككەسى سارا ۋارابى ئىنەمەدۇ ناما ئونتارانى ماتارانى تارانىك چەكرەبەرى چىيە لىسيە يارى سىۋاقا :::: 15. شۇ ۋاقىتتا

ۋايسىراۋانى ماقارانىڭ دارتىراستىرى ماقارانىڭ ۋىروتاكى ماقارانىڭ ۋىرۋپەكسى( . ) ماقارانىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تورۇپ ئالقىنىنى جۈپلەپ. ھۆرمەتلىك تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا مۇنداق دېدى: نامى چىققان ھۆرمەتلىك تەڭرىم بىز يەنە تەڭرىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا سۆزلىگەن ھەر خىل قورقۇنچتىن، بالا-قازادىن

—471—

ۋاقىتسىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان، خاتىرجەم خۇشال قىلىدىغان ھېچنىمىــــدىن قورقماس قىلغۇچى داراغا ئېرىشىشنى ئۆتۈنىمىز دېيىشتى. ئۇلار يەنە مۇنداق دېدى :::::: تاتيادا بۇسبى ( . ) سوبۇسبى ئانتۇ رۇبارى بانانتۇ سانى ئارى ياپارى سۇسادى سانتادى مۇكدى ئەكسى ماڭالى . ستدى ستدى ۋتى سۋاقا :::: شۇ ۋاقىتتا ماناسى ئاناۋاتاپتى باشچىلىقىدىكى پادىشاھلارمۇ يەنە ئورنىدىن تورۇپ ئالقىنىنى جۈپلەپ ھۆرمەتلىك تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا . مۇنداق دېدى :::: بىز، تەڭرىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تەڭرى ۋە ئىنسانغا پايدىلىق ئارزۇ ئۈمىدلىرىنى قاندۇرىدىغان، ۋاقىتسىز ئۆلۈمدىن ساقلايدىغان زەھەرنىڭ تارقىلىشىنى تۈيدىغان . بالا-قازانىڭ قايمۇقتۇرۇشىدىن ساقلىغۇچى زور كۈچكە ئىگە ئارزۇنى قاندۇرغۇچى چىنتامانى گۆھىرى ئاتلىق مۇقەددەس دارانى تەڭرىم سىــزگە تاپشۇردى.

—472—

ئۇلۇغ مېھرىبان كۆڭلىڭىزنى يىغىپ بىزنى پادىشاھلارنىڭ (لوڭلارنىڭ) ئازاپ ئوقۇبىتىدىن ئاچكۆز پىخسىقلىقىدىن يىراقلاشتۇرغىن دېدى . ئاندىن كېيىن داراغا يەنە مۇنداق دېدى :::: تاتيادا ئەنچەرى( . ) ئامارى ئەمرتى ئەكسەۋى ئاھاۋى مانى كەرسۇتدى سەرىن بابا براساماريى سۋاقا :::: . نامى چىققان تەڭرىم، ئەگەر كىمكى بۇ دارانىنى سۆزلىيەلىسە، يازدۇرۇپ ئوقۇسا ئۇنــى قورقۇنچتىن، ئازابتىن، جاپادىن . ۋاقىتسىز ئۆلۈمدىن، زەھەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدىن، چاقماقنىڭ چۈشىشىدىن ۋە بالا-قازادىن ساقلىغاي تەڭرىم دەپ ئۆتۈندى. ئاندىن كېيىن تۆكەل بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا جامائەتنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماختاپ مۇنداق دېدى :::: ياخشى، ياخشى سىزلەر ھەممىڭلار قۇدرەتلىك

—473—

سىلەر مۇشۇنداق ئادەملەرگە پايدىلىق، ئىنتايىن كۆپ دارانى سۆزلىدىڭلار. ئەگەر كىمكى بۇ دارانى گۇمانسىز، سادىقلىق بىلەن كۆڭلىدە ساقلىسا ۋە سۆزلىيەلىسە، بۇندىن كېيىن سىزلەر ئارزۇلىرىڭلارغا يېتىسىلەر.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مېھرىگۈل مامۇت
(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل
تەتقىقات ئورنى)
مەسئۇل مۇھەررىر: رەشىدە مامۇت

# «دىنىي قىزغىنلىق» نىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەسىرى

ئەخمەتجان ھەسەن

دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا دىنىي مەدەنىيەت بىلەن ئىلىم-پەن مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەدەنىيەت ئۆزلۈكسىز رول ئويناپ كەلگەن.

مەن بۇ ماقالىدە دىنىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تەسىر كۈچى، بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيادىكى «دىنىي قىزغىنلىق» نىڭ تەسىرى ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

(1)

«دىنىي قىزغىنلىق» نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشى.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئەنئەنىۋى قىممەت كۆز قارىشىنى قوغداش ۋە قانات يايدۇرۇش پىكرىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشىگە ئەگىشىپ، دىنىي ساھەدىكىلەر جامائەت پىكرىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە مەلۇم دەرىجىدە بېسىم ئىشلىتىپ، خەلق رايىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالماقتا.

ياپونىيىنى ئېلىپ ئېيتساق، شىنتاۋ دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ياپونىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدىن كۆپ، بۇنىڭ سەۋەبى نۇرغۇن كىشىلەر بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل دىنغا ئىشىنىدۇ. خۇراپاتلىقنىڭ ۋاستىلىرىمۇ زامانىۋىلاشقان. مەسىلەن، يۇقىرى پەن-تېخنىكىنى قوللىنىپ ياسالغان «بۇددا يۈرىكى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاپتوماتىك دىنىي دەستۇر ئوقۇش ئەسۋابى ھەم ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا پال ئېچىپ بېرىش قاتارلىقلار.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، روسىيە ھۆكۈمىتى 160 مىڭ مەكتەپتە قايتىدىن دىنىي دەرسلىك تەسىس قىلغان بولۇپ، 1992-يىلىنىڭ ئاخىرىدا «خىرىستىئان تىنچلىق قىسمى» غا قاتناشقان روسىيە ياشلىرىغا ئىنجىل تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلغان.

ئىسلام ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرى بولسا ئىران، ئافغانىستان ھەم پۈتكۈل ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىكى غايەت زور بىر سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ، ھازىر تۈركىيە ۋە مىسىرنىڭ غەربلەشكەن ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئارىسىدا قايتا تىرىلمەكتە.

(2)

## «دىنىي قىزغىنلىق» نىڭ مەزمۇنلىرى

«دىنىي قىزغىنلىق» ئېقىمى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك مەزمۇندىن تەركىب تاپقان:

(1) ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىكىنىڭ گۈللىنىشى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، دىندىن خالىي بولۇش ئېقىمى ئاجىزلاپ، ئەكسىچە ئەنئەنىۋى دىنىي ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەيدىغان ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرى جانلانماقتا.

ئىسلام دۇنياسىدا، ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرى «قۇرئان كەرىم» نى ئاساس قىلىش، مۇھەممەد

پەيغەمبەر زامانىسىدىكى شانلىق تارىخنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، دىن بىلەن سىياسىي بىرلەشكەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، شەرىئەت قانۇنىنى يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلماقتا.

ھىندى ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرى بولسا، ھىندىستاندىكى بارلىق چوڭ-كىچىك دىنلارنى يوقىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھىندى دىنى ئىلاھى ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشنى تەرغىب قىلماقتا ھەم ھۆكۈمەتنى دىندىن خالىي سىياسەت يۈرگۈزۈپ ، نوپۇسنىڭ %80نى تەشكىل قىلىدىغان ھىندى دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانكەشلىك قىلدى، بۇزغۇنچىلىقتا يول قويدى دەپ ئەيىپلىمەكتە.

ياپونىيىدە، تەڭرى دىنىنى گۈللەندۈرۈش ساداسى كۈنسېرى كۈچىيىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بەس-بەس بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ سىمۋولى بولغان دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئىلاھىي ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىپ چوقۇنۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ ۋە كەڭ ئىلغار زاتلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماقتا.

## (2) يېڭىدىن گۈللەنگەن دىنىنىڭ باش كۆتىرىشى.

يېڭىدىن گۈللەنگەن دىنلار ئاساسلىقى ئامېرىكا، ياپونىيە، جەنۇبىي چاۋشيەن قاتارلىق بەزى غەيرى مەزھەپ ئەنئەنىسىگە ئىگە، سىياسىتى بىر ئاز «ئەركىن» بولغان دۆلەت ۋە رايونلاردا تېز سۈرئەتتە تارقالماقتا. ئۇلارنىڭ تۈرى كۆپ، خىلمۇ-خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

تۆۋەندە مەن نۆۋەتتىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن دىنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

(1)، قاتناشقۇچىلار كۆپىنچىسى مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ھازىرقى زامان ئىلغار پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە ياشلارنى ھەم زىيالىيلارنى ئاساس قىلىدۇ.

(2)، قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنغا ئىشىنىش ئارقىلىق دىندىن روھىي ئوزۇق ئىزدەۋاتىدۇ.

(3)، قۇرۇلمىسى تارقاق، كىرىپ-چىقىش ئەركىن.

(4)، كۆپلىگەن يېڭىدىن گۈللەنگەن دىنلار ناھايىتى تېزلىكتە دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، بىر نەچچە يىلنىڭ ئىچىدىلا راۋاجلىنىپ، خەلقئارالىق دىنىي تەشكىلاتلارغا ئايلاندى. مانا بۇ ھازىرقى زامان دىنىي قىزغىنلىقىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى.

(3) ئاممىۋىلىقتا ئىگە سىرلىق مەدەنىيەت يامراپ كەتتى.

70-يىللاردىن بۇيان، باخشى ۋە دىنىنى ئاساسى تېما قىلغان (مىستىتىزم) ئېقىمى يەر شارىنى قايلاپ، روھ توغرىسىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارنى كۆرسىتىدىغان كىنو-فىلىملار، چاتما رەسىملەر ۋە گېزىت-ژۇرناللار بەس-بەس بىلەن بازارلاردا سېتىلىپ، رەم سالغۇچى ۋە پال ئاچقۇچىلارنىڭ تىجارىتى روناق تېپىپ، بۇنىڭ تەسىرىدە كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا روھنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشىنىدىغان ۋە ئاللىقانداقتۇر زادىلا ئىشىنىپ بولمايدىغان سىرلىق كۈچلەرگە چوقۇنىدىغان بولۇپ كەتتى.

(3)

«دىنىي قىزغىنلىق» ئېقىمى مەيدانغا كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدىكى بىر نەچچە پىكىر ھەم ھازىرقى دىنلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى .

ھازىرقى زامان «دىنىي قىزغىنلىق» ئېقىمىنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبلىرى تۈرلۈك بولۇپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى «دىنىي قىزغىنلىق» نىڭ ئىپادىلىرى ھەم يۈز بېرىش سەۋەبلىرى ئوخشىمايدۇ.

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولسىمۇ، بىراق ئۇلار روھىي جەھەتتە كەمبەغەل رىقابەتكە تولغان ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا، ھەممە پۇلغا قارايدىغان، كىشىلىك مۇناسىۋەت

سۇسلىشىدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە. بۇ خىل ھالەتنىڭ تەسىرىدە تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرى بىلەن مۇستەبىت دىنىي تەشكىلاتلار بىر قىسىم ئىرادىسى ئاجىزلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالدى.

تەرەققىي قىلىۋاتقان 3-دۇنيا ئەللىرى 50—60-يىللاردا مۇستەقىللىقنى يېڭىدىن قولغا كەلتۈرگەندە، غەرب ئەندىزىسىنى ئۈلگە قىلىپ، دىندىن خالىي بولۇشنى مەزمۇن قىلغان زامانىۋىلىشىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەن. ئەمما 70-يىللارغا كەلگەندە بۇ «ئۈمىدكە تولۇپ تاشقان ئىنقىلاب» تىن مەسىلە تۇغۇلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق كۆپ قىسىم 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھامىيلىقىدا بولغاچقا، بۇ دۆلەتلەردىكى باي-كەمبەغەللىكنىڭ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىشى ناھايىتى روشەن بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەر دىنىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىگە روھىي ئوزۇق ئىزدەيدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

دېمەك، ھازىرقى زامان دىنىي قىزغىنلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مەۋجۇد بولۇشى ھەرگىزمۇ تەساددىپىلىق ئەمەس. ئۇ بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىلىم-پەننىڭ ھەممىگە قادىر ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ نامراتلىق ۋە ئۇرۇشنى يوقىتالمايدىغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىشنىڭ يەنىلا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر ئۆزلىرىگە روھىي يۆلەنچۈك تېپىش ئۈچۈن تەڭرىگە يېقىنلىشىپ ئۇنى روھىي يۆلەنچۈك قىلماقتا.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا، دىننى قانداق تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىش مەسىلىسى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ھەم سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىدۇر.

بىز دىننى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئېيتقىنىدەك مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ تورۇپ تەكشۈرۈشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ يەككىللىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئىنكار قىلماسلىقىمىز ۋە ياكى ئۇنى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىپ، ئىلاھلاشتۇرماسلىقنى تەشۋىق قىلماسلىقىمىز، پەقەت پارتىيىمىزنىڭ كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش پرىنسىپى بويىچە دىنىنىڭ پاسسىپ، خوراپىي، قالاق، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايدىغان قىسمىنى يوقىتىشىمىز، ئۇنىڭ ئىلغار ئاكتىپ تەرەپلىرىنى يەنى ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەرەپلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. بىز دۇنيا تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، تارىختا ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ، ئېزىشكە قارشى، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ دىنىنىڭ يەنىلا كەڭ ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ مۇستەملىكىگە، ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى كۈرەشلىرىدە ئاكتىپ رول ئويىنىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، جەنۇبىي ئافرىقا نىگىر ئېپىسكوپى توتو دىنىي تەشكىلاتنىڭ مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ قانۇنلۇق شەكىللەر ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ۋە خرىستىئان دىنىي ئەقىدىسىگە خىلاپ ئىرقىي كەمسىتىش، ئايرىمچىلىق، قىرىپ يوقىتىش سىياسەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، خەلقئارادىكى مەشھۇر تىنچلىق جەڭچىسىگە ئايلىنىپ، 1984-يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1970-يىلى ياپونىيىنىڭ توكيودا ۋە 1984-يىلى كېنىيە پايتەختى نىلوبىدا ئېچىلغان «دۇنيا دىنىي مۇرتلىرىنىڭ تىنچلىق يىغىنى» دا ھەر قايسى دىن ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارا ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە يادرو قوراللىرىنى يوقىتىپ ئەڭ ئاخىرىدا بىر خىل «ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ گۈزەل جەمئىيەت»، «دۇنيا ئورتاق گەۋدىسى» قۇرۇش، دىنىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى كەڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىرق، مىللەت ۋە دىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ

قىلىش، شۇ ئارقىلىق يەر شارىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش مەقسىتىگە يېتىش، ئۇنىڭدىن باشقا دىنىي ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى، ماتارىيىنى تىنچلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، يادرو قورالللىرىنى تولۇق ۋە تەلتۆكۈس يوقىتىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر قىزغىن مۇھاكىمە قىلىنىپ، ھەر خىل خىتابنامە ۋە ھەرىكەت مىزانلىرى بېكىتىلىپ يەر شارىنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاكتىپ ھەسسە قوشتى.

سوتسىيالىستىك يېڭى تارىخىي دەۋردىكى دۆلىتىمىز كۆپ دىنلىق دۆلەت بولۇپ، دىنغا ئىشەنگۈچى ئاما (دىنغا كىرمىگەن، ئەمما دىنغا ئىشىنىدىغان) كىشىلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دىنىي مەسىلە بولسا بىر خىل ئومۇمىيلىقتا ئىگە ئاممىۋى مەسىلىدۇر. دۇنيادا تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغان بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ دۇنياۋى دىنىنىڭ تەسىرى 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇد. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلىتىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇۋاتقان شارائىتتا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشمۇ ناھايىتى مۇھىم خىزمەت. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك تۈتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىدۇر. شۇڭلاشقا بىز توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇل بويىچە دىنغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز، دىنىي مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، يېڭى تارىخىي دەۋر ئاستىدىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى باشتىن-ئاخىر توغرا ئىجرا قىلىشىمىز، ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز، ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى، سوتسىيالىستىك تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

## ئاساسلىق پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① (ياپونىيىلىك) شىئاۋتيەنجىن: «بۈگۈنكى دۇنيادىكى دىنىي قىزغىنلىق» نىڭ سىرى، تەرجىمە نۇسخىسى، ئىشچىلار نەشرىياتى 1989-يىل نەشرى.

② ۋۇجۇ: «ئىلاھىي دۇنيا توغرىسىدىكى ئىزدىنىش» جېڭخۇا داشۆ نەشرىياتى 1994-يىلى نەشرى.

③ جاۋيۈچۈ: «جۇڭگودىكى دىنلار توغرىسىدا ئالتە لېكسىيە»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى، 1993-يىلى بېيجىڭ نەشرى.

④ گېرمانىيىلىك ماكس مۇللېر: «دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى»، تەرجىمە نۇسخىسى، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى.

⑤ ئامېرىكىلىق لۇئېس مۇئىرخوفۇ: «دۇنيادىكى دىنلار» تەرجىمە نۇسخىسى، بىلىم نەشرىياتى، 1991-يىلى نەشرى.



(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى)



مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

# «تۆركىي تىللار دىۋانى» دىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىگە نەزەر

تاھىرجان مۇھەممەت

«كىيىم-كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى، گۈزەللىك زوقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى. شۇنىڭدەك، مىللەتلەرنىڭمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى»①. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئېستېتىك ھەۋىسى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ شەكلى، رەڭگى ۋە تۈرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە پەرقلەر بار. كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىكى مۇشۇ خىل پەرق، ئۆز نۆۋىتىدە تىكىش (ھۈنەر-سەنئەت) ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى، جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى داۋامىدا، ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ ھەم رەڭدارلىشىپ كۈچلۈك مىللىي تۈسكە ئىگە بولغان. شۇنداقلا، ئادەملەرنىڭ جىنسى ئايرىمىسى، ياش قورام پەرقى، تەبىئىي شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ئۆزگىچە ئەنئەنە شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان يىراق قەدىم زاماندا، چارۋا-مال ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن، قوي يۇڭى توقۇلمىلىرىدىن كىيىم تىكىپ كىيگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا، پاختا يىپ توقۇلمىلىرى، پاختا - يۇڭ ئارىلاشما توقۇلمىلىرى ۋە يىپەك-كەندىر توقۇلمىلىرىدىن كىيىم-كېچەك تىكىپ كىيگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۇلاتۇ» (يىپەك قول ياغلىق)② تۇتىدىغان، ئاياللار «باغىرداق» (لىپتىك)③ تاقايدىغان، كىيىم-كېچەكلەرگە «ئۇتۇك» (دەزمال)④ بېسىپ كىيىدىغان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان «تۇش» (توقا)⑤ لىق كەمەر باغلايدىغان، «تىزىلدۇرۇك» (كۈمۈش تەڭگە)⑥ لەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئۆتۈك كىيىدىغان مەدەنىي ھاياتقا قەدەم قويغانلىقى مەلۇم. ھازىرقى زاماندىكى تىككۈچىلىك تەدرىجىي رەۋىشتە تەرەققىي قىلىپ، ئاددىي قولدا تىكىشتىن قول ماشىنىسى بىلەن تىكىشكە، قول ماشىنىسىدا تىكىشتىن پۇت ماشىنىسى بىلەن تىكىشكە، پۇت ماشىنىسىدا تىكىشتىن توك ماشىنىسى بىلەن تىكىشكە ئۆزگەردى. ھەتتا ئاپتوماتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇڭلاشقا، يېقىنقى زاماندىن باشلاپ تىككۈچىلىك ھۈنەر-كەسپى ساھەسىدە «ماشىنىچىلىق» دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولدى. نەتىجىدە، تىككۈچىلىكتىن ئىبارەت ھۈنەر-سەنئەت ئۇسۇلى زامانغا لايىق ئىلغارلاشتى. كىيىم-كېچەكلەرنىڭ تۈر ۋە پاسونلىرىمۇ سەرخىللاشتى.

مەرھۇم ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مەمەتئىمىن قەيت قىلغىنىدەك: «كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى—مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمىدا ساقلانغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنىڭ مۇھىم تارمىقى ھېسابلىنىدۇ»⑦. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) دا، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىگە (جۈملىدىن تىككۈچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىگە) ئائىت نۇرغۇن بايانلار بار. بۇ قىممەتلىك بايانلاردىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تىككۈچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭمۇ ئالاھىدە يۈكسەلگەنلىكىنى، ھەتتا مۇشۇ تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقانلىقىنى بايقايمىز. «دىۋان» دىكى «tikdi—تىكتى»⑧ دېگەن سۆزنىڭ « ər ton tikdi» (ئادەم تون تىكتى) دەپ ئىزاھلانغانلىقىدىن، ئەينى دەۋردىكى «تىكىش» دېگەن مەستەر (ھەرىكەتنام) نىڭ ھازىرقى زاماندىكىدەك «تىكىش» ياكى «تىكمەك» دېگەن ئۇقۇمنى بەرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەلۇمكى، تىككۈچىلەر (ھۈنەرۋەنلەر) خېرىدارلارنىڭ رەختلىرىنى ئۇلارنىڭ بويى بەستىگە قاراپ ئۆلچەۋالاتتى. مەسىلەن: «دىۋان» دىكى «yaratti—ياراتتى، لايىق قىلدى»⑨ دېگەن سۆز: «ol tonuɤ yaratti» (ئۇ تونني بەدىنىگە لايىق قىلىپ بەردى) دەپ ئىزاھلانغان. رەخت ئۆلچىنىپ بولغاندىن كېيىن، «ⱪiftu» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس قايچا بىلەن كېسىلەتتى⑩. «دىۋان» دا، «ⱪiftuladi» دېگەن سۆز «ol bɵzüg ⱪiftuladi» (ئۇ بوزنى قايچىلىدى) دەپ ئىزاھلانغان. بىزگە مەلۇم، تىككۈچىلىكتە كېسىمچىلىك (پىچىمچىلىق) ھالقىسى ئىنتايىن مۇھىم. بەدەنگە چاغلاپ دەل جايىدا كېسىلگەن رەختلەر تىكىش تاپسا (ياخشى تىكىلسە)، ئادەمگە زىننەت بولىدۇ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ، كىيىملەرنىڭ يارىشىملىق، چىرايلىق بولۇشى، رەختكىلا باغلىق ئەمەس، ئاساسلىقى ھۈنەر-سەنئەتكە باغلىق. ئالايلى، سارجا، ئەتلەس، دۇردۇنغا ئوخشاش قىممەتباھالىق ئېسىل رەختلەر بەدەنگە لايىق كېسىلىپ، ياخشى تىكىلمىسە، ئۇنداق كىيىم ئادەمگە گۈزەللىك بېغىشلاش تۈگۈل خوپمۇ كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئەرزان باھالىق ئاددىي رەختلەر بەدەنگە چاغلاپ كېسىلىپ، چىرايلىق تىكىلسە، ئۇ ئادەمگە خوپ كېلىدۇ، يارىشىدۇ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. دېمەك، كىيىم-كېچەكنىڭ چىرايلىق تىكىلىپ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئادەمنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇشى پۈتۈنلەي تىككۈچىگە باغلىق.

ئەينى زامانلاردا كىيىم تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يىپ پىششىق قىلىپ ئېشىلەتتى. ئېھتىياجغا قاراپ يىپلار قوشۇلۇپ (ئىنچىكە، توم قىلىنىپ) ئېشىلەتتى. مەسىلەن: «دىۋان» دىكى، «ol yip katturdi» (ئۇ يىپ قاتتۇردى)⑪ دەپ ئىزاھلانغان بۇ ئىبارە ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئەينەن ئىشلىتىلمەكتە. يىپ ئېشىلىپ تەييارلانغاندىن كېيىن، يىڭنىگە ئۆتكۈزۈلەتتى (سېپىلاتتى). مەسىلەن: «sapdi — ساپتى، ئۆتكۈزدى» دېگەن سۆزلەم «yiqi yigna sapdi» (تىكىمچى يىڭنىگە يىپ ساپتى)⑫ دەپ ئىزاھلانغان. «دىۋان» دا يەنە، تىككۈچىلەر كىيىم-كېچەك تىكىش جەريانىدا بارمىقىغا يىڭنىنىڭ پېتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تېرىدىن ياكى مېتالدىن ياسالغان «يۈكسەك» (ئويماق)⑬ ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىلگەن.

«دىۋان» دا يەنە، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئەستەرلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ مەلۇماتلار بار. مەسىلەن: «iqladi — ئىچلىدى، ئەستەرلىرى» دېگەن سۆزلەم «ol tonuɤ iqladi» (ئۇ توننى ئەستەرلىدى)⑭ دەپ ئىزاھلانغان. ئەمما، بۇ يەردە ئەينى زاماندا قانداق شەكىلدىكى ياكى قايسى پەسىللىك كىيىملەرنىڭ ئەستەرلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، بىز قەدىم زاماندىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ كىيىم-كېچەكلەرنى ئېھتىياجغا (خۇسۇسەن پەسىل ۋە شەكىلگە) قاراپ ھەم يالاڭ ھەم ئەستەرلىك قىلىپ تىكىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

«دىۋان» دا يەنە، «tikiklig ـ تىكىكلىك»، «köbüxdi — يۆمەشتى»، «kaziɤ — قېيىق»، «سىرتىنى ـ siritti»، «تەپچۈتتى ـ təfqitti»، «münəldi — ئېۋىنى ئېلىندى ياكى كېسىۋېتىلدى» دېگەنگە ئوخشاش تىككۈچىلىككە ئائىت سۆزلەر ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن ئىزاھاتلار كۆپلەپ كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ يەردە بىز، بىر جەھەتتىن «تەپچۈش» نىڭ تىككۈچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىدە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل تىكىش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلسەك، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكنىڭ رەسمى پۈتۈشتىن ئىلگىرى پىرىمبىركا (سىناق) ئۈچۈن قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. «دىۋان» دىكى «münəldi — ئېۋىنى ئېلىندى» دېگەن سۆزلەمگە بېرىلگەن «ton münəldi» (تون ئېۋىنى ئېلىندى، يەنى توننىڭ چۆرىسى ۋە ئېۋىنى كېسىۋېتىلدى)⑮ دېگەن ئىزاھمۇ ئالدىنقى چۈشەنچىلىرىمىزنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ.

دېمەك، قەدىمكى زامانلاردا بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز كىيىم-كېچەكلەرنى بوي-بەستىگە چاغلاپ پىچىپ، پۇختا تىكىپ، پۈتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئەندازىنى ئېلىپ قىلىپ، ھەمدە ئاخىرىدا دەزماللاپ كىيگەن.

كىيىملەرنى چىرايلىق تىكىپ ياراشتۇرۇپ كىيىشنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت. ئېيتايلى، بىر ئادەمنىڭ بوي تۇرقىغا، چىراي شەكلىگە ماس كېلىدىغان رەختتىن بەدەن قۇرۇلۇشىغا چىپسا قىلىپ تىكىلگەن، يارىشىملىق كىيىمنى كىيگەن ھالىتىدە باشقىلارغا بېرىدىغان تۇيغۇ-تەسىرى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە ياراشمىغان، ئىسكەتسىز كىيىمنى كىيگەن ھالەتتە باشقىلارغا بېرىدىغان تۇيغۇ-تەسىرى ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ. گۈزەل كىيىم-كېچەكلەر شەخسنىڭ زىننىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ زىننىتى، «تاغنىڭ زىننىتى قورامتاش، ئادەمنىڭ زىننىتى ئۈستىباش (كىيىم-كېچەك)»⑯ دېگەن خەلق ماقالى بۇ نۇقتىنى تولۇق دەلىللەيدۇ.

سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا، مىللىي كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە (جۈملىدىن تىككۈچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىگە) كونىنىڭ ئىچىدىن يېڭىنى يارىتىش، چەتنىڭكىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش روھى بويىچە ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىپ، زامانىۋى كىيىم-كېچەك پاسونى ۋە تۈرىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش — دەۋرنىڭ تەلىپى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ ئارزۇسى. بىزنىڭ ئاتا-ئانا، ئاچا-سىڭىل، خانىم-قىزلىرىمىز ۋە ئاكا-ئىنى، ئەپەندى-ئوغلانلىرىمىز ياش قورامىغا ماسلاشقان، جىنس ئايرىمىسىغا باپ كەلگەن، بوي-بەستىگە ياراشقان، شەكلى ھەر خىل، پاسونى يېڭى، رەڭدار كىيىملەرنى رەتلىك، پاكىز كىيىپ تېخىمۇ گۈزەللەشسۇن؛ مەنىۋىيىتى يەنىمۇ بېيىسۇن؛ ئەمگەك قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئۇرغۇسۇن؛ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، تۇرمۇشقا قارىتا مۇھەببىتى ئۈزۈلۈكسىز ئاشسۇن.

## ئىزاھلار:

① ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل، بىرىنچى نەشرى، 174-بەت.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل، بىرىنچى نەشرى، I توم، 183-بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 1-توم، 653-بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 1-توم، 93-بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 3-توم، 173-بەت.
⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 1-توم، 686-بەت.
⑦ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992-يىل، 3-سان، 32-بەت.
⑧ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2-توم، 26-بەت.
⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 2-توم، 461-بەت.
⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 3-توم، 480-بەت.
⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 2-توم، 271-بەت.
⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 2-توم، 2-بەت.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 3-توم، 61-بەت.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 2-توم، 194-بەت.
⑮ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 376-بەت.
⑯ مۇھەممەت رەھىم: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979-يىل، بىرىنچى نەشرى، 168-بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارا خەمىت

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تاماق تۈرلىرىگە ئائىت سۆزلەملەر توغرىسىدا

قەمبەرنىسا مۇھەممەت

ئۇيغۇرلار قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە قەيسەرلىك، تىرىشچانلىق، ئىجادكارلىق قاتارلىق ئېسىل ئىنسان پسىخىكىسىنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان. دۇنيا بويىچە ـ قەدىمكى تۆت مەدەنىيەت بۆشۈكىنىڭ (ھىندىستان، مىسىر، يۇنان، جۇڭگو) بىرى بولالىشىنى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى بەلگىلىگەن. بولۇپمۇ يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە شىنجاڭنىڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىگە ئايلىنىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆز مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىشكە، چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، بېيىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

XI ئەسىرگە كەلگەندە شىنجاڭدا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت (تۇرپان)نى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتە مۇكەممەللىشىشكە، تولۇقلىنىشقا، گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەندى.

بۇ دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن قاراخانىيلار تەۋەسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىدەك يىرىك ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، ئەينى ۋاقىتتا دۇنياۋى سەۋىيە بىلەن قارىغاندىمۇ يېگانە ئەسەر دەپ ئېيتىشقا بولىدىغان «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت ئۆلمەس مەدەنىي مىراسنى ياراتقاندى.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلىنى ئىزاھلاش يولى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، ئىلىم-پەن ئىشلىرى، سەنئىتى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرى، پەلسەپە-ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، باي، رەڭگارەڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلانغان كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ۋە مېھماندارچىلىق قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەردىن XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

مەن تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يېمەك-ئىچمەك، تاماق-تۈرۈم مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئاز بولسىمۇ پايدىسى بولار دېگەن مەقسەتتە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان، يېمەك-ئىچمەك ۋە تاماق تۈرۈملەر ئىزاھلانغان بىر قىسىم سۆزلەملەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، تاماق-تۈرۈم مەدەنىيىتى جەھەتتىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشتىنلا ئىبارەت

خالاس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىكى ئۆرپ-ئادەت، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر. شۇڭا بۇ تېما داۋاملىق يورۇتۇلغۇسى.

ئەپەك (əpək) باللار تىلىدا «نان» دېمەكتۇر. ( I توم 92-بەت)

ئاش (ax) ئاش، غىزا، كۆنەلگۈمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ( I توم 110-بەت)

ئۇغۇت (uɣut) - بۇغداي شارابى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېچىتقۇ. بۇ ئېچىتقۇ بىرمۇنچە دورا-دەرمەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دورىلار ئارپا ئۇندۇرمىسىنىڭ ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر قىلىنىدۇ. بۇ خېمىر كېسىپ كومۇلاچ قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇغداي بىلەن ئارپا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ھېلىقى قۇرۇتۇلغان كومۇلاچنىڭ بىر دانىسى ئوبدان يانچىلىپ، قاينىتىلغان بۇغدايغا تەكشى سېپىلىدۇ، ئاندىن بۇ بۇغداي پاكىز بىر نەرسىگە ئورۇلۇپ، ئۈچ كۈنگىچە دۈملەپ قويۇلىدۇ، ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن تېخىمۇ ئوبدان دۈملىنىپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۆپكە سېلىنىپ ئون كۈن ساقلىنىدۇ، ئېچىپ يېتىلگەندە، ئۈستىگە سۇ قويۇلىدۇ. تىرىپى سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان سۇيۇقلۇق «بۇغداي شارابى» بولىدۇ. ( I توم 70-بەت)

ئۈۋا (uva) - بىر خىل غىزانىڭ ئېتى، گۈرۈچ قاينىتىلىپ سوغاق سۇغا سېلىنىدۇ، كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ شېكەر ۋە مۇز سېلىنىدۇ، بۇ غىزا سوغۇقلۇق ئۈچۈن يېيىلىدۇ. ( I توم 121-بەت)

ئىپرۇك (ipruk) - قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى. قۇرۇت ئىچكەنلىكتىن ئىچى قېتىپ قالغان ئادەمگە ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. ( I توم 137-بەت)

ئىگدۈك (igdük) - سۈت ۋە قېتىقتىن قىلىنغان سۈزمىگە ئوخشاش يېمەكلىك. ( I توم 142-بەت)

ئۇگرە (ugrə) - ئۇگرە. سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ چۈپتىن سۈلۈق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ. ( I توم 171-بەت)

ئۈسپۈرى (üsperi) - قوقاستا پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، توغراپ ياغقا سېلىنىپ، ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك. ( I توم 192-بەت)

ئۆزۈتما (uzitma) - ئۇيۇتما، قېتىق. ( I توم 195-بەت)

ئاۋزۇرى (avzuri) - بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق (قوشۇقلۇق نان) ( I توم 197-بەت)

توپ (top) - بىر خىل يېمەكلىك. بۇغداي سۇدا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ئارپا خېمىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قاچىغا سېلىنىپ، ئىسسىق يەردە بولدۇرۇلىدۇ، بولغاندىن كېيىن ئېلىپ يېيىلىدۇ. ( I توم 417-بەت)

سوغۇت (soɣut) - ھېسىپ. ئۈچەي ئىچىگە گۈرۈچ، گۆش ۋە دورا-دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك. ( I توم 462-بەت)

قۇرۇت (kurut) - قۇرۇت. سۈتتىن ئىشلەنگەن قۇرۇت ( I توم 462-بەت)

توقۇچ (tokuq) - توقۇچ . . . ( I توم 464-بەت)

كۆمەچ (kəməq) - كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان. ( I توم 467-بەت)

قىمىز (kimiz) - تۇلۇمدا ئېچىتىلىپ ئىچىلىدىغان يىلقا سۈتى ( I توم 474-بەت)

سۈرۈش (sürüx) - چۈرۈش. بۇغداي باشقىنى دېنى قېتىشتىن ئىلگىرى ئۈزۈۋېلىپ، ئوتتا پۇچۇلاپ، يانچىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك. ( I توم 477-بەت)

توپۇق (topik) — توپۇق. تىبق سىنكوك topik səŋuk قوينىڭ توپۇق سۆڭىكىدىن قىلىنغان غىزا. ( I توم 492-بەت)

قاناق (ķanaķ) ــ قايماق، ( I توم 498-بەت)

چۆرەك (Ɣerək) - توقاچ ( I توم 504-بەت)

باسان (basan) - ئارقا ئاش، ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان ئاش. ( I توم 518-بەت)

قاغۇت (ķaƔut) - تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ، كېيىن قورۇتۇلىدۇ، ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ. ( I توم 528-بەت)

سوقتۇ soķtu - ھېسىپنىڭ بىر خىلى. جىگەر بىلەن گۆش دورا-دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۈچەيگە تىقىلىدۇ، ئاندىن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. ( I توم 543-بەت)

سىنچۇ (sinqü) - گىردە بىلەن ھەممەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان، خۇيلىما. ( I توم 544-بەت)

ماندۇ (mandu) - بىر خىل تۇرك سىركىسىنىڭ ئېتى. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈزۈم سىركىسىنى كۆپتە ئېچىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ھاراق قۇيۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن سىركە بولۇپ چىقىدۇ، بۇ سىركىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ( I توم 548-بەت)

بۇخسى (buhsi) - بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ : قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغدايىنىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ. ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بولماقنى قۇيۇپ، شۇ پېتى ئېچىتىلىدۇ. تەييار بولغاندا بۇغدىيى يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ. ( I توم 551-بەت)

بەگنى (bəni) - بۇغداي، تېرىق ۋە ئارپىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان ئىچىملىك. ( I توم 565-بەت)

تارتىن (tartin) - سۇنۇلغان ئاش. باشقا ئۆيدىن كىرگەن تاماق، بىرەر سەۋەب بىلەن كەلگەن تاۋاق. ( I توم 567-بەت)

قاتما (ķatma) - ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان. ( I توم 564-بەت)

چۇقمىن (quķmin) - ھورنانىنىڭ بىر خىلى، نېپىز ۋە سىڭىشلىك كېلىدۇ. ( I توم 578-بەت)

كۆزمەن (kezmən) - كۆمەچ ( I توم 579-بەت)

ياماتا (yamata) - قۇيماق خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىپ چېلىنىدىغان بىر خىل خېمىر. سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گۆشنى قورۇغاندا ياكى كاۋاپ قىلغاندا، يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا شۇ خېمىر سۈرتۈلىدۇ. ( I توم 580-بەت)

پۈسكەچ (püskəq) - كاكچا. ( I توم 590-بەت)

تۇتماچ (tutmaq) - چۆپ. تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى. ( I توم 590-بەت)

بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن، ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن: زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا، ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغان، ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «bizni tutma aq» دەپ خىتاب قىلغان. ۋە بىزنى قويۇۋەت، يۇرتلىرىمىزغا كېتەيلى، دېگەن. زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ.

تۇتغۇچ (tutƔuq) - رەسمى تاماق ئالدىدا يېيىلىدىغان ئىشتەي ئېچىش غىزاسى. ( I توم 591-بەت)

كۈرشەك (kürxək) - سۆكنى سۇ ياكى سۈتتە قاينىتىپ، ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ يېيىلىدىغان بىر

خىل تاماق.

پۆشكەل (pəxkəl) ـ پوشكال، بىر خىل يۇپقا نان. ( I توم 628ـبەت)

توغرىل (toɤril) ـ قىزا. ئىچىگە دورا-دەرمەكلىك گۆش تىقىلغان ئۈچەي. ( I توم 629ـبەت)

بۇخسىم (buhsum) ـ بوزا. تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك. ( I توم 631ـبەت)

بۇلدۇنى bulduni ـ ئىچىگە قۇرۇق ياكى ھۆل ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك. ( I توم 640ـبەت)

قاقۇرغان ƙaƙurɤan ـ قاتلىما. ماي بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان. ( I توم 672ـبەت)

سارماغۇق sarmaɤuƙ ـ قۇشقاچ تىلى ئاش. سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى نوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. ( I توم 683ـبەت)

يازۇق yazuƙ ـ يىزقات yazuƙət ـ كۈزدە ھەر خىل دورا-دەرمەكلەر بىلەن قۇرۇتۇپ قويۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش. ( I توم 19ـبەت)

يۆرگەمەچ yərgəmaq ـ قېرىن ۋە ئۈچەينى ئىنچىكە ئۈچەيگە تىقىپ كاۋاپ قىلىپ ياكى پىشۇرۇپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك ھېسىپ. ( II توم 75ـبەت)

قور ƙor ـ قور، كۆنەلگە. بۇ قاچىنىڭ تېگىدە قالدۇرۇلغان ئازراق قېتىق ياكى قېمىز كۆنەلگۈسى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە سۈت قويۇپ قېتىق ئۇيۇتۇلىدۇ ياكى قېمىز ئېچىتىلىدۇ. ( II توم 168ـبەت)

سىم sim ـ سىمسىمراق SimSimraƙ ـ بىر خىل تاماق. باش پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇششاق توغرىلىپ، دورا-دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ، سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ. ( II توم 187ـبەت)

سامدۇي samduy ـ ئادەمنىڭ مىجەزىگە ئىسسىقمۇ كەلمەيدىغان، سوغۇقمۇ كەلمەيدىغان ھەر قانداق مۆتىدىل تاماق. ( II توم 331ـبەت)

قۇۋۇت ƙuwut، قاغۇت ƙaɤut دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇغۇتتا خۇنسىرىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق. قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدۇ. ( II توم)

قۇيما ƙuyma ـ قۇيماق. خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ، قازاندىكى ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ. ( II توم 239ـبەت)

قىيما ـ قىيما ئۈگرە، ƙiyma ügrə ـ قىيما ئۈگرە. سۇيۇقئاشنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭ خېمىرى قۇشقاچ تىلى قىلىپ كېسىلىدۇ. ( II توم 239ـبەت)

تو to ـ بۇلماقتا ئوخشاش پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ئۇن تاماق. ئۇ بىر قاچىغا سېلىپ ئېچىتىلغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ. ( II توم 287ـبەت)

لەتۈ lətü ـ بىر خىل سۇيۇق تاماق. بۇ تاماق سۇ، قار، مۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن سوۋۇتىلىدۇ. ئىچىگە دورا-دەرمەك سېلىنىپ، سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ( II يوم 326ـبەت)

سۆگلۈنچۈ səglünqü ـ كاۋاپ ( II توم 333ـبەت)

ئاغارتغۇ aɤartɤu ـ بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزغا ئوخشاش ئىچىملىك. ( II توم 600ـبەت)

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تاماق ـ تۈرۈملىرىگە دائىر سۆزلەملەردىن «ئوغۇت ‹oɤut› » (بۇغداي شارابى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېچىتقۇ)، بوزا (تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك) قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ XI ئەسىردىكى مەي مەدەنىيىتىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، قۇۋۇت (تۇغۇتتا خۇنسىرىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق)؛ سامدۇي (ئادەمنىڭ مىجەزىگە ئىسسىقمۇ كەلمەيدىغان سوغۇقمۇ كەلمەيدىغان ھەر قانداق مۆتىدىل تاماق)

؛ ئۇۋا (سوغۇقلۇق ئۈچۈن يېيىلىدىغان تاماق) قاتارلىقلار تاماق-تۈرلىرىنىڭ مەخسۇسلاشقانلىقىنى، ھەر خىل مىجەزگە قاراپ ھەر خىل تاماق يېيىشتىن ئىبارەت ئوزۇقلىنىش جەمئىيەتتىكى ئىنچىكىلىكلىشىشىنىڭ بولغانلىقىنى، توغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئالاھىدە كۈتۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بىزنى ئەينى ۋاقىتتىكى تاماق-تۇرمۇش مەدەنىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئىنچىكىلىكى جەھەتتىكى باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىدۇ.

باسان (ئارقا ئاش، ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان ئاش)؛ تارتىن (سۇنۇلغان ئاش، باشقا ئۆيدىن كىرگەن تاماق) قاتارلىق سۆزلەملەردىن ئالدىنقىسى ئەينى دەۋردىكى ئۆرپ، ئادەت جەھەتتىكى مەدەنىيەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى ئىناق قوشنىدارچىلىق قىلىش، ئۆزئارا ئادىمىگەرچىلىك، ئۆزئارا بىر بىرىنى يوقلاشتەك ئېسىل خىسلىتىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىلا ئۆزئارا تاماق سۇنۇشۇشتەك چوڭقۇر دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تاماق تۈرلىرى بولۇپمۇ، يالغۇز ناننىڭلا ھەر خىل بولۇشى (يەنى ئەپچەك ‹نان›، توقاچ، سىنجۇ ‹گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان، خۇيلىما›، قاتلىما، هورنان، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى نامايان ق لىپ بېرىدۇ. كاۋاپ ئاتالغۇسىنىڭ كۆرسىتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېلىھەم كاۋاپچىلىقتا دۇنياغا داڭلىق ئىكەنلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق كاۋاپنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا تەئەللۇق خاس مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

تۈركىي تىللار دىۋانىدا كۆرسىتىلگەن نۇرغۇن تاماق تۈرلىرى بىزدە هازىرمۇ ئەينەن ساقلانماقتا. مەسىلەن، كاۋاپ، قاتلىما، كاكچا، خۇيلىمانان، ھەمەك، ئۇگرە، چۆپ. . . قاتارلىقلار.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، XI ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان دەۋر بۆلگۈچ مەزگىل بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، تاماق-تۇرمۇش مەدەنىيىتىمۇ ناھايىتى گۈللەنگەن. يەنى يېمەك-ئىچمەك ۋە تاماق تۈرلىرى كۆپىيىپ مۇكەممەللەشكەن ۋە ئىنچىكىلەشكەن، ھەر خىل دورا-دەرمەكلەر بىلەن تاماق تەمىنىڭ تەڭشىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىلا يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە ناھايىتى زىللىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، مېھمانغا ئايرىم تاماقلارنىڭ ئېتىلىشى-ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىنلا ناھايىتى مېھماندوس خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇھىمى شۇكى، يېمەك-ئىچمەك تاماق-تۇرمۇش جەھەتتىكى بۇنداق چوڭقۇر ۋە كەڭ مەدەنىيەت بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى يۈكسەك چوققىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# «ماناس» ئېپوسىنىڭ ئېلىمىزدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

ئابدۇرەئۇپ پولات

قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى (ئېپوسى) «ماناس» ـ ئېلىمىزدە تىبەت خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «گېسار» ۋە موڭغۇل خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «جاڭغىر» بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ئۈچ بۈيۈك داستانىنىڭ بىرسى سانىلىپ، ھەمىشە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، خۇسۇسەن قىرغىز خەلقىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى ھېسابلىنىپ تەتقىق قىلىنىدۇ. ئېلىمىزدە «ماناس» داستانىنى تەتقىق قىلىدىغانلار يالغۇز قىرغىز ئالىملىرىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇيغۇر ئالىملىرى، قازاق ئالىملىرى، خويزۇ ئالىملىرى، شۇنداقلا خەنزۇ ئالىملىرىمۇ بار.

«ماناس» داستانى تەتقىقاتى ئېلىمىزدە ناھايىتىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئېلىمىزدىكى قىرغىزلارنى ئالساق، ئۇلارنىڭ خەلقى «ماناس» نى سۆيۈپ ئوقۇغانلىقى، ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى، خۇسۇسەن خاس ئالىملىرى «ماناس» نى قەدىرلەپ تەتقىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، يۈسۈپ مامايدەك پۈتكۈل سەككىز قىسىم «ماناس» نى تولۇق يادقا ئوقۇپ، مۇكەممەل ئورۇنلىيالايدىغان ماناسچى ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ماناس» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى. ئېلىمىزدە، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە، «ماناس» تەتقىقاتچىلىقى ھەقىقىي رەۋىشتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، كىشىنى خۇشال قىلارلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە كەلتۈرمەكتە. ئالايلۇق، «ماناس» داستانىنىڭ مەشھۇر ماناسچى يۈسۈپ ماماي ئوقۇغان تېكىست بويىچە رەتلەنگەن قىرغىزچە نۇسخىسى 1984-يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ھازىرغىچە، داستانىنىڭ «ماناس»، «سەمەتەي»، «سەيتەك» ۋە «كەنەنىم» قاتارلىق قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون يەتتە كىتاب نەشردىن چىقىپ بولدى. ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ 1991-يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. 1993-يىلى، يەنە ئۇرغالچا قىدىرباي ئەپەندىنىڭ تەييارلىشىدا، ئۇيغۇرچە نەسرىي شەكىلدە ئىشلەنگەن «ماناس» (مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ماۋزۇسى: قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىي قىسسىسى—ماناس) مۇ نەشر قىلىندى. ئۇندىن باشقا، 60-يىللاردىن باشلاپ ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان 80 نەچچە پارچە تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت قەھرىمانلىق تارىخىي داستانى ‹ماناس›»، «ماناس تەتقىقاتى ھەققىدە تەھلىل» ۋە «مىللىي قەھرىمان روھ — ماناس» قاتارلىق يىرىك خاس ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، «ماناس» تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى زامان ئېلىمىزدىكى يېڭى سىستېما پەللىسىنى ھاسىل قىلدى. بۇ يەردە يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزدە «ماناس» داستانى تەتقىقاتى بويىچە، پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ھالدىكى كەڭ سورۇنلۇق ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە، 1991-يىلى ئېلىمىز بويىچە «مەملىكەتلىك ‹ماناس› داستانى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە

يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. 1993-يىلى 10-ئايدا بولسا «خەلقئارالىق ‹ماناس› داستانى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مۇ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى تەشكىللىگەن «ماناس» ئېپوسى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى 1994-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە قىرغىزىستاندا خىزمەت زىيارىتى قىلىپ، ئۆزئارا تەجرىبىلەر ئۆگىنىش، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، ئۆزلىرىنىڭ «ماناس» تەتقىقاتى خىزمىتىنى خەلقئارا تەتقىقات ئىزىغا چۈشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەرنى قىلدى. بۇ پائالىيەتلەر ئەمەلىيەتتە، «ماناس» تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، «ماناس» تەتقىقاتچىلىرى قوشۇنىنى زورايتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ ۋە ئىجابىي روللارنى ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا.

ئۇندىن باشقا، ئېلىمىز «ماناس» تەتقىقاتچىلىقى تەتقىقات ئۇسلۇبى جەھەتتىمۇ خاس ئالاھىدىلىكلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلماقتا. مېنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى ئۆگىنىشىمچە، ئېلىمىزنىڭ «ماناس» تەتقىقاتچىلىقىدا ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى خىل ئۇسلۇب بار. ئۇنىڭ بىرسى، خاس تەتقىقات ئۇسلۇبى ياكى ئايرىم تەتقىقات ئۇسلۇبى، يەنە بىرسى بولسا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسلۇبى.

خاس تەتقىقات دېگىنىمىز، «ماناس» داستانىنىڭ ئۆزىگىلا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەتقىقاتتا، ئېلىمىزدىكى ئەدىبلەر ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن، تىلچىلار تىل نۇقتىسىدىن، فولكلورچىلار فولكلور نۇقتىسىدىن، تارىخچىلار بولسا تارىخ نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، «ماناس» داستانىغا قارىتا ئايرىم تەرەپلىمىلىك خاس تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. ئالايلۇق، «ماناس» تەتقىقاتچىسى، تىلشۇناس ماكەلەك ئۆمەربايى ئەپەندى يازغان «‹ماناس› داستانىدىكى تارىخىي مەنبەلەر توغرىسىدا»①، ئاتاقلىق «ماناس» تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور خۇجېنخۇا ئەپەندى يازغان «قىرغىزچە سۆزلۈك ماتېرىيالى — ‹ماناس›»②، مەرھۇم تەتقىقاتچى لى شاۋنيەن ئەپەندى يازغان «‹ماناس› — تىل مەدەنىيىتى مەنبەسىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»③ قاتارلىق ئەسەرلەردە، ئالىملار تىل ۋە تارىخ نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، «ماناس» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، خۇسۇسەن قىرغىز خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلە-ئايماقلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ۋە تىل تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغان بولسا، ئاسانباي ماتىلى ئەپەندى يازغان «قىرغىز خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى ‹ماناس›، تا تەسۋىرلەنگەن سېھرىگەرلىك ۋە رەممالىلىق ھەققىدە»④ ناملىق ئەسەردە بولسا قىرغىز خەلقىنىڭ فولكلورىغا ئائىت بىر قىسىم مەسىلىلەر يورۇتۇلغان. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق «ماناس» تەتقىقات ئالىمى لاڭ يىڭ ئەپەندى يازغان «‹ماناس›، نىڭ داستان قۇرۇلمىسى توغرىسىدا»⑤ بىلەن «‹ماناس›، داستانى ۋە قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»⑥ ناملىق ئەسەرلەردە، شۇنداقلا شاڭ شىجىڭ ئەپەندى يازغان «‹ماناس›، داستانىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا»⑦ ماۋزۇلۇق ئەسەردە، «ماناس» داستانى بىر ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى ئىجابىي، سەلبىي ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىش ئالاھىدىلىكلىرى، داستاننىڭ بايان تەرتىپى ۋە ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى، شۇنداقلا «ماناس» داستانىنىڭ قىرغىز خەلق ئەدەبىياتى ئومۇمىي سەھنىسىدە تۇتقان يۈكسەك ئورنى قاتارلىقلار ئىلمىي ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. يەنە لاڭ يىڭ ئەپەندى يازغان «‹ماناس›، داستانى ۋە شامان دىنى مەدەنىيىتى»⑧، خۇيزۇ ماناس تەتقىقاتچىسى جاڭ يەنپىڭ ئەپەندى يازغان «ئىپتىدائىي ئەقىدە ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمىي قىسسە-داستانلىرى» ماۋزۇلۇق ئەسەرلەرمۇ «ماناس» داستانىغا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلغان خاس تەتقىقاتلار جۈملىسىگە كىرىدىغان يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مۇھىم ئەمگەكلەر بولۇپ، بۇلاردا «ماناس» داستانى دىنىي ئەقىدە ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىنغان.

بىلىمىز «ماناس» تەتقىقاتچىلىقىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسلۇبى دېگىنىمىزدە، تەتقىقاتچىلارنىڭ قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» داستانى بىلەن ئېلىمىزدىكى تىبەت خەلقىنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى «گېسار» نى ۋە موڭغۇل خەلقىنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى «جاڭغىر» نى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلىدىغان تەتقىقات ئۇسلۇبىنى كۆزدە تۇتىمىز.

بىلىمىز ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، خۇددى «ماناس» داستانى يالغۇز قىرغىز خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭمۇ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسى ھېسابلانغىنىدەك، «ماناس» داستانى، «گېسار» داستانى ۋە «جاڭغىر» داستانلىرىنىڭ ھەممىسى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاسىيا خەلقىنىڭ، جۈملىدىن دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسى بولۇپمۇ سانىلىدۇ. بىراق، «ماناس»، «گېسار» ۋە «جاڭغىر» داستانلىرى ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيىلىك ماكان، ياشىغان زامان، دىنىي ئەقىدە، ھايات سەرگۈزەشتە ۋە مىللىي پسىخىكا جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئايرىم-ئايرىم ھالدىكى ئۈچ مىللەتنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلاردا ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگىلا تاللىق بولغان ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بىلىمىز ئالىملىرى «ماناس» داستانىنى «گېسار» ۋە «جاڭغىر» داستانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، مەزكۇر ئۈچ داستاندا، ئاقكۆڭۈل خەلق ئاممىسىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى پىدا قىلىدىغان خەلق قەھرىمانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تۈپكى ئوخشاشلىقىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاندىن باشقا، دىنىي ئەقىدە، دۇنيا قاراش ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈش جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن داستانلاردا ئىپادىلەنگەن روشەن ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىكلەرنىمۇ تېپىپ چىققان. ئۇلار ھېس قىلغان مۇھىم ئۆزگىچىلىكلەر دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە.

«ماناس» داستانىدىكى ماناس خەلقتىن تۇغۇلغان، خەلق ئىچىدە ئۆسكەن، يۈكسەك قۇدرەت، يېتۈك ئىقتىدارغا ئىگە خەلق قەھرىمانى قىلىپ يارىتىلغان. گەرچە ئۇنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتى «ئۇ ئات سېلىپ جەڭگە ماڭسا، بىر جۈپ بۆرە بالىسى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىدە شوخشۇپ تۇرغان، يىرتقۇچ يولۋاس ئۇنىڭغا يول ئېچىپ ماڭغان، زور ئىككى ئېيىق ئىككى ياندا ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇپ چېپىپ تۇرغان، زور چىپار يىلان بولسا، ئۇنىڭ بېلىگە مەھكەم يۆگىشىپ ئۇنىڭغا كۈچ بېرىپ تۇرغان، كەينىدىن بىر توپ كىيىك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈگرەپ كېلىۋاتقان، . . . ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ زەرب بىلەن چاپىدىغان بولسا دۈشمەنلەرنىڭ كاللىسى خۇددى ئورالغان بۇغداي بېشىدەك ئۈچۈپ چۈشىدىغان، ئۇنىڭ كەينىدە جەسەتلەر خۇددى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كېتىدىغان؛ ئۇ غەزەپكە كېلىپ نەرە تارتقىدەك بولسا دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغان» كۆپتۈرمە ھالەت بىلەن تەسۋىرلەنسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىلاھ ئەمەس، بەلكى بەندە، بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قەبىلە باشلىقى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ داھىسى بولۇشتىن ئىبارەت سەردار ئىنسان سىياقى باشتىن ئاخىر ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، قەھرىمانلارنىڭ تەقدىرىي ئاقىۋىتى جەھەتتە.

«ماناس» داستانىدىكى قەھرىمان ماناس بولسا بىپايان كەڭ كەتكەن يايلاقنى ماكان قىلغان قىرغىز خەلقىنىڭ ئوغلى، يەنى سېپى ئۆزىدىن بىر ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىدا، ئىنسان بېشىدىن كەچۈرىدىغان تۈرلۈك تۈمەن مۇشەققەتلەرگە، قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قۇدرەت ۋە ئەقىل-پاراسەتكە تايىنىپ، خەلقنىڭ سەردارى، خەلق پالۋانلىرىنىڭ قوماندانى بولۇشقا مۇناسىپ جاسارەت، چىدام ۋە ئىدراك بىلەن مۇشكۈللەرنى يېڭىپ، يېڭىدىن يېڭى غەلىبىلەرنى

قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىردا، دۈشمەننىڭ نامەردلىكى، قوۋ-ھىيلىگەرلىكى تۈپەيلىدىن قىلتاققا چۈشۈپ قېلىپ، باتۇرانە قۇربان بولىدۇ. ماناس شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سەمەتەي قەھرىمان ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بويلاپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭ دۈمبىقىنى قايتا ياڭرىتىدۇ. دېمەك، «ماناس» داستانىدا، قەھرىمان ماناسنىڭ تەقدىرى ئاقىۋىتى گەرچە ئەپسۇسلىنارلىق تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭ تىز يۈكمەس روھىغا ئوغلى سەمەتەينىڭ ۋارىسلىق قىلىپ، زوراۋانلىققا قارشى جەڭنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىق بايانى ئارقىلىق، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، خۇسۇسەن قىرغىز خەلقىنىڭ ئالدىنقىلار يىقىلسا، كېيىنكىلەر ئىز باسىدىغان، يۇقىرىلارنىڭ ئەركىنلىكى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى جەڭنى ھەرگىز توختىتىپ قويمايدىغان باش ئەگمەس قەھرىمانلىق مىللىي خاراكتېرى روشەن گەۋدىلەنگەن.

ئېلىمىز ئالىملىرى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، «ماناس» داستانىنى «قويۇق تۈرمۇش پۇرىقى بىلەن تراگېدىيە گۈزەللىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان نادىر ئەسەر» دەپ باھالايدۇ.

ئۈچىنچى، داستانغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئورۇنداش جەھەتتە.

تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، «ماناس» داستانى، ئۇ ھازىر دۇنيادا بىردىنبىر پۈتكۈل تېكىستىنى تولۇق ئورۇندىيالايدىغان كەسپىي داستانچىسى بار چوڭ ھەجىملىك تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى ھېسابلىنىدۇ. مەشھۇر ماناسچى يۈسۈپ ماماي دۇنيا بويىچە يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەھرىمانى بولۇپ، ئۇ سەككىز قىسىملىق «ماناس» داستانىنىڭ جەمئىي ئىككى يۈز ئوتتۇز مىڭ مىسرا بېيىتىنى تولۇق يادقا ئوقۇپ ئورۇندىيالايدۇ. (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى تولۇق يادقا ئوقۇپ، بىر قېتىم ئورۇنداش ئۈچۈن بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت كېتىدۇ).

ئورۇنداش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، «ماناس» داستانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بولسا ھېچقانداق دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشكە ھاجەت تۇغۇلمايدۇ. قايسى ماناسچى قانداق چاغدا داستاننى ئورۇنلىماقچى بولسا ئەركىن-ئازادە ئورۇنلاۋەرسە بولىدۇ. مانا بۇ «ماناس» داستانىنىڭ ئاممىباپلىقى، ماناس ئوبرازىنىڭ خەلق قەلبىدە بىر ئىلاھ ئەمەس، بەلكى بىر ئىنسان، ھەر قانداق چاغدا ئەسلەپ، يادلاپ، ئۇنىڭ ھەققىدىكى نەزمىلەرنى ئوقۇپ، شانلىق ئوبرازىنى ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلسا بولىدىغان بىر پالۋان ئەجداد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«ماناس» داستانى، پۈتۈنلەي پاساھەتلىك نەزمە بىلەن پۈتكەن بولۇپ، بۇ مەزكۇر داستاننىڭ بەدىئىي گۈزەللىكىنى تەڭداشسىز دەرىجىگە كۆتۈرگەن.

تۆتىنچى، داستاننىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى بىلەن ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات تۈزۈلمىسى جەھەتتە.

«ماناس» داستانىدا قەھرىمان ماناستىن باشقا، ئۇنىڭ ئوغلى سەمەتەي، ئارقىدىن سەمەتەينىڭ ئوغلى، ماناسنىڭ نەۋرىسى سەيتەك، يەنە ئارقىدىن سەيتەكنىڭ ئوغلى، ماناسنىڭ چەۋرىسى كەنەنىمنىڭ پائالىيەتلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى، خۇددى ئايىقى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك تەبىئىي ۋە راۋان بايان قىلىنىپ، قىرغىز خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق شەجەرىسى تولۇق ۋايىغا يەتكۈزۈلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنى ئوقۇغان ۋە ئوقۇغاننى ئاڭلىغان ئادەمگە، ماناس گەرچە قەھرىمانلارچە شېھىت بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قېنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بىۋاستە ئەۋلادلىرى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ياشاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس راست، ماناس بولغان، ماناس بىزنىڭ تارىخىمىز» دېيىشى پۈتۈنلەي ئەقىلگە سىغىدۇ.

مىنىڭچە، ئېلىمىزدە «ماناس» داستانىنىڭ «گېسار» ۋە «جاڭغىر» داستانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە، «ماناس» داستانىنىڭ ئۆزگىچىلىك ۋە ئالاھىدىلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى

قىممەتكە ئىگە قىلدى ۋە قىلماقتا. ھالبۇكى، بۇ خىل سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ تەڭداشسىز تەۋەرۈك مىراس «ماناس» داستانىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇمىزنى ئۇلغايتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ بىزنى «ماناس» داستانىنى قەدىرلەپ ياخشى ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزغا، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئېسىل روھقا ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ئۈندىمەكتە.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزدە «ماناس» داستانىنىڭ تەتقىقاتى ئۇنىڭ قوينىدا يولغا قويۇلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى ۋە ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەش، ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىش دولقۇنىغا ماس ھالدا، تازا گۈللىنىش پەيتىدە تۇرماقتا. بۇ ــ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي ھاياتى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە شەرەپلىك بىر ئىش، ئەلۋەتتە.

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە 1995-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەنقەرە، كونيا ۋە بولۇ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تارىخىي داستان ‹ماناس› ۋە ئۇنىڭ تەسىرى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «‹ماناس› داستانىنىڭ 1000-يىللىقى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا لېكسىيە قىلىنغان.

## ئىزاھلار:

---


① ماكەلەك ئۆمەربايى: «‹ماناس› داستانىدىكى تارىخىي مەنبەلەر توغرىسىدا» («غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1990-يىل 2-سان).

② خۇجېنخۇا: «قىرغىزچە سۆزلۈك ماتېرىيالى ـ ‹ماناس›» («مىللەتلەر فىلولوگىيىسى» ژۇرنىلى 1988-يىل 4-سان)

③ لى شاۋنىيەن: «‹ماناس› ــ تىل مەدەنىيىتى مەنبەسىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1994-يىل 4-سان)

④ ئاسانباي ماتىلى: «قىرغىز خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى ‹ماناس› تا تەسۋىرلەنگەن سېھىرگەرلىك ۋە رەممالىق ھەققىدە» («غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1991-يىلى 2-سان)

⑤ لاڭ يىڭ: «‹ماناس› نىڭ داستان قۇرۇلمىسى توغرىسىدا» («مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1989-يىلى 5-سان)

⑥ لاڭ يىڭ: «‹ماناس› داستانى ۋە قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» («خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1990-يىل 2-سان)

⑦ شاڭ شىجىڭ: «‹ماناس› داستانىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا» («خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1987-يىل 1-سان)

⑧ لاڭ يىڭ: «‹ماناس› داستانى ۋە شامان دىنى مەدەنىيىتى» («خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1987-يىل 1-سان).



(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى)



مەسئۇل مۇھەررىر: رەشىدە مامۇت

# باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدائەسلىدە بار بولغان سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈش قائىدىلىرى ھەققىدە

كۇرەش تاھىر

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر (كەلىپ چىقىشى جەھەتتىن قارىغاندا) ـــ تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان سۆزلەر ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان سۆزلەر بىلەن باشقا تىللاردىن ـــ ئەرەب، پارس، خەنزۇ، موڭغۇل، رۇس تىللىرىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تەشكىل قىلىدۇ. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر يۇتۇنلەي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك قائىدىلىرىگە شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرۇلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار ئىكەنلىكى ياكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ئىكەنلىكىنى ئايرىش تەس بولۇپ قالدى. ئۇندىن باشقا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بىر قەدەر كۆپ بولۇشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى باشقا تىللاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە تەبىئىي قىزىقىش جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى ئېنىقلاش مەسىلىسى ـــ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈش مەسىلىسى پەيدا بولدى ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرلىكىنى بارغانسېرى ئىپادىلىدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر بىلەن فونېتىكا، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تىل مەنسۇبىيەت بەلگىلىرىنى بايقاشقا بولىدۇ. بۇ تىل مەنسۇبىيەت بەلگىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار سۆز ياكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈش قائىدىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تىل مەنسۇبىيىتىگە ھۆكۈم قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈش قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا ئادەتتە ب، د، ج قاتارلىق جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار كەلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ئاخىرى بۇ تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھېساب، سىماب، باج، ئىلاج، ئىجاد، ئىقتىساد

2. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇ تاۋۇشى كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا ئۇچرايدۇ. لېكىن سۆز بېشىدىكى ك، گ قاتارلىق ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن كېيىن ئو تاۋۇشى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

كور، كوچا، كورۇپكا، گول، گويا، گومۇش

3. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى ق تاۋۇشىدىن كېيىن ئە تاۋۇشى ئۇلىنىپ كەلمەيدۇ. سۆز بېشىدىكى ق تاۋۇشىدىن كېيىن ئە تاۋۇشى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

قەبرە، قەدەم، قەترە، قەدەھ، قەدىر، قەلەم

4. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلار ئارقا-ئارقىدىن ئۇلىنىپ كەلمەيدۇ. تەركىبىدە ئارقا-ئارقىدىن ئۇلىنىپ كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلار بار بولغان سۆزلەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

مائارىپ، سوئال، سائادەت، شوئار، مۇئەللىم، سائەت

5. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر ئىچىدە پەقەت «شار، ژالڭ، گۈپ، تالڭ، تاق، زىلڭ، لۇق» قاتارلىق تاق بوغۇملۇق سۆزلەرلا تۈرلەنگەندە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش تەكرارلىنىدۇ، باشقا تاق بوغۇملۇق سۆزلەر تۈرلەنگەندە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش تەكرارلانمايدۇ. تۈرلەنگەندە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش تەكرارلىنىدىغان تاق بوغۇملۇق سۆزلەر ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھەق (ھەققى)، ھېس (ھېسسىي)، قەد (قەددى-قامەت)، خەت (خەتتات)، دەل (دەللىمەك)

6. سۆز ئاخىرىدىكى ئۇزۇك سوزۇق تاۋۇش «ئا» دىن كېيىن «ھ» تاۋۇشى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

گۇنا ← گۇناھ ← گۇناھى، سىيا ← سىياھ ← سىياھى، سەيىيا ← سەيىياھ ← سەيىياھى، سەيلىگا ← سەيلىگاھ ← سەيلىگاھى

7. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەردە قوشما ئۇزۇك تاۋۇشلار سۆز بېشىدا كەلمەيدۇ. قوشما ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەر رۇس تىلى ياكى رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: پراكتىكا، پروتون، پرىنسىپ، پسىخولوگ، تراكتور، تراگېدىيە، ترانسپورت، دراما، ستراتېگىيە، ستاژ، كران، شتات، ستاتىستىكا.

8. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنىڭ بېشىدا پ، د، ف، ز، ل، ش، م، ن، ر، ج، خ، ھ، ژ، ڭ، غ، ۋ قاتارلىق 16 ئۇزۇك تاۋۇش كەلمەيدۇ. بۇ ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: پائالىيەت، پاخال، داستىخان، دەريا، فامىلە، فوند. زادى، زوراۋان، لازىم، لەرزان، شاراب، شەرت، ماكان، مەنبە، نادان، نەمۇنە، راھەت، رەسىم، جەۋلان، جاھالەت، خاتا، خىجىل، ھاجەت، ھەجىم، ژۇرنال، ژانىر، گادايى، گەپ، غەرەز، غۇرۇر، ۋاراق، ۋەتەن.

9. تۈركىي تىللاردا قوشما ئۇزۇك تاۋۇشلار سۆز ئاخىرىدا كېلىدۇ، قوشما ئۇزۇك تاۋۇش ئىچىدە بىرىسى چوقۇم قوۋۇز تاۋۇشى، تىترىگۈچى تاۋۇش، دىماق تاۋۇشى ۋە يېرىم سوزۇق تاۋۇشلاردىن بولۇشى كېرەك. تۈركىي تىللاردا قوشما ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش شەكلى مۇنداق 12 خىل بولىدۇ:

لپ، لت، لك، لق، نچ، نت، رك، رق، رچ، رس، رت، ري. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار

بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار مۇنداق 6 خىل: ست، يت، رت، لد، رق، نچ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدىغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار جەمئىي 40 خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن باشقا قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (تەقلىد سۆزلەر بۇنىڭ سىرتىدا) مەسىلەن: دەرد دەۋر شەخس نەپس تەپت بەرگ بەخت خەلق ئەكس چەرخ ھەرپ ئەرش تەكت قەلب جىنس قەرز كەسىپ رىسق مەۋج خەۋپ لەۋز كەشپ نەشر دەشت ئىشق شەيخ مەيل كەيپ خەير پەيت ئەيش پەيز ئەھد.

10. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاساسىي بوغۇم تۈزۈلۈش شەكلى تۆۋەندىكىدەك 6 خىل بولىدۇ. (C ھەرپى ئۈزۈك تاۋۇشنى، V ھەرپى سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ.) مەسىلەن: ①V: ئۇ ②CV: ئات، ئوق ③VC: بۇ، سۇ ④CCV: ئېيت ⑤CVC: بار، تاغ ⑥CCVC: دەرس، دوست.

ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل بوغۇم تۈزۈلۈش شەكلىدىن باشقا بوغۇم تۈزۈلۈش شەكلىگە ئىگە سۆزلەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ①VCC: پروتوتىپ، ستاكان. ②CCVCC: ترانسپورت، فرونت ③CVCC: پلان، براك، تراكتور، خروم ④CVCCC: ستروكتۇرا ⑤CCCVC: تېكست، پونكت ⑥CCCV: گېرنىست.

11. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، «ئې» تاۋۇشى پەقەت تۈپ سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىلا كېلىدۇ. ئەگەر «ئې» تاۋۇشى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىن باشقا بوغۇملاردا كەلسە، بۇ سۆزلەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاكادېمىك، فونېما، ئوپېرا، بالېت، كونسېرت، ئىنژېنېر، رازۋېتكا، ئوردېن.

12. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئو» تاۋۇشى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا كەلسە، ئاخىرقى بوغۇملىرىدا «ئو، ئا» ياكى «ئى» تاۋۇشى كېلىدۇ، «ئو» تاۋۇشى كېيىنكى بوغۇملاردا كەلمەيدۇ. ئەگەر «ئو» تاۋۇشى سۆزنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىدا كەلسە، بۇنداق سۆزلەر رۇس تىلى ياكى رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: فوسفور، دوكتور، ئوبوروت، كوررېكتور، ناركوز، ئىمپورت، فېئودال، لېكتور.

13. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەركىبىدە ف، غ، ھ، ج قاتارلىق تاۋۇشلار بار بولغان سۆزلەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (تەقلىد سۆزلەر ۋە ئىملىق سۆزلەر بۇنىڭ سىرتىدا) مەسىلەن: ئېغىر، ئافغان، ئېغىدىرىن، ئىختىيار، مەخلۇقات، شەخسىي، ئىلھام، مەھبۇس، ناھىيە، ۋاجىب، ئەجەل، تاجاۋۇز.

14. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالدى قوشۇمچىلار ئىچىدە «بى-، دەر، با-// بە-»، قاتارلىق قوشۇمچىلار ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسىيالمايدۇ. شۇڭا بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىئارام، بىپايان، بىباھا، بىنەم، دەرۋەقە، دەرھال، دەرغەزەپ، دەرگۇمان، بەھوزۇر، بەزەپ، بەدۆلەت، بەقۇۋۋەت.

15. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئارقا قوشۇمچىلار ئىچىدە «ئىي، ۋىي، - ىي، -ئىيەت، -ئات //-ئەت، ئان//-ئەن» قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسىيالمايدۇ. شۇڭا بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

سىياسىي، ئەدەبىي، زامانىۋىي، پارتىيىۋىي، سەدايى، سەھرايى، مەجبۇرىيەت، ھاكىمىيەت، سەرپىيات، تەقسىمات، جەسۇرانە، غەييۇرانە، ھەقىقەتەن، خۇسۇسەن.

16. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «-ئىست، -ئىزم، لوگ، -لوگىيە، ئىك، -ئىكا، -ئال، -ئور، -سىيە، ئىيە-، ئىپ، ئانت» قاتارلىق سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئەزەلدىن بار بولغان سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسىيالمايدۇ، بۇ خىل قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى رۇس تىلى ياكى رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقئارا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: كوممۇنىست، ماشىنىست، رېئالىزم، لىبېرالىزم، ھېئولوگ، ئارخېئولوگ، فىزىئولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، مېخانىك، ئاكۇستىك، دېموكراتىك، كلاسسىك، لېكسىكا، لوگىكا، ئاكتۇئال، ئىنتېرناتسىئونال، كاتالىزاتور، كوررېكتور، فېدېراتسىيە، كوپېراتسىيە، گېرمانىيە، نىگېرىيە، ئاكادېمىيە، كاتېگورىيە، ئاكتىپ، كوللېكتىپ، كۇرسانت، لابورانت.

17. ئابستراكىت مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بەزى سۆزلەر «بول، قىل» ياردەمچى پېئىللىرى بىلەن بىرىكىپ مۇرەككەپ پېئىل يىلتىزلىرىنى ياسايدۇ. بۇنداق سۆزلەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. («قىلماق» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ مۇرەككەپ پېئىل يىلتىزى ياسىغان تەقلىد سۆزلەر بۇنىڭ سىرتىدا) مەسىلەن: مەغلۇب بول، مەغلۇب قىل، ھالاك بول، ھالاك قىل، مۇپتىلا بول، مۇپتىلا قىل.

باشقا تىللاردىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تىل مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ مەھسۇلى. بۇ خىل تەسىرنىڭ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى مۇھىم ئىپادىلىرى شۇكى، ئۇيغۇر تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ فونېتىك سىستېمىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىغىز تىلى ياكى يېزىق تىلى ۋە ياكى ئىككىنچى بىر تىلنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىكى فونېتىك شەكلى بويىچە زاھىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك قۇرۇلمىسىغا بويسۇندۇرۇلدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان قوشۇمچىلار قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆزلەرنى ياساپ قالماستىن يەنە ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرگىمۇ قوشۇلۇپ يېڭى سۆزلەرنى ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگىمۇ قوشۇلۇپ يېڭى سۆزلەرنى ياسىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى ۋە سۆز ياساش ۋاستىلىرى كېڭەيتىلدى.

بۇ ئامىللار يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تىل مەنسۇبىيەت بەلگىلىرىنى بايقاش ئىمكانىيىتىنى كىچىكلىتىدۇ. شۇڭا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن چەكلىك قائىدىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر قانداق سۆزنىڭ تىل مەنسۇبىيەت بەلگىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالىشى ناتايىن. تىل تەتقىقاتى چەكسىز تىل ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان چەكلىك قائىدىلەرنى تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىزدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش قائىدىلىرىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش تارىخىدىن كونكرېت سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
تىل تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: رىشىدە مامۇت

# رېئال گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

## سەنئەت ھوشۇر

رېئال گۈزەللىك-گۈزەللىك تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، رېئال تۇرمۇش خىلمۇ-خىل، چەكسىز، مۇرەككەپ بولىدۇ، شۇڭا رېئال تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكمۇ مول، رەڭگا-رەڭ بولىدۇ. رېئال گۈزەللىك-ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي شەيئىلەردىكى گۈزەللىكنى، تەبىئىي شەيئىلەردىكى گۈزەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رېئال گۈزەللىكنىڭ ئاساسى تەركىبى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكتىن ئىبارەت. گۈزەللىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ۋە خىلمۇ خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئىجتىمائىي گۈزەللىك يارىتىشنىڭ ئاساسى.

ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇنى ئىجتىمائىي شەيئىلەرنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئادەم گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئادەم گۈزەللىكى-ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي گۈزەللىك ئادەم گۈزەللىكىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرساق، ئادەمنىڭ ئومۇمىي گۈزەللىكىنى ئۇرۇقچا دېسەك، خاراكتېر گۈزەللىكى ئۇنىڭ مېغىزىدۇر، چۈنكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەمنى يادرو قىلىدۇ، گۈزەللىك ئادەم ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار يەنە گۈزەللىك يارىتىش يولىدا ئىشلەيدۇ، ئۆگىنىدۇ، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ پائالىيىتى — ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىلا ئەمەس، پۈتكۈل گۈزەللىكنى يارىتىشتىكى يادرو ھېسابلىنىدۇ. گۈزەللىك ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، خىزمەت، ئۆگىنىش، ئىجتىمائىي ئالاقە، دوستلۇق، مۇھەببەت قاتارلىق پائالىيەتلىرى بىر خىل تۇرمۇش شەكلى سۈپىتىدە ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلغاچقا، بۇ ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

رېئال گۈزەللىك-پۈتكۈل ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى گۈزەللىك بولۇپ، رېئاللىقتا ھەر خىل گۈزەل شەيئىلەر، ھادىسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. رېئال گۈزەللىك ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي گۈزەللىك بىلەن تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپلا قالماستىن بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن باغلىنىدۇ ۋە پەرق قىلىدۇ. ئىجتىمائىي گۈزەللىك بىلەن تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ پەرقى: تەبىئىي گۈزەللىك — تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىكى گۈزەللىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىيلىق — ماھىيەتتە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي شەيئىلەرنىڭ گۈزەللىكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ گۈزەللىكى بولۇپ،ئۇنىڭ گۈزەللىكى مەزمۇنىدا ئىپادىلىنىدۇ.

تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن تەبىئىي شەيئىيلەرنىڭ تەرەققىياتى مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئوبيېكتىپ

تەبىئەت قانۇنىيەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئىجتىمائىي گۈزەللىك ئىجتىمائىي شەيئىيلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئايرىلالمايدۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا ماسلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئىجاد قىلىش ئاساسىدا گۈزەللىك يارىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي گۈزەللىك مۇقەررەرلىك بىلەن ئەركىنلىكنىڭ بىرلىكىدىكى گۈزەللىك ھېسابلىنىدۇ. تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ يۇقىرىقىدەك ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ھەر قايسىسىدىن ئالغان ئېستېتىك تۇيغۇسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى، شۇنداقلا «گۈزەللىكنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە يارىتىش»نىڭ ئەڭ تۈپ مەزمۇنى، روشەنكى رېئال گۈزەللىك يارىتىش گۈزەللىك يارىتىشتىكى ئالدىنقى ساھە، رېئال گۈزەللىكنىڭ ئورنى ۋە ئەھمىيىتى ئاساسەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، رېئال گۈزەللىك يارىتىش ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك يارىتىشىدىكى ئالدىنقى ساھە. گۈزەللىك يارىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن باشلانغان ھەمدە شۇ ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەمگەك قوراللىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى يارىتىقاندىن باشلاپلا، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئىستېمال قىممىتىدىن باشقا ئېستېتىك قىممىتىنىمۇ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش كۈرەشى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەپلىك ھەم كۆركەم يېڭى تاش قوراللارنى ياساپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتنى نامايان قىلدى. كېيىنچە ئادەملەرنىڭ گۈزەللىك يارىتىش پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، گۈزەللىك ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ بەردى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەر ئەمگەكنى گۈزەللىك بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان، گۈزەللىككە ئاڭلىق ئىنتىلىدىغان، گۈزەللىكنى ئاڭلىق ئىجاد قىلىدىغان بولدى. ئەمگەك-تۇرمۇش جەريانىدا گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى يارىتىش — ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك يارىتىشىدىكى مەنبە ۋە مۇقەددىمىدۇر.

2. رېئال گۈزەللىك بىلەن سەنئەت گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، رېئال گۈزەللىك سەنئەت گۈزەللىكنىڭ ئاساسىي مەنبەسىدۇر.

رېئال گۈزەللىك ھەر قانچە جانلىق بولسىمۇ، سەنئەت گۈزەللىكنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، سەنئەت گۈزەللىكى سەنئەتچىنىڭ گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئېلىپ بارغان ئاڭلىق ئىجادىيىتىنىڭ تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرۈشىنىڭ مەھسۇلى، رېئال گۈزەللىك ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، سەنئەت گۈزەللىكنى بولسا، مۇشۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ سۇبيېكتىپ ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى، گۈزەللىكنىڭ ئىجادىي ئىنكاسى. سەنئەت گۈزەللىكى-ئېستېتىك سۇبيېكتىپ لەززەت ئالىدىغان بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماھىيەتتە ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنكاسى، ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ياتىدىغان نەرسە. سەنئەت ئەسەرلىرى ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا يارىتىلغان رېئال گۈزەللىك يارىتىشنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىدۇر. شۇڭا سەنئەت گۈزەللىكى رېئال گۈزەللىكتىن كېلىدۇ. رېئال گۈزەللىك سەنئەت گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى، تۈپ مەنبەسىدىن ئېيتقاندا، تۈرلۈك بەدىئىي مەھسۇلات ياكى سەنئەت گۈزەللىكى-ئىنسانلارنىڭ رېئال گۈزەللىك يارىتىش پائالىيىتىنىڭ ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت، رېئال گۈزەللىك بولمىسا سەنئەت گۈزەللىكمۇ بولمايدۇ.

3. ئېستېتىك پائالىيەت ئەمەلىيىتىدىن ئالغاندىمۇ، كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك بىلەن ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىدۇ. سەنئەت گۈزەللىكى رېئال گۈزەللىككە قارىغاندا تۇرمۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇر،

تېخىمۇ مەركەزلىك، تېخىمۇ يۈكسەك ئەكس ئەتتۈرگەچكە، ئۇنىڭ ئىستېتىك قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. سەنئەتنىڭ دائىرىسى چەكسىز، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەيكەللەر، مۇزىكىلاردىن تاشقىرى يەنە نازۇك-نەپىس ئۇسسۇللار، كۆكۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان تاغ-دەريا، گۈل-گىياھ رەسىملىرى، كۆپ خىل ئۇسخىدىكى خۇشخەتلەر، مەنىلىك ئىشلار، ماھارەتلىك ھۈنەر سەنئەت بۇيۇمى قاتارلىقلار بىزگە ئىستېتىك تەسىر بېرىپ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدۇ، ھاردۇقىمىزنى چىقىرىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چەكلىملىكى تۈپەيلى، رېئاللىق بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، رېئال گۈزەللىك ئۈزلۈكسىز بېيىپ، ئالاقىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ ۋە قويۇقلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئال گۈزەللىكنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنئەت گۈزەللىكنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش — سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتتە نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، جۈملىدىن، بەدىئىي ئىستېدات، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، ئىستېتىك ھەۋەس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سەنئەت گۈزەللىكىدىن بەھرى ئېلىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوبيېكتىپ جەھەتتىنمۇ نۇرغۇن ماددىي شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، تۇرمۇشتا كىشىلەر سەنئەت گۈزەللىكىگە قارىغاندا رېئال گۈزەللىك بىلەن تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ كەڭ ئۇچرىشىدۇ. شۇڭا كىشىلەر رېئال گۈزەللىكتىن ھەر قاچان ئايرىلىق ياكى ئايرىلماس ھالدا بەھرى ئېلىپ، رېئال گۈزەللىك يارىتىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ)

مەسئۇل مۇھەررىر: رەشىدە مامۇت

# 目录

新疆经济发展效益分析 …… 武英杰 任忠光
新疆投资方向与布局的选择 …… 崔光莲
论培养各族科技人员的必要性 …… 努尔东·库尔班
抓住历史机遇　加快我区乡镇企业产业结构的调整 …… 吾买尔·拜克力
新疆与内地经济差距及其基本原因 …… 伊力哈木·亚森
试论邓小平民族理论体系的主要内容 …… 木扎帕尔
新疆史前文化 …… 陈 戈
柔然汗国的兴亡 …… 薛宗正
新疆近代采矿业 …… 阿·沙衣拉米
清代维吾尔族的封建农奴制 …… 努如拉
古代畏兀儿插图艺术对西亚的影响 …… 玉素甫江
试探古代于阗绿洲变迁 …… 尼扎米丁
蒙古统治时期两位西域穆斯林政治家—牙剌洼赤与马思忽惕 …… 陈国光
著名史学家沙·马哈木·楚剌思 …… 吐尔逊
西域袄教考述 …… 高永久
摩尼教在回纥中的传播 …… 艾尔肯
一件摩尼教寺院文书的研究 …… 司·铁木尔
“宗教热”对整个世界的影响 …… 艾合买提江
从《突厥语大词典》看古代维吾尔族的服饰文化 …… 塔伊尔江
从《突厥语大词典》看古代维吾尔族的饮食文化 …… 康拜尔妮沙
我国“玛纳斯”研究综述 …… 阿·甫拉提
维语外来词区别方法初探 …… 库来西

主编：阿不来提·努尔东　　顾问：阿不都秀库尔·吐尔地

《新疆社会科学》（维吾尔文）
新疆维吾尔自治区社会科学院主办
《新疆社会科学》维文编辑部编辑出版
（乌鲁木齐市北京路 16 号）
邮编：830011　　电话：3837937
全国各地邮局订阅零售
广告经营许可证、工商广告第 0100563
国际标准刊号：ISSN1002—9052
国内代号：58—81
国内统一刊号：CN65—1038/C
定价：2.50 元

باشقۇرغۇچى:شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
نەشىرقىلغۇچى:شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرناللىرى نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى بېيجىڭ جەنۇبىي كوچىسى 16_قورۇ
تېلېفون نومۇرى : 3837937 پوچتا نومۇرى:830011
تېكىستى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ئېلان تىجارىتى گۇۋاھنامىسى نومۇرى : 0100563
خەلقئارا ئورتاق نومۇرى :ISSN1002—9052
دۆلەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى : CN65—1038/C
ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى : 58_81
باھاسى 2.50 يۈەن